مەھمۇت قەشقەرى

# تۈركى تىللار دىۋانى

## ئىككىنچى توم

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەھمۇت قەشقەرى

# تۈركىي تىللار دىۋانى

## ديوان لغات الترك

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

2008 خەلقئارا مەھمۇت قەشقەرى يىلىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز

ئورخۇن ئۇيغۇر تارىخى تور بېتى

http://www.orkhun.com/bbs

## محمود كاشغرى

# ديوان لغات الترك

## جلد ٣

ئېل كىتاپ تەييارلىغۇچى: ئورخۇن ئۇيغۇر توردىن ياۋۇز

اورومجى ١٤٠٣

http://www.orkhun.com/bbs

مەھمۇت قەشقەرى

# تۈركى تىللار دىۋانى

## (دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك)

### ئىككىنچى توم

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۈرۈمچى 1983

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيۇشتۇرغان «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى نەشرگە تەييارلاش گۇرۇپپىسى نەشرگە تەييارلىدى.

## نەشرگە تەييارلىغۇچىلار

(ئېلىپبە تەرتىۋى بويىچە)

ئابدۇسالام ئاббاس، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇرېشىت قارىم سابىت، خەلىم سالىخ، ئوسمان مەھەممەتنىياز، سابىت روزى، ئىبراھىم مۇتىئى (مەسئۇل مۇھەررىر)، ئىمىن تۇرسۇن (مۇھەررىر)، مىرسۇلتان ئوسمانوۋ (مۇھەررىر).

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمْ

ئايىغۇچى، كۆيۈنگۈچى تەڭرىنىڭ ئېتى بىلەن
باشلايمەن

# سالىم ئىسىملار بۆلۈمى
# ئىككى ھەرپلىكلەر بابلىرى

**تَپْدى** tapdï تېۋىندى، خىزمەت قىلدى. قُلْ تَنْكْرِى كا تَپْدى — *kul təŋrigə tapdï* — قۇل تەڭرىگە تېۋىندى. اُلْ خانْقا تَپْدى — *ol hanka tapdï* — ئۇ خانغا خىزمەت قىلدى. باشقىلارنىڭمۇ شۇنداق.

**تَپْدى** tapdï تاپتى. اُلْ نَانْكْنى تَپْدى — *ol nəŋni tapdï* — ئۇ (يوقاتقان) نەرسىنى تاپتى (تَپارْ - تَپْماقْ *tapar* - *tapmak*).

تَبْدِي təpdi تەپتى. اُلْ قُلِنْ تَبْدِي *ol kulïn təpdi* — ئۇ قۇلىنى تەپتى (تَبار ـ تَبْماك *təpər ـ təpmək*).

جَبْدِي qapdï ئۈزدى؛ ئۇردى؛ چاپتى؛ چاپامدى، سۇۋىدى. آرْ سُفْدا جَبْدِي *ər suvda qapdï* — ئادەم سۇدا ئۈزدى. اُلْ آتْنِي جِبِقْ بِرْلا جَبْدِي *ol atnï qïbïk birlə qapdï* ئۇ ئاتنى چىۋىق بىلەن (ئاستا) ئۇردى. جُمَقْ تَتْ بُيِنْ جَبْدِي *qomak tat boynïn qapdï* — مۇسۇلمان تات (كاپىر)نىڭ بوينىنى چاپتى. ئۆيغۇرچە. آرْ آفِنْ جَبْدِي *ər əvin qapdï* — ئادەم ئۆيىنى (لاي بىلەن) چاپلىدى (جَبارْ ـ جَبْماق *qapar ـ qapmak*).

سَبْدِي sapdï ساپتى، ئۆتكۈزدى. يِيجِي يِكْنا سَبْدِي *yiqi yignə sapdï* — تىكىمچى يىڭنىگە يىپ ساپتى.

سَبْدِي sapdï سەپلىدى، ئۇلىدى. اُلْ قُشْ قَنَتِنْ سَبْدِي *ol kux kanatïn sapdï* — ئۇ قۇش قانىتىنى سەپلىدى. ھەرقانداق كەمتۈك نەرسىنى ئۆز جىنسى بىلەن ئۇلاشقا ياكى سەپلەشكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (سَبارْ ـ سَبْماق *sapar ـ sapmak*).

قبدى kapdi ئۆتتى؛ تارتمۇالدى، بۇلىدى، داردى. ار تون

قبدى ar ton kapdi — ئادەم تونىنى تارتمۇالدى.

باشقىلاردىمۇ شۇنداق. اغلانغ يىل قبدى oojlantoq —

yəl kapdi بالمغا يەل (شامال) داردى (قبار - قبماق

kapar - kapmak). تون ۋە تونغا ئوخشاش نەرسىلەرنى

شامال ئۇچۇرسىمۇ شۇنداق دىيىلمدۇ.

قبدى kopdi قوپتى. ار يقارو قبدى ar yokaru kopdi —

ئادەم ئۆرە قوپتى. تبى قبدى tüpi kopdi — بوران قوپتى

(چىقتى). قش قبدى kux kopdi — قۇش قوپتى

(كوتىرىلدى). باشقىلاردىمۇ شۇنداق (قبار - قبماق

kopar - kopmak).

بجدى piqdi پىچتى، كەستى. ار ات بجدى ar ət piqdi —

ئادەم گوش كەستى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (بجار - بجماق

piqar - piqmak).

سجتم saqtim ساچتىم ~ چاچتىم. من يپار سجتم mən yipar

saqtim مەن ئىپار چاچتىم. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (سجار -

سجماق saqar - saqmak). ال اقكا سوف سجدى

ol əvgə suv saqdï — ئۇ ئۆيگە سۇ چاچتی. باش-

قىلاردىمۇ شۇنداق (سَجار - سَجماق saqar - saqmak).

سِجْدی sïqdi چچتی. آرْ سِجْدی ər sïqdi — ئادەم چچتی.

باشقىلاردىمۇ شۇنداق (سِجار - سِجماق sïqar - sïqmak).

قَجْدی kaqdï قاچتی. آرْ قَجْدی ər kaqdï — ئادەم قاچتی.

باشقىلاردىمۇ شۇنداق (قَجار - قَجماق kaqar - kaqmak).

قُجْدی kuqdï قۇچتی، قۇچاقلىدی. الْ مَنی قُجْدی ol — 

ol məni kuqdï ئۇ مېنی قۇچاقلىدی (قُجار - قُجماق kuqar - kuqmak).

کَجْتی kəqti کەچتی، ئۆتتی. آیْ کُونْ کَجْتی ay kün — 

kəqti ئای، کۈن کەچتی (ئۆتتی). آرْ سُوقْ کَجْتی

ər suv kəqti — ئادەم سۇ کەچتی. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

آرْ کَجْتی ər kəqti — ئادەم (ئالەمدىن) ئۆتتی،

یەنی ئۆلدی (کَجارْ - کَجْماكْ kəqər - kəqmək).

کُجْتی kөqti کوچتی. سُو کُجْتی sü kөqti — قوشۇن کوچ-

تی. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (کُجارْ - کُجْماكْ kөqər - kөqmək).

ئىخچاملاق بولغان مۈشۈ شەكلى ياخشى.

**قتُردى** koturdi توكتى، بوشاتتى. اُل اَنغ قتُردى *ol* — *unuq koturdi* ئۇ ئۇننى (بىر تاغاردىن باشقا بىر تاغارغا) توكتى (قترر - قترماق *kotur-ur - koturmak*).

**قبُردى** kopurdi قوپۇردى ~ قوپقۇزدى. اُل منى ارنمدن قبردى — *ol mani ornumdin kopurdi* — ئۇ مېنى ئورنۇمدىن قوپۇردى. ھەرقانداق نەرسىنى ئورنىدىن قوزغىتىشقىمۇ شۇنداق دىيىلىدۇ (قبرر - قبرماق *kopu ur - kopu mak*). ماقالدا مۇنداق كەلگەن:

— *tütün kopursa ixlanur*① تتون قبرسا اِشلنور (كىم) تۈتۈن قوپۇرسا، (ئۆزى) ئىسلىنۇر. بۇ ماقال بىرەر پىتنە قوزغاتقان كىشىنىڭ ئۆزىگە ئۇنىڭ بالاسى تېگىدۇ، دىگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ.

**كبُردى** kopürdi كۆپۈكلىدى. اَشْ كبردى *əxiq* — *kopürdi* قازان كۆپۈكلىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

① بۇ يېىل يازما نۇسخىدا «ش» نىڭ ئۈچ چېكىتى ئۆچۈرۈلۈپ، قايتا ئاستىغا قويۇلۇپ «اِسلنور» شەكلىدە يېزىلغان. بىز سوز يىلتىزىنىڭ ئەسلىدە «اِش *ix* — ئىس» (يازما نۇسخا 30 - بەت) ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، «*ixlanur*» دەپ ئالدۇق.

سوت كبردي — *süt køpürdi* — سۈت كوپۈكلىدى. ئادەمنىڭ ئاغزى كوپۈكلەنسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (كبرر - كبرماك *køpürür - køpürmək*).

بتردي pütürdi پۈتۈردى ~ پۈتتۈردى، ساقايتتى. ات باشغ بتردي — *ot baxïq pütürdi* — دورا ئوت يارىنى ساقايتتى. انلك ازا آلمن بتردي — *anïŋ üzə alïmïn pütürdi* ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ئېلىمىنى (ھوججەت بىلەن ئىسپاتلاپ) پۈتتۈرۈۋالدى، يەنى ئۇنىڭدىن ئالىدىغان قەرزىنى پۈتتۈرۈۋالدى. قەرزدىن باشقا نەرسىلەرنى پۈتتۈرۈۋېلىشقىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (بترر - بترماك *pütürür - pütürmək*).

بتردي paturdï پاتۇردى؛ يوشۇردى. ال سوزين مندين بتردي — *ol søzin məndin paturdï* — ئۇ سۆزىنى (ۋەسىرىنى) مەندىن يوشۇردى. ال آني سقا بتردي — *ol anï suvka paturdï* ئۇ ئۇنى سۇغا پاتۇردى. ئەدرەكنى بولماققا پاتۇرغاندەك، بىرەر نەرسىنى سۇيۇق ياكى يۇمشاق نەرسىگە پاتۇرۇشقىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (بترر - بترماق *paturur - paturmak*).

تتردم taturdum تېتىتتىم، من انكر اش تتردم — *mən*

مەن ئۇنىڭغا ئاش تېتىتتىم aŋar ax taturdum (تَتُرمن-
تَتُرماق taturuրmən - taturmak).

**تُتُردى** tütürdi كۈشكۈرتتى. اُلْ آنكَر اِتْ تُتُردى ol — aŋar it tütürdi ئۇ ئۇنىڭغا ئىتنى كۈشكۈرتتى. بۇ سوز بەزىدە «تُتكُردى tütkürdi» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

بۇ سوز ئەسلىدە «اِتْ تُتُردى it tüttürdi» دىگەن شەكىلدە ئۈچ «ت - t» بىلەن كېلەتتى. يېنىكلىتىش ئۈچۈن «ت - t» نىڭ بىرى قىسقارتىلغان (تُتُرُر-تُتُرماك tüttürür - tüttürmək).

**تُڤُردى** tuvurdi دىڭ قىلدى، دىڭگايتتى. اتْ قُلاقِنْ تُڤُردى at kulakīn tuvurdī — ئات قۇلىقىنى دىڭ قىلدى. ئات بىرەر نەرسىنى تۇيسا، قۇلىقىنى دىڭ قىلىدۇ (تُڤيرار - تُڤيرماق tuvīrar - tuvīrmak).

**قَتَرْدى** katardī قايتۇردى، چېكىندۈردى. اُلْ اَتِغْ قَتَرْدى ol atīq katardī — ئۇ ئاتنى (كېتىۋاتقان تەرەپتىن) قايتۇردى. يَغى قَتَرْدى yaqī katardī — دۈشمەننى قايتۇردى (چېكىندۈردى). باشقىلاردىمۇ شۇنداق (قَتَرُرْ - قَتَرْماق katarur - katarmak). شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

اَرْدِي اَشِنْ تَتُرْغَانْ

يَفْلَقْ يَغِغْ قَتَرْغَانْ

بُيْنِنْ تُتُبْ قَذِرْغَانْ

بَسْتِي اُلُمْ اَغْتَرُو

*ərdi axïn taturɣan*
*yavlak yaɣïɣ katarɣan*
*boynïn tutup kažïrɣan*
*bastï ølüm aɣtaru*

[ئۇ ئېشىنى تېتىتقان (ئادەم) ئىدى،
ياۋۇز دۈشمەننى قايتۇرغان ئىدى،
بويىنىنى تۇتۇپ قايرىغان ئىدى،
ئۇنى ئۆلۈم ئاغدۇرۇپ باستى (يىقىتتى).]

مەرسىيەدە مۇنداق دېيىلىدۇ: ئۇ ئېشىنى (باشقىلارغا) تېتىتقان، دۈشمەن قوشۇنىنى قايتۇرغان ۋە ئۇلارنىڭ بويىنىنى قايرىغان ئەر ئىدى، ئۆلۈم ئۇنى بېسىپ يىقىتتى.

**قَتُرْدِي** katurdi قاتۇردى. اُلْ يُمْشَاقْ نَانْكْنِي قَتُرْدِي — ئۇ *ol yumxak nəŋni katurdi* ئۇ يۇمشاق نەرسىنى قاتۇردى، يەنى يۇمشاق (بوش) تومۇرنى تاۋلاپ

چىڭقاندەك، يۇمشاق نەرسىنى قاتتىققا ئايلاندۇردى. تاش يِيرْ آنِي قترْدي — tax yər anī katurdi — مۇزگە يۇرت ئۇنى چىڭقىتۇردى، يەنى مۇساپىرچىلىق ئۇنى تەجرىبىلىك قىلىپ پىشۇردى (قترر - قترْماق katurur - katurmak).

قتْردي kuturdi قۇتۇردى ~ قۇتىرىدى. اغْلانْ قتْردي — oqlan kuturdi — بالا قۇتۇردى، يەنى كەپسىز ۋە بەڭۋاش بولۇپ كەتتى. تَرِغْ قتْردي — tarīq kuturdī — ئاشلىق قۇتۇراپ ئۆسۈپ كەتتى، باشقا ئۆسۈملۈكلەردىمۇ شۇنداق. ئەسلىدە ھەرقانداق نەرسە ھەددىدىن ئېشىپ كەتسە، «قتْردي kuturdī» دېيىلىدۇ (قترر - قترماق kuturur - kuturmak).

كُتْردي kɵtürdi كۆتۈردى ~ كۆتەردى. آرْ يُلْكْ كتْردي — ər yük kɵtürdi — ئادەم يۈك كۆتەردى. خوتۇنلارنىڭ ئېغىر - ئاياق بولۇشىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ (كُترر - كُتْرماكْ kɵtürür - kɵtürmək). ماقالدا مۇنداق كەلگەن: تَفَى يُلْكْ كتْرسا قَمِج يَما كُترر — təvə yük kɵtürsə kamīq yamə kɵtürür — تۆگە يۈكنى كۆتەرگەن چۆمۈچىنىمۇ كۆتىرىدۇ. بۇ ئەرەبلەرنىڭ «اِتْبِعِ الفَرَسَ لِجامَها» دېگەن ماقالىغا ئوخشايدۇ.

سُجُرْدِي süqirdi چۈچىدى، چۈچۈكلەشتى. اَجِغ نَاڭ سُجُرْدِي
aqïq nəŋ süqirdi — ئاچچىق نەرسە چۈچىدى، يەنى
چۈچۈكلەشمەپ، تەم كىردى (سُجُرَارْ - سُجُرْمَاكْ - süqirər
süqirmək).

قُجُرْدُمْ kaqurdum قاچۇردۇم. مَنْ اَنِي قُجُرْدُمْ — mən anï
kaqurdum مەن ئۇنى قاچۇردۇم، يەنى مەن ئۇنى يىگىپ
قاچۇردۇم (قُجُرُرْمَنْ - قُجُرْمَاقْ kaqurmak - kaqururmən).

كُجُرْدِي kəqürdi كەچۈردى، ئۆتكۈزدى. اُلْ مَنِي سُفْدَنْ
كَجُرْدِي ol məni suvdan kəqürdi — ئۇ مېنى سۇ-
دىن ئۆتكۈزدى. بَكْ اَنِنْكْ يَازُقِنْ كَجُرْدِي bəg —
anïŋ yazukïn kəqürdi بەگ ئۇنىڭ گۇناھىنى
كەچۈردى (كَجُرُرْ - كَجُرْمَاكْ kəqürmək - kəqürür).

كُجُرْدِي keqürdi كۆچۈردى. اُلْ اَنِي اَفْدِنْ كُجُرْدِي ol —
anï əvdin keqürdi ئۇ ئۇنى ئۆيدىن كۆچۈردى.
اُلْ بِتِكْ كُجُرْدِي ol bitik keqürdi — ئۇ كىتاپ
كۆچۈردى. بىرەر نەرسىنى بىر جايدىن باشقا جايغا كۆچۈرۈش-
كىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. اُلْ كُجُتْ كُجُرْدِي ol —
keqüt keqürdi ئۇ ئات - ئۇلاق كۆچۈردى، يەنى

ئات ـ ئۇلاقنى بىر يەردىن باشقا بىر يەرگە يوتكىدى
(كُجرر ـ كُجرماك *kəqürür ـ kəqürmək*).

تذردم tożurdum تويدۇردۇم ~ تويغۇزدۇم. مَن انى تذردم
*mən anī tożurdum* — مەن ئۇنى تويدۇردۇم. بۇ سوزنىڭ
ئەسلى «تذغردم» *tożqurdum* دۇر (تذررمن ـ تذرماق
*tożururmən ـ tożurmak*).

قذردي każïrdi قايرىدى. اُل انك بيْن قذردي — *ol*
*anïŋ boynïn każïrdi* ئۇ ئۇنىڭ بوينىنى قايرىدى.
باشقىلاردىمۇ شۇنداق. اُل انك سوزن قذردي — *ol*
*anïŋ sezin każïrdi* ئۇ ئۇنىڭ سوزىنى قايرىدى،
يەنى رەت قىلدى (قذرار ـ قذرماق *każïrar ـ każïrmak*).

قُذردي kudurdi قۇتۇردى ~ قۇترىدى، كۇچىدى، ھەددىدىن
ئاشتى. اُل بو ايشتا قذردي *ol bu ïxta kudurdi* — ئۇ بۇ
ئىشتا قاتتىق كۇچىدى (قذرر ـ قذرماق *kudurur* ـ
*kudurmak*).

كُذردي kəżürdi كىيدۇردى. اُل منكا تون كذردي — *ol*
*maŋa ton kəżürdi* ئۇ ماڭا تون كىيدۇردى. باشقى ـ
لاردىمۇ شۇنداق (كذرر ـ كذرماك *kəżürür* ـ
*kəżürmək*).

سوزنىڭ ئېيتىلىشقا ئەپلىك بولۇشىنى نەزەردە تۇتقاندا، قاتتىق ھەرپ بىلەن ئاياقلاشقان پېئىلدىكى ئۆتكەن زامان قوشۇمچىسى بولغان «د-*d*» ھەرپىنى «ت-*t*» ھەرپىگە ئالماشتۇرۇش توغرىراق بولىدۇ. قاتتىق «ب-*p*»، قاتتىق «ج-*q*»، «ق-*k*» ۋە قاتتىق «ك-*k*» ھەرپلىرى قاتتىق ھېسابلىنىدۇ. بۇلاردىن باشقا ھەرپلەر بىلەن ئاياقلاشقان پېئىلدا ئۆتكەن زامان قوشۇمچىسى «د-*d*»نى ساقلاپ قېلىش مۇۋاپىقراق. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

تُنْلا بِلا كُجالِمْ
يَمَرْ سُڤِنْ كَجالِمْ
تَرْنكُوكْ سُڤِنْ اِجالِمْ
يُڤْغا يَغِى اُڤُلْسُونْ

*tünlə bilə køqəlim*
*yamar suvïn kəqəlim*
*tərŋük suvïn iqəlim*
*yuvqa yaqï uvulsun*

[كېچە بىلەن كوچەيلى،
يامار سۇيىنى كېچەيلى،
بۇلاق سۇيىنى ئىچەيلى،
ئاجىز دۈشمەن يانچىلسۇن.]

(بۇ بىر ۋادى) كېچە بىلەن كوچەيلى، ياماز
سۆيمەنى كېچەيلى، بولدۇقلاپ چىقىقان بولاق سۆيمەنى
ئىچەيلى، ئەتائەتسىز دۇشمەن بىتچىت بولسۇن.

بَرْدِي bardi باردى. اُلْ اَفْكا بَرْدِي — *ol əvgə bardi*
ئۇ ئۆيگە باردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (بَرِيْ - بَرْماق
.(*barir - barmak*

بُرْدِي bürdi بۈردى~پۈردى. اُلْ يَنجُق آغزِي بُرْدِي *ol* —
*yanquk aqzi bürdi* ئۇ يانچۇقنىڭ ئاغزىنى پۈردى.
ئىشتاننىڭ لىپىزى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى پۈرۈشكە-
مۇ بۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (بُرار- بُرْماك *bürər - bürmək*).

بُرْدِي burdi بۇردى ~ پۇردى؛ پۇرقۇردى. يِپارْ
بُرْدِي *yipar burdi* — ئىپار پۇردى، پۇراپ كەتتى.
ھەرقانداق خۇشپۇراق نەرسىنىڭ پۇرىشىغىمۇ شۇنداق دە-
يىلىدۇ. سُوْ بُرْدِي *suv burdi* — سۇ پۇرقۇردى، يەنى
سۇنىڭ ھورى پۇرقۇراپ چىقتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق
(بُرارْ - بُرْماق *burar - burmak*).

تُرْدِي turdi تۇردى، قوپتى، ئورلىدى. اَرْ يُقارُو تُرْدِي
*ər yokaru turdi* — ئادەم ئورە تۇردى. باشقىلاردىمۇ
شۇنداق. تُمانْ تُرْدِي *tuman turdi* — تۇمان ئورلىدى

(ترر - ترماق turur – turmak).

ترر turur بۇ كەلگۈسى زامان پېئىلى بولۇپ، ئۆتمۈش ئۆتكەن زامان ۋە مەستەر شەكلى ئادەتتە ئىشلىتىلمەيدۇ ۋە «دۇر»، «تۇر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: «ال تاش ترر — ol tax turur — ئۇ تاشتۇر»؛ «ال قش ترر — ol kux turur ئۇ قۇشتۇر» دېگەنگە ئوخشاش. بۇ سۆز جۈملىدە باغلىغۇچى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. ئەرەپچىدىكى ئۆتكەن زامان ۋە مەستەر شەكلى بولمايدىغان «ينبغي — يارد- شۇر» دېگەن سۆزگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

تردي türdi تۈردى، تۈرتەكلىدى. ال بتك تردي — ol bitik türdi ئۇ كىتابنى تۈردى (تۈرتەكلىدى). باشقىلاردىمۇ شۇنداق (ترار- ترماك türər – türmək).

سردي sərdi چىدىدى. ال سردي — ol sərdi ئۇ (بىسىر ئىشقا) چىدىدى، چىداشلىق بەردى (سرار- سرماك sərər – sərmək).

سردي sürdi سۈردى، قوغلىدى. ال ات سردي — ol at sürdi ئۇ ئات سۈردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. ار اتغ سردي — ər itiq sürdi ئادەم ئىتنى قوغلىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (سرار - سرماك sürər – sürmək).

بەگ بىرەر ئادەمنى شەھەردىن سۈرگۈن قىلىسمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

قُورْدِي kurdi قۇرۇدى؛ قۇرۇدى. خانْ سُوسِنْ قُورْدِي — han süsin kurdi خان ئەسكەرلىرىنى توپلىدى، قۇراشتۇردى.

خانْ جُواچْ قُورْدِي — han quwaq kurdi خان چېدىر (بارگاھ) قۇردى، تىكتى (قُرارْ - قُرْماقْ — kurar - kurmak)①.

قِرْدِي kïrdi قىردى. آرْ يِيرِكْ قِرْدِي — ər yərig kïrdi ئادەم يەرنى قىردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (قِرارْ - قِرْماقْ kïrar - kïrmak).

قُرْدِي kurdi قۇردى. آرْ يا قُرْدِي — ər ya kurdi ئادەم يا قۇردى (قُرارْ - قُرْماقْ kurar - kurmak).

كَرْدِي kərdi كەردى، سوزدى؛ كېرەلىدى، تۇستى. آرْ يِبْ كَرْدِي — ər yïp kərdi ئادەم يىپ - تانا كەردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

---

① بۇ پېئىلنىڭ ئاددى دەرىجىسى بۇ يەردە ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى سوزدىن كېيىن ئايرىم - ئايرىم سوز قىلىپ بېرىلگەن. يازما نۇسخا 361 - بەتتىكى مەجبۇرى دەرىجىسىدە بولسا، ھەر ئىككى مەنە بىرلەشتۈرۈلۈپ بىر پېئىل سۈپىتىدە ئىزاھلانغان. بىز ئەسلىنى ساقلىدۇق.

بَكْ يُولْ كَرْدِي *bəg yol kərdi* — بەگ يول توستى، يەنى بەگ دۈشمەندىن خەۋپسىرەپ، ناتونۇش ئادەملەرنى ئوتكۈزمەسلىك ئۈچۈن كۆزىتىش ئورۇنلىرىغا ئادەملەرنى قويدى.

كَرْدِي kərdi ئۇردى، قاۋىدى. اِتْ كَرْدِي *it kərdi* — ئىت ئۇردى. قارلۇقچە (كَرارْ ـ كَرْماكْ *kərər - kərmək*).

كُرْدِي kɵrdi كوردى، قارىدى. اُلْ مَنِي كُرْدِي *ol məni kɵrdi* — ئۇ مېنى كوردى (كُرارْ ـ كُرْماكْ *kɵrər - kɵrmək*). ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: يوزْكا كُرْما اَرْذَمْ تِلا — يۈزگە قارىما، ئەردىمىنى *yüzgə kɵrmə ərżəm tilə* تىلە، يەنى رەڭگى-روپىغا، چىرايىغا قارىما، ئەدەپ-ئەخلاقىغا قارا.

كِرْدِي kirdi كىردى. اُلْ اَڤْكا كِرْدِي *ol əvgə kirdi* — ئۇ ئۆيگە كىردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (كِرُرْ ـ كِرْماكْ *kirür - kirmək*).

بَزْدِي bəzdi بەزگەك تۇتتى، تىترىدى؛ بەزدى. اَرْ تُمْلُغْدِنْ بَزْدِي *ər tumlïqdïn bəzdi* — ئادەم سوغۇقتىن (بەزگەكتەك) تىترىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (بَزارْ — بَزْماكْ

*bəzər - bəzmək*).

بُزْدِي buzdi بۇزدى. اُلْ آَقْ بُزْدِي *ol əv buzdi* — ئۇ
ئۆي بۇزدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (بُزَارْ - بُزْماق *buzar* - *buzmak*).

تَزْدِي təzdi تەزدى. كَيِكْ تَزْدِي *kəyik təzdi* — كېيىك
تەزدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق(تَزَارْ - تَزْماكْ *təzər* - *təzmək*).

تُزْدِي tüzdi تۈزدى، تۈزلىدى. بَكْ اِلِنْ تُزْدِي *bəg əlin*—
*tüzdi* بەگ ئېلىنى تۈزدى. اُلْ يِيرِكْ تُزْدِي *ol* —
*yərig tüzdi* ئۇ يەرنى تۈزلىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق
(تُزَارْ - تُزْماكْ *tüzər* - *tüzmək*).

تِزْدِي tizdi تىزدى. اُلْ يِنْجُو تِزْدِي *ol yinqü tizdi* — ئۇ
ئۈنچە تىزدى. بىرەر كىشى سۆز تىزسا (شېئىر يازسا)
مۇ «اُلْ سُوزْ تِزْدِي *ol səz tizdi*» دېيىلىدۇ
(تِزَارْ - تِزْماكْ *tizər* - *tizmək*).

جِزْدِي qïzdi بەل قويدى، جون بولدى. يَغِرْلِغْ آَتْ جِزْدِي
*yaqirliq at qïzdi* — يېغىر ئات (مىنىش ۋاقتىدا
دۈمبىسىنى ئاياپ) بەل قويدى. ھەرقانداق يېغىر ئۇلاغ

يۇك ئارتىلمىدىغان چاغدا شۇنداق قىلىدۇ (جىزار - جىزماق (qïzar - qïzmak). بۇ سوز ئىككى مەخرەج ئارىسىدىكى «ز - z» بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

**جۇزدى** qəzdi سوزدى. ئاراغۇت يىپ جۇزدى — uraqut yïp qəzdi خوتۇن يىپ سوزدى. ئاغامچا ۋە قوي ئۇچىيىگە ئوخشاش سوزغىلى بولىدىغان نەرسىلەرگىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. بۇ سوزمۇ ئىككى مەخرەج ئارىسىدىكى «ز - z» بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ (جۇزار - جۇزماك qəzər - qəzmək).

**سۇزدى** süzdi سۇزدى، سۇزۇلدۇردى. ئال سۇۋ سۇزدى — ol suv süzdi ئۇ سۇ سۇزۇلدۇردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (سۇزار - سۇزماك süzər - süzmək).

**سىزدى** sïzdï سىزدى، ئېرىدى. ياغ سىزدى — yaq sïzdï ياغ ئېرىدى. كۈن سىزدى — kün sïzdï① كۈننىڭ ئۇچى سۇزۇلۇپ چىقتى. سۆكەل سىزدى — səkəl sïzdï ئاغرىق (كىشى) سىزدى (ئورۇقلاپ ئاجىزلىدى). باشقى-

① بۇ بېيىت يازما نۇسخىدا «سۇزدى» شەكلىدە يېزىلغان بولسىمۇ، «سىزدى» دېگەن بېيىت ئىچىدە بېرىلگەنلىكتىن، بىز «sïzdï» دەپ ئالدۇق.

لاردىمۇ شۇنداق (سِزار ـ سِزْماق sïzar - sïzmak).

**قَزْدِي** kazdï قازدى. اَرْ اَرِق قَزْدِي ər arïk kazdï — ئادەم ئېرىق قازدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. اَتْ قَزْدِي at kazdï — ئات يەر تاتىلىدى، يەنى ئات تۇسۇنلۇق قىلىپ، ئالدىنقى ئاياقلىرى بىلەن يەرنى قېزدۇەتتى (قَزارْ ـ قَزْماق kazar - kazmak).

**كَزْدِي** kəzdi كەزدى. اُلْ يِيرِكْ كَزْدِي ol yərig kəzdi — ئۇ يەر يۈزىنى كەزدى، كېزىپ چىقتى (كَزارْ ـ كَزْماكْ kəzər - kəzmək).

**بَسْدِي** basdï باستى. آنِي بُرْتْ بَسْدِي anï burt basdï — ئۇنى قارا باستى. بَكْ اِيلْ بَسْدِي bəg əl basdï — بەگ ئەلنى باستى، يەنى خۇددى قارا باسقاندەك بېسىۋالدى. بَكْنِي يَغِي بَسْدِي bəgni yaqï basdï — بەگنى يېغا (دۈشمەن) كېچىلەپ باستى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. اَرْ قِيزِغْ بَسْدِي ər kïzïq basdï — ئادەم قىزنى باستى. اِتْ كَيِكْنِي بَسْدِي it kəyikni basdï — ئىت كېيىكنى باستى، بېسىۋالدى (بَسارْ ـ بَسْماقْ basar - basmak).

بُسْدِی bɵsdi بوسدى؛ راسا ئۇردى. اَرْ قُلِنْ بُسْدِی — *ər kulïn bɵsdi* ئادەم قولىنى تازا ئۇردى (بُسارْ - بُسْماكْ *bɵsər - bɵsmək*).

بُسْدِی pusdï پىستۇرما قىلدى، بوكتى ~ موكتى. بَكْ يَغِیقا بُسْدِی *bəg yaqïka pusdï* — بەگ دۈشمەنگە پىستۇرما قىلدى، يەنى بەگ دۈشمەننى پايلاش ئۈچۈن موكتى (بُسارْ - بُسْماقْ *pusar - pusmak*).

قُسْدِی kusdï قۇستى؛ ئۆگدى، بۇزۇلدى. اَرْ قُسْدِی — *ər kusdï* ئادەم قۇستى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (قُسارْ - قُسْماقْ *kusar - kusmak*). بُذْغْ قُسْدِی *bożuq kusdï* — بوياق قۇستى، بۇزۇلدى.

قِسْدِی kïsdï قىستى. قَبُغْ اَرِكْ اَذاقِنْ قِسْدِی① — *kapuq ərig ażakïn kïsdï* قوۋۇق (ئىشىك) ئادەمنىڭ ئايىغىنى قىستى. ھەرقانداق نەرسىنىڭ بىرەر نەرسىنى قىس-

---

① بۇ جۈملە بازما نۇسخىدا «قَبُغْ اَلِكْ اَذاقِنْ قِدْی» شەكلىدە يېزىلىپ، ئەرەبچە «قوۋۇق ئادەمنىڭ ئايىغىنى قىستى» دەپ ئىزاھلانغان. بىز ئەرەبچە ئىزاھىنى ئاساس قىلىپ، «قَبُغْ اَرِكْ اَذاقِنْ قِسْدِی» شەكلىدە ئالدۇق.

شىغىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (قِسار - قِسماق kisar - kismak).

اُل آنِڭ تونلُقِن قِسدى ol aniŋ tonlukin kisdi — ئۇ ئۇنىڭ تونلۇغىدىن (چاپانلىغىدىن) قىسىۋالدى، ھەر قانداق نەرسە ئۆز ئۆلچىمىدىن قىسقارتىۋېتىلسىمۇ، يەنى تۇتۇپ قېلىنسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

كَسدى kəsdi كەستى. اُل يِغاج كَسدي ol yioqaq kəsdi — ئۇ ياغاچ كەستى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (كَسار - كَسماك kəsər - kəsmək). ماقالدا مۇنداق كەلگەن: ايغر يِغاج ازون كَس تمر قِسقا كَس — uyoqur yioqaq uzun kəs təmür kiska kəs ھەي ئۇيغۇر، ياغاچ كەسسەڭ ئۇزۇن كەس، تومۇر كەسسەڭ قىسقا كەس؛ چۈنكى تومۇرنى ئۇزارتقىلى بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ بىر جارچىسى باركى، ئۇ ھەر كۈنى شۇنداق ھېكمەتلىك سۆزلەرنى (خەلققە) ئۆگىتىدۇ.

كُسدى küsdi كەچتى، يۈز ئۆرىدى. اُل اَنْدِن كُسدى ol — andin küsdi ئۇ ئۇنىڭدىن كەچتى (كُسار - كُسماك küsər - küsmək). ئوغۇزچە.

بُشدُم puxdum ئىچىم پۇشتى، زېرىكتىم. مَن بُو اِيشدِن بُشدُم mən bu ixdin puxdum — مەن بۇ ئىشتىن زېرىكتىم (بُشمازمن - بُشماق puxmazmən - puxmak).

ماقالدا مۇنداق كەلگەن: پشماسار بوز قش تتار ايچمسار ئۈرۈنك قش تتار — *puxmasar boz kux tutar əvmasar ürüŋ kux tutar* ئىچى پۇشمىسا بوز قۇش تۇتار، ئالدىرىمىسا ئاق قۇش تۇتار. ئادەم زېرىكمەسە (دىققەت بولمىسا)، ئاق لاچىننى تۇتالمايدۇ؛ ئالدىراقسانلىق قىلمىسا، لاچىنلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى تۇتالمايدۇ. بۇ ماقال بىرەر ئىشتا كۆزلەنگەن مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئالدىراقسانلىق قىلماسلىقنى ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

**پشدي** pïxdï پىشتى، پىشىلدۇردى. اَشِج پشدي — *əxiq pïxdï* قازان تەييار بولدى، يەنى شورپا پىشتى. يېمىش پشدي — *yəmix pïxdï* يېمىش (مېۋە) پىشتى. اَر قمز پشدي — *ər kïmiz pïxdï* ئادەم قىمىز پىشىلدۇردى (پشماز - پشماق *pïxmaz - pïxmak*).

**تَشدي** taxdï تاشتى. اَشج تَشدي *əxiq taxdï* — قازان تاشتى. سوُق تَشدي *suv taxdï* — سۇ تاشتى. سۇ دەريادىن ياكى قاچىدىن تاشسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (تَشار - تَشماق *taxar - taxmak*).

**تُشدي** tuxdï دۇچ كەلدى، ئۇدۇل كەلدى، ئۇچراشتى. ال

مَنكا تُشْدى *ol maŋa tuxdi* — ئۇ ماڭا ئۇدۇل كەل-
دى، ئۇچراشتى (تُشار - تُشْماق *tuxar - tuxmak*).

تُشْدى tüxdi تۇشتى ~ چۈشتى. اَرْ اَتِنْ تُشْدى *ər* —
*attïn tüxdi* ئادەم ئاتتىن چۈشتى. اَرْ تامْدِنْ تُشْدى
*ər tamdïn tüxdi* — ئادەم تامدىن (يىقىلىپ) چۈشتى.
ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈشكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. ھەرقانداق
نەرسىنىڭ بىرەر جايدىن يىقىلىپ چۈشۈشىگىمۇ مۇشۇ سۆز
ئىشلىتىلىدۇ (تُشارْ - تُشْماكْ *tüxər - tüxmək*). شېئىردا
مۇنداق كەلگەن:

تَكْرا اَلِبْ اَكْرَلِمْ
اَتِنْ تُشُبْ يُكْرالِمْ
اَرْسَلَنْلَيُو كُكْرَلِمْ
كُوجِي اَنِنْ كَفِلْسُونْ

*təgrə alïp əgrəlim*
*attïn tüxüp yügrəlim*
*arslanlayu kəkrəlim*
*küqi anïn kəvilsün*

[چۆرىدەپ ئېلىپ قورشايلى،
ئاتتىن چۈشۈپ يۈگرەيلى،

ئارسلاندەك ھوكىرەيلى،
شۇنىڭ بىلەن كۆچى ئاجىزلاشسۇن.]

دۈشمەننى چورىدەپ قورشايلى، ئاتتىن چۈشۈپ ئارس-
لاندەك ھوكىرىگەنچە يۈگرەيلى، شۇنداق قىلىپ، دۈش-
مەن زەئىپلەشسۇن. ماقالدا مۇنداق كەلگەن:
ايقَنْكْ سِنكاكْ سُوتْكا تشُورْ əvək sinək sütkə —
tüxür ئالدىراقسان چۈشۈن سۈتكە چۈشەر. بۇ ماقال
ھەر ئىشتا ئالدىراقسانلىق قىلماسلىقنى ئۈندەپ ئېيتىلمىدۇ.

**سَشْدي** səxdi شەشتى ~ يەشتى. آرْ اتّن كِشَن سشْدي
ər attin kixən səxdi — ئادەم ئاتتىن كىشەننى
يەشتى، يەنى ئادەم ئاتنىڭ كىشىنىنى ئېلىۋەتتى. بىرەر
نەرسىنىڭ بېغىنى يېشىشكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ
(سَشارْ - سَشْماكْ səxmək - səxər).

**قُشْدي** koxdi قوشتى. اُلْ قُويقا اجْكُو قُشْدي ol
koyka əqkü koxdi — ئۇ قويغا ئۆچكە قوشتى، يەنى
ئۇ ئۆچكىنى قويغا قوشتى. شۇنىڭدەك، بىر نەرسىنى
باشقا بىر نەرسىگە قوشۇشقىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.
اُلْ يير قُشْدي ol yir koxdi — ئۇ قوشاق قوشتى، ناخشا
ئېيتتى، ئىردىدى (قُشارْ - قُشْماقْ koxmak - koxar).

**بُغْدي** boqdi بوغدى. اُلْ آرْني بُغْدي ol ərni boqdi — ئۇ

ئادەمنى بوغدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (بغار - بغماق boƣar - boƣmak).

**تغدى** tuƣdï تۇغدى، تۇغۇلدى. كۈن تغدى *kün tuƣdï* — كۈن تۇغدى، كۈن چىقتى. اغل تغدى *oƣul tuƣdï* — ئوغۇل تۇغۇلدى. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: مۇش اغلى مياو تغار *mux oƣlï muyawu tuƣar* — مۇشۈك بالىسى مياڭلاپ تۇغۇلار، يەنى مۇشۈك بالىسى ئانىسىدەك مياڭ- لايدۇ. بۇ ماقال خۇلق - مىجەزى ئاتىسىنى دورىغان بالىلارغا قارىتىپ ئېيتىلىدۇ (تغار - تغماق *tuƣar* - *tuƣmak*).

**تغدى** tïƣdï قايرىدى، ئەگدى. اق بشقن تاش تغدى *ok baxakïn tax tïƣdï* — ئوقنىڭ باشىقىنى تاش قايرىدى، يەنى تاش ئوقنىڭ باشقىنى قايرىپ ئۆتمەس قىلىپ قويدى (تغار - تغماق *tïƣar* - *tïƣmak*).

**جغدى** qïƣdï چىگدى ~ چەگدى. ال تركاك جغدى *ol türgək qïƣdï* — ئۇ تۈرگەك چەگدى. باشقىلار- دىمۇ شۇنداق (جغار - جغماق *qïƣar* - *qïƣmak*).

**سغدى** saƣdï ساغدى. ار قوى سغدى *ər koy saƣdï* —

ئادەم قوي ساغدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (سْغار ـ سْغْماق *saqar - saqmak*).

**سَغْدى** sooqdi[①] سوغۇرت ئالدى؛ قۇرت ئالدى. ئۇل قوي‌دىن قۇرت سَغْدى — ئۇ قوي‌دىن *ol koydan kurt sooqdi* (سوۋتى)دىن قۇرت ئالدى (سْغار ـ سْغْماق *sooqar - sooqmak*). بۇ سوزنىڭ ئەسلى «سغردى *sooqurdi* — سوغۇرت ئالدى»دۇر.

**سِغْدى** siqdi سىغدى، پاتتى؛ ياقتى. بۇ سوز كُنكُلكا سِغْدى — بۇ سوز كوڭۈلگە *bu səz kəŋülgə siqdi* سىغدى، ياقتى. اُون قابقا سِغْدى — *un kapka siqdi* ئۇن قاپقا سىغدى. باشقا ھەرقانداق نەرسە ئۈچۈنمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (سِغار ـ سِغْماق *siqar - siqmak*).

**تَفْدى** təvdi تارتتى، ئۈتكۈزدى. اُل آتِكْ سِشْقا تَفْدى — ئۇ گوشنى زىققا ئۆتكۈزدى *ol ətig sixka təvdi*. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (تَفار ـ تَفْماك *təvər - təvmək*).

---

① بۇ پېئىل بۇ يەردە فەتھە بىلەن «سَغْدى» قىلىپ يېزىلىپ قالغان، بىز مەسىنەر ۋە كەلگۈسى زامان شەكلىگە ئاساسەن، «*sooqdi*» دەپ ئالدۇق.

سَفْدِي sәvdi سويدى. اُلْ مَنِي سَفْدِي *ol mәni sәvdi* — ئۇ مېنى سويدى (سَفَارْ ـ سَفْمَاكْ *sәvәr - sәvmәk*).

ماقالدا مۇنداق كەلگەن: تَيْغَانْ يُكْرُكَنْ تِلْكُو سَفْمَاسْ *tayqan yügrügin*[①] *tilkü sәvmәs* — تايغاننىڭ يۈگ- رۈگىنى تۈلكە سۆيمەس، چۈنكى تايغان تۈلكە ئالىدۇ. بۇ ماقال ئۆزىنىڭ ئىلىم ۋە پەزىلىتى بىلەن تەڭتۇشلە- رىنىڭ ئارىسىدا ئۈستۈن تۇرغانلىقى سەۋەبىدىن ھەسەت ۋە ئۆچمەنلىككە ئۇچرىغان كىشى توغرىسىدا ئېيتىلىدۇ.

قُفْدِي kovdi قوغلىدى. اِتْ كَيِكْنِي قُفْدِي *it kәyikni* — *kovdi* ئىت كېيىكنى قوغلىدى. بىركىم بىر نەرسىنى قوغلىسا ياكى ئارقىسىدىن ئىزلەپ ماڭسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (قُفَارْ ـ قُفْمَاقْ *kovar - kovmak*).

كَفْدِي kәvdi چاينىدى. آرْ سُوزُكْ كَفْدِي *әr sөzüg* — *kәvdi* ئادەم سۆزنى چاينىدى (تىلىنى چايناپ سۆز- لىدى). بۇ سۆز «تَنْجُونِي كَفْدِي *tanquni kәvdi* — لوق- مىنى چاينىدى»، يەنى «لوقمىنى يۇتماي چايناۋەردى»

① بۇ سۆز يازما نۇسخىدا «يُكْرُكَنْ» شەكلىدە يېزىلغان بولسىمۇ، بىز بۇ ماقالىنىڭ يازما نۇسخا 521 - بەتتە «يُكْرُكَنْ» شەكلىدە يېزىلغانلىقىغا ئاساسەن، «*yügrügin*» دەپ ئالدۇق.

دېگەن مەنىدىن ئېلىنغان (كَڤَارْ ـ كَڤْماكْ *kəvər – kəvmək*).

**بَقْدِي** bakdi باقتى، قارىدى. اُلْ مَنْكا بَقْدِي — *ol maŋa bakdi* ئۇ ماڭا باقتى (بَقَارْ ـ بَقْماقْ *bakar – bakmak*).

**بُقْدِي** bukdi پۈكتى، يىغدى. اُلْ اَذاقِنْ بُقْدِي — *ol ažakin bukdi* ئۇ ئايىقىنى پۈكتى، سوزغان پۇتىنى يىغدى (بُقَارْ ـ بُقْماقْ *bukar – bukmak*).

**تِقْدِي** tikdi تىقتى. اُلْ قابْقا اُونْ تِقْدِي — *ol kapka un tikdi* ئۇ قاپقا ئۇن تىقتى. ھەرقانداق نەرسىنى بىرەر قاچىغا ئىچىدىكە چىڭداپ تىقىشقىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ. دانىلىرى غوجىمەكلىشىپ، تىقىلىپ تۇرغان ئۈزۈم «تِقْما اُزُمْ *tikma üzüm*» دېيىلىدۇ.

**تَقْدِي** takdi تاقتى ~ تاقىدى، ئۆتكۈزدى. اَرْ بُرُنْدُقْ بُتْلُوقا تَقْدِي — *ər burunduk butluka takdi* ئادەم بۇيلىغا بۇرۇندۇق تاقىدى، يەنى چۇلۇككە چۇلۇۋۇر باغلىدى. ئوغۇزچە. شۇنىڭدەك ھەرقانداق ئاتنا بىرەر نەرسىگە باغلانسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (تَقَارْ ـ تَقْماقْ *takar – takmak*).

**چَقْدِي** qakdi چاقتى. اُلْ سُوزُكْ اَنِكْ قُلاقا چَقْدِي — *ol sozüg aniŋ kulakka qakdi* ئۇ سۆزنى ئۇنىڭ قۇلىقىغا چاقتى، يەتكۈزدى (گەپ توشۇدى). ئوغۇزچە.

اُلْ اِكّي كِشِي آرا جَقْدِي — *ol ikki kixi ara* *qakdi* ئۇ ئىككى كىشى ئارىسىدا چىقىشچىلىق قىلدى. اُلْ جَقْماق جَقْدِي *ol qakmak qakdi* — ئۇ چاقماق چاقتى (جَقار - جَقْماق *qakar - qakmak*). بۇ سۆز ھەم ئىسىم، ھەم مەستەر بولۇپ كېلىدۇ.

جُقْدِي qokdi قوندى؛ ئېتىلدى. قُشْ جُقْدِي *kux qokdi* — قۇش قوندى، (پەسكە) ئېتىلدى (جُقار - جُقْماق *qokar - qokmak*). شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

اَرَنْ قَمُغْ اَرْتَدِي نَاڭْلَرْ اُذُو
تَقَارْ كُرُبْ اُسْلَيُو اَسْكَا جُقَارْ

*ərən kamuq artadī nəŋlər uẓu*
*tavar kərüp uslayu*[1] *əskə qokar*

[نەرسە قوغلىشىپ، ھەممە ئادەم ئازدى،
تاۋار كۆرسە، تاپقۇشتەك تاپقا ئېتىلۇر.]

مال - دۇنياغا بولغان تاماگەرلىك سەۋەبىدىن كىشى-لەرنىڭ ئەخلاقى بۇزۇلدى، ئۇلار مالنى كۆرسە، خۇددى تاپقا قونىدىغان ئۇس (تاپقۇش)تەك ئېتىلىدۇ.

---

① بۇ سۆز بۇ يەردە «اُسْ» شەكلىدە يېزىلىپ قالغان، بىز بۇ سۆزنىڭ ئەرەبچە «تاپقۇش، مادا» مەنىسىدە ئىزاھلانغانلىقىنى ئاساس قىلىپ، «اُسْ *us*» دەپ ئالدۇق.

جِقْتي qikti چىقتى. اَرْ اَڤْدِنْ جِقْتِي ər əvdin qikti — ئادەم ئۆيدىن چىقتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: كُوجْ اَلْدِينْ كِرْسا تُرُو تُنْكْلُكْتِنْ جِقَارْ — küq əldin kirsə tɵrü tünlüktən qikar — زورلۇق-زومبۇلۇق ئىشىكتىن كىرسە، ئىنساپ ۋە قائىدە-يوسۇن تۈڭلۈكتىن چىقار (جِقَارْ-جِقْمَاقْ qikar - qikmak).

سُقْدُمْ sukdum سۇقدۇم، كىرگۈزدۇم. مَنْ اَنِي اَڤْكا سُقْدُمْ mən ani əvgə sukdum — مەن ئۇنى ئۆيگە سۇقۇپ قويدۇم. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. سابىنى پالتىنىڭ چۈلدىسىغا چەققاپ كىرگۈزگەندەك، بىرەر نەرسىنى باشقا نەرسىگە كىرگۈزۈش-كىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ.

سُقْدِي sokdi سوقتى، يەنچىدى. اَرْ تُوزْ سُقْدِي ər tuz sokdi — ئادەم تۇز سوقتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

سُقْدِي sokdi چوقۇدى. قُشْ مَنْكْ سُقْدِي kux məŋ sokdi — قۇش دان چوقۇدى.

سُقْدِي sokdi چاقتى. اَنِي يِلَانْ سُقْدِي ani yilan sokdi — ئۇنى يىلان چاقتى. ئوغۇزچە (سُقَارْ-سُقْمَاقْ sokar - sokmak).

سِقْدِي sikdi سىقتى. اُلْ اُزُمْ سِقْدِي ol üzüm sikdi —

ئۇ ئۈزۈم سىقتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (سِقْدِي - سِقْماق .(sikar① - sikmak

**بُكْدِي** bəkdi بوكتى ~ موكتى، يوشۇرۇندى. اُلْ مَنِي كُرُبْ بُكْدِي — ol məni kərüp bəkdi — ئۇ مېنى كۆرۈپ موكتى، يەنى مېنى كۆرۈپ موكسەن دەپ يەرگە چاپلىشىۋالدى.

**بُكْدِي** bəkdi تويدى ~ بوكدى. اُلْ آشْدِنْ بُكْدِي — ol axdïn bəkdi — ئۇ ئاشتىن تويدى، يەنى سەسكەنگۈدەك تويدى. اُلْ تَفَارْقا بُكْدِي — ol tavarka bəkti — ئۇ تاۋارغا تويدى، ئۇنىڭ كۆزى مالغا تويدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (بُكَارْ - بُكْماكْ bəkər - bəkmək).

**بُكْدِي** bəgdi//bəkdi بوگدى ~ بوكتى، توستى، يىغدى. اُلْ سُفْغ بُكْدِي — ol suvuq bəgdi — ئۇ سۇنى بوگدى، يەنى توغان بىلەن توستى. شۇنىڭدەك، بَكْ سُوسِنْ بُكْدِي — bəg süsin bəgdi — بەگ ئەسكىرىنى يىغدى دېيىلىدۇ (بُكَارْ -

---

① بۇ پېئىلنىڭ كەلگۈسى زامان شەكلى ئۇچۇن يازما نۇسخىدا ئۆتكەن زامان شەكلى «سِقْدِي» يېزىلىپ قالغان، بىز كەلگۈسى زامان شەكلىنى بەردۇق.

بُكْماكْ bəgər - bəgmək). شۇنى بىلگىنىڭكى، ئادەتتە، ئەسكەرنىڭ جىقلىقى كۆپىنچە سۇغا ئوخشىتىلىدۇ. مەسىلەن: «سُوْقْ آقْتِي suv akti — سۇ ئاقتى»، «سُو آقْتِي sü akti قوشۇن ئاقتى، يەنى ماڭدى».

تُكْدِي tөkdi توكتى. اُغْلاَنْ سُوْقْ تُكْدِي — oƣlan suv tөkdi بالا سۇ توكتى (تُكَارْ - تُكْماكْ tөkər - tөkmək)①. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: اُغْلاَنْ سُوْقْ تُكَارْ اُلُغْ يَانِي سِنُورْ — oƣlan suv tөkər uluƣ yani sinur — بالا سۇ توكەر، چوڭنىڭ يانپىشى سۇنار، يەنى بالا سۇ توكىدۇ، چوڭلار تېيىلىپ كېتىپ يانپىشى سۇنىدۇ. بۇ ماقال كىچىكلەرنىڭ يامان ئىش قىلىپ قويۇشى بىلەن چوڭلار- نىڭ زىيان تارتىپ قېلىشىغا قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

تَكْدِي təgdi تەگدى، يەتتى. اُلْ اَفْكا تَكْدِي — ol əvgə təgdi ئۇ ئۆيگە يەتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (تَكِيرْ - تَكْماكْ təgir - təgmək). ماقالدا مۇنداق كەلگەن: ايَفَكْ اَفْكا تَكْماسْ əvək əvgə təgməs — ئالدىرىغان ئۆيگە يېتەلمەس. چۈنكى، ئۇ ئالدىراپ چاپتۇرغانلىقتىن

① يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلنىڭ مەستەر شەكلى بېرىلمىگەن، بىز قوشۇپ قويدۇق.

ئۇلمغى ھېرىپ كاردىن چىقىدۇ - دە، ئۇلاغسىز قېلىپ ئارماندا قالىدۇ. بۇ ماقال كىشىلەرنى ئىشلاردا ئالدىراقسان بولماي، تەمكىن بولۇشقا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

اَتغِلَرْ اُقْنِي اَزاقْ
تَكْمَدي بُو ساڤ اُشاقْ

*atqalir okni azak*
*təgmədi bu sav uxak*

[ئازما ئوق ئاتماقچى بولدى،
بۇ ئۇششاق سوزلەر (ماڭا) تەگمىدى.]

بىر ئويناق خوتۇن ماڭا ئېزىتقۇ ئوقىنى ئېتمۇدى، ئۇ پىتنە سوزلەر ماڭا تەگمىدى.

تُكْدي tügdi تۈگدى. اَرْ تُكُونْ تُكْدي *ər tügün tügdi* —

ئادەم تۈگۈن تۈگدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (تُكَارْ - تُكْماكْ *tügər - tügmək*). ماقالدا مۇنداق كەلگەن:

تِيلِنْ تُكْمِشْني تِيشِنْ يِزْماسْ *tilin tügmixni tixin* — *yazmas* تىل بىلەن تۈگۈلگەن چىش بىلەن يېشىلمەس، يەنى تىل بىلەن تۈككەن تۈگۈچنى چىش بىلەن يەشكىلى بولماس. بۇ ماقال ۋەدىگە ۋاپا قىلىشقا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

تِكْدي tikdi تىكتى؛ چاقتى. اَرْ تُونْ تِكْدي *ər ton tikdi* —

ئادەم تون تىكتى. اَتِغْ يِلانْ تِكْدِي *atiq yilan* —
*tikdi* ئاتنى يىلان چاقتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. چايان
چاقسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. اَرْ يِغاجْ تِكْدِي *ər* —
*yiqaq tikdi* ئادەم دەرەخ تىكتى. ھەرقانداق نەرسىنى
تىكلەشكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (تِكارْ - تِكْماكْ *tikər* -
*tikmək*). ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: تِكْماكِنْجا اُنْماسْ
تِلامَكِنْجا بُلْماسْ — *tikməginqə ünməs tiləməginqə*
*bulmas* تىكمىگۈچە ئۈنمەس، تىلىمىگۈچە تېپىلماس، يەنى
دەرەخ تىكىلمىگۈچە ئۈنمەيدۇ، مۇرات - مەقسەت ئىزدەن-
مىگۈچە قولغا كەلمەيدۇ. بۇ ماقال بىرەر ئىشتا كۆزلەنگەن
مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن تىرىشىش لازىملىقىغا ئۈندەپ
ئېيتىلىدۇ.

جَكْدِي qəkdi چەكتى، چېكىت قويدى. اُلْ بِتِكْ جَكْدِي
*ol bitik qəkdi* — ئۇ پۈتۈككە (خەتكە) چېكىت قويدى.
اُلْ اَتِنْ جَكْدِي *ol atïn qəkdi* — ئۇ ئېتىنى چەكتى.
يەنى ئېتىدىن قان ئالدى (جَكارْ - جَكْماكْ *qəkər* -
*qəkmək*).

جُكْدِي qɵkdi چۆكتى. اُلْ بَكْكا جُكْدِي *ol bəgkə* —
*qɵkdi* ئۇ بەگكە چۆكتى (تىزلاندى). باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

تَڤَى جُكْدى təvə qəkdi — تۆگە چۆكتى. تَمُر سُڤْدا
جُكْدى təmür suvda qəkdi — تۆمۈر سۇدا چۆكتى،
يەنى تۆمۈر سۇنىڭ تېگىگە چۆكتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق
(جُكار - جُكْماك qəkər - qəkmək).

جَكْدى qəgdi چەگدى ~ چىگدى. اُلْ تَرْكاك باغِنْ جَكْدى
ol türgək① baqïn qəgdi — ئۇ تۈرگەك بېغىنى
چىگدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (جَكار - جَكْماك - qəgər
qəgmək).

سُكْتى səkti سوكتى، چۆۋدى. اُلْ يَماغ سُكْتى ol yamaq —
səkti ئۇ ياماق سوكتى، يەنى كىيىمدىن ياماقنى سوكتى.
اُلْ اَڤِنْ سُكْتى ol əvin səkti — ئۇ ئۆيىنى چۆۋدى.

سُكْتى səkti چۆكتى. اُلْ بَككا سُكْتى ol bəgkə səkti —
ئۇ بەگكە تىز چۆكتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. «سُكا
اُلْتُر səkə oltur — چۆكۈنۈپ ئولتۇر، يەنى تىزلان»

---

① «تۈرگەك، بوقچا» مەنىسىدىكى بۇ سۆز بۇ يەردە فەتھە
بىلەن «تَرْكاك» قىلىپ يېزىلغان، لېكىن يازما نۇسخا 171 -
ۋە 410 - بەتلەردە «تُرْكاك» دەپ يېزىلغان. شۇڭا بىز
«türgək» دەپ ترانسكرىپسىيە بەردۇق.

دىگەن سۆزمۇ شۇنىڭدىن ئېلىنغان (سُكَارْ - سُكْمَاكْ
sekər - sekmək).

سِكْتِي sikti سىكتى. اَرْ اُرَاغُتْنِي سِكْتِي — ər uraqutni sikti ئەر خوتۇننى سىكتى (سِكَارْ - سِكْمَاكْ - sikər - sikmək).

بُلْدِي buldi تاپتى. اُلْ يَرْمَاقْ بُلْدِي — ol yarmak buldi ئۇ يارماق (پۇل) تاپتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (بُلُورْ - بُلْمَاقْ bulur - bulmak).

بِلْدِي bildi بىلدى، ئۆگەندى. اُلْ بِلِكْ بِلْدِي — ol bilik bildi ئۇ بىلىم بىلدى، يەنى ئۇ ئەقىل، ئىلىم - بىلىم ۋە ھېكمەت ئۆگەندى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (بِلِيرْ - بِلْمَاكْ bilir - bilmək). ئارغۇلار «بِلِيرْ» سۆزىنى «بِلُورْ bilür» شەكلىدە، يەنى «ل - l» ھەرپىنى زەممىلىك قىلىپ ئېيتىدۇ، بۇ باشقىلارنىڭ تەلەپپۇزىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

تَلْدِي təldi تەشتى. اَرْ تَامْ تَلْدِي — ər tam təldi ئادەم تام تەشتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

تَلْدِي təldi قوشتى، قاتتى. اُلْ اُغْلَاقِغْ سَغْلِقَا تَلْدِي — ol

oɣlakïɣ saɣlikka təldi ئۇ ئوغلاقنى (ئېيتمىش ئۈچۈن)
ساغلىققا قوشتى. ئوچكىنىڭ سۈتى تارتىلىپ قالسا، ياكى
ئوچكە ئۆلۈپ ئوغلاق يېتىم قالسا، ياكى قوزا ئۆلۈپ كەتسە،
شۇنداق قىلىنىدۇ (تَلِيرْ - تَلْماكْ təlir - təlmək).

تُلْدِي tuldi ئۇردى. آرْ تُبِكْنِي آذْرِي بِلا تُلْدِي ər topikni —
azri bilə tuldi ئادەم توپىنى ئارا (ئاچا تاياق) بىلەن
ئۇردى. بۇ تۈركلەرگە خاس بىر خىل ئويۇن بولۇپ،
ئويۇن قاتناشقۇچىلاردىن بىرى ئۆزى ئويۇننى باشلاپ
بېرىشنى خالىسا، توپنى ئارا (ئاچا تاياق) بىلەن ئۇرى-
دۇ. كىم توپنى قاتتىق ئۇرالىسا، شۇ كىشى ئويۇننى
باشلىغۇچى بولىدۇ. توقماق ئويۇنىدىكى ئۇرۇشمۇ «تُلْدِي
tuldi» دېيىلىدۇ (تُلارْ - تُلْماقْ tular - tulmak).

تِلْدِي tildi تىلدى. آرْ يَرِنْداقْ تِلْدِي ər yarïndak tildi —
ئادەم قېيىشنى تىلدى. بىرەر نەرسىنى ئۇزۇنسىغا تىلىشقىمۇ
مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ (تِلارْ - تِلْماكْ tilər - tilmək).

جَلْدِي qaldi چالدى، يىقىتتى؛ ئاڭلاتتى، ئىشتتۇردى. اُلْ
آنِي جَلْدِي ol ani qaldi — ئۇ ئۇنى چالدى، چېلى-
شىپ يىقىتتى. اُلْ سُوزْكْ مَنِكْ قُلاقْا جَلْدِي ol səzüg —
mənin kulukka qaldi ئۇ سۆزنى مېنىڭ قۇلىقىمغا

ئىشتتۇردى. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: جَقْسا تُتْنُرْ جَلْسا بلْنُورْ qaksa tutnur qalsa bilnür — چاقماق چېقىلسا ئوت تۇتىشار، سوز ئاڭلاتىلسا مەقسەت بىلىنۇر.

جَلْدی qaldī ئۇردى. تُنُغ تاش اُزا جَلْدی tonuq tax — üzə qaldī تونىنى تاش ئۈستىدە ئۇردى، يەنى ئىر كىيىمنى تاش ئۈستىدە ئۇردى. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

اِتِمْ تُوتُبْ قُذى جَلْدی
اَنِكْ تُوسِنْ قِرا بُلْدی
بَشِنْ اَلِبْ قُذى سَلْدی
بُغُزْ اَلِبْ تُكَلْ بُغْدی

*itïm tutup kuzī qaldī*
*anïŋ tüsin kïra yuldī*
*baxïn alïp kuzī saldī*
*boquz alīp tügəl boqdī*

[ئىتىم تۇتۇپ تووەن چالدى،
ئۇنىڭ تۈكلىرىنى راسا يۇلدى،
بېشىدىن ئېلىپ تووەنگە قايرىدى،
بوغۇزىدىن ئېلىپ تازا بوغدى.]

«مېنىڭ ئىتىم (بۆرىنى) تۇتۇپ، يەرگە باستى،

ئۇكاممىنى يۇلدى، بېشىنى ئارقىغا قايرىپ، بوغۇزىدىن ئېلىپ
راسا بوغدى (جَلارْ - جَلْماقْ *qalar - qalmak*).

**سَلْدي saldï** سالدى؛ پۇلاڭلاتتى؛ ئەۋەتتى، چىقاردى؛ ئېلىپ
كەتتى. اُلْ مَنكا تونِنْ سَلْدي *ol maŋa tonin saldï* —
ئۇ ماڭا تونىنى پۇلاڭلاتتى، يەنى چاپىنىنى بىلەن ئىشارەت
قىلدى. اُلْ مَنكا كِشيدا آلتُنْ سَلْدي *ol maŋa kixidə* —
*altun saldï* ئۇ ماڭا (بىر) كىشىدىن ئالتۇن سالدى
(ئەۋەتتى). سُوِقْ يِغاجِغْ سَلْدي *suv yïqaqïq saldï* —
سۇ ياغاچ (لار)نى ئېلىپ كەتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق
(سَلارْ - سَلْماقْ *salar - salmak*)، بىرەر كىشىنىڭ يىراقتا
تۇرۇپ، قوللىرى بىلەن ئىشارەت قىلىشى، يەنى قوللىرىنى
پۇلاڭلىتىشىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

**قَلْدي kaldï** قالدى. اَرْ كِيذِنْ قَلْدي *ər kəzin kaldï* —
ئادەم كېيىن قالدى. اُلْ اُيُونْدا قَلْدي *ol oyunda* —
*kaldï* ئۇ ئويۇندا (يەنى ئۇتتۇشۇشتا) قېلىپ قالدى
(ئۇتتۇرۇپ قويدى). قالغان ۋە تاشلانغان نەرسىلەر ئۇ-
چۇنمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ. ماقالدا مۇنداق كەلگەن:
اِيلْ قَلْدي تُرُو قَلْماسْ *əl kaldï törü kalmas* — ئەل
قالار، ئادەت قالماس. يەنى ئەل - يۇرت قالىدۇ، قائىدە-
يوسۇن قالمايدۇ. بۇ ماقال كىشىلەرنى قائىدە - يوسۇن

بويىچە ئىش قىلىشقا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ (قَلِيرْ - قَلْماق
kalïr - kalmak).

**قُلْدى** koldi تىلىدى، سورىدى. اُلْ مَنْدِنْ نانْكْ قُلْدى ol — mandin naŋ koldi ئۇ مەندىن (بىر) نەرسە تىلىدى
(قُلُورْ - قُلْماق kolur - ko'mak).

**قِلْدى** kïldi قىلدى. اَرْ اِيشْ قِلْدى ər ix kïldi —
ئادەم ئىش قىلدى. اَرْ قِيزِغْ قِلْدى ər kiziq kïldi —
ئادەم قىزنى قىلدى. بۇ سۆز ھۆشرۈنناق ئىشلىتىلگەندە ئەركىشى-
نىڭ خوتۇن بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىشىدىن كىنايە بولغاچقا،
ئوغۇزلار بۇ سۆزدىن قېچىپ، «قِلْدى kïldi» نىڭ ئورنىغا
«اِيتِّي ətti» سۆزىنى ئىشلىتىدۇ. مەسىلەن: ئادەم ناماز
ئوقۇدى دېيىشكە توغرا كەلگەندە، ئوغۇزلار «اَرْ يُكُنْجْ
اِيتِّي ər yükünq ətti» دەيدۇ. تۈركلەر بولسا، «قِلْدى»
سۆزىنى ئىشلىتىدۇ (قِلُورْ - قِلْماق kïlur - kïlmak).

**كَلْدى** kəldi كەلدى. اَرْ اَفْكا كَلْدى ər əvgə kəldi —
ئادەم ئۆيگە كەلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (كَلِيرْ - كَلْماكْ
kəlir - kəlmək). ماقالدا مۇنداق كەلگەن: بِيرْ قَرْغا

بِرْلا قِشْ كَلْماسْ — bir karɣa birlə kix kəlmas

بىر قاغا بىلەن قىش كەلمەس. بۇ ماقال ھەمراھلىرى ئۆلگۈرۈپ كېلىپ ياردەم بەرگۈچە، ئۆز ئىشلىرىدا تەمكىن بولۇشقا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

كُلْدِى küldi كۈلدى. اَرْ كُلْدِى ər küldi — ئادەم كۈلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (كُلارْ - كُلْماكْ külər - külmək). شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

كُلْسا كِشي اَتْما اَنكَرْ اُرْتَرْ كُلا
بَقِلْ اَنكَرْ اَذْكُولُكُنْ اَغْزِنْ كُلا

*külsə*① *kixi atma aŋar ərtər külə*
*bakkil aŋar əzgülükün aɣzin külə*

[كىشى (ساڭا قاراپ) كۈلسە، ئۇنىڭ (يۈزى) غا
ئورتەيدىغان كۈل چاچما،
ئۇنىڭغا ياخشىلىق بىلەن كۈلۈپ قارا.]

بىر كىم ساڭا كۈلۈمسىرەپ قارىسا، سەنمۇ ئۇنىڭغا

① بۇ مىسرادىكى «كُلْسا» سۆزى ئۇيغۇرچە I توم 174 - بەتتىكى مۇشۇ شېئىردا «كَلْسا» «kəlsə» شەكلىدە كەلگەن.

تەبەسسۇم بىلەن قارا، يەنى «ياخشىلىق قىلغانغا ياخشىلىق
قىل» دېمەكچى.

تَمْدى tamdï تامدى. سُوف تَمْدى *suv tamdï* — سۇ تامدى.
باشقىلاردىمۇ شۇنداق (تَمارْ - تَمّاقْ *tamar - tammak*).

جُمْدى qomdï چۆمدى، چۆمۈلدى. اُغْلانْ سُفْدا جُمْدى *oqlan suvda qomdï* — بالا سۇدا چۆمۈلدى
(جُمارْ - جُمّاقْ *qomar - qommak*).

جُمْدى qəmdi چۆمدى، شۇڭغىدى. اُرْدَكْ سُفْقا جُمْدى *ərdək suvka qəmdi* — ئۆردەك سۇغا چۆمدى (شۇڭغىدى)
(جُمارْ - جُماكْ *qəmər - qəmmək*). بۇ سۆز بىلەن يۇ-
قۇرىدىكى سۆزنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، بۇنىڭ مەنىسى
«ك - *k*» بىلەن، ئالدىنقىسىنىڭ «ق - *k*» بىلەن
يېزىلىدۇ.

قَمْدى kamdï دۇمبالىدى، ئۇردى، ساۋىدى. اُلْ آنى قَمْدى *ol ani kamdï* — ئۇ ئۇنى (ھالىدىن كېتىپ ئۆلگۈچە)
ئۇردى (قَمارْ - قَمّاقْ *kamar - kammak*).

قُمْدى komdï تىمىلدىدى، دولقۇنلىدى. سُوف قُمْدى *suv komdï* — سۇ دولقۇنلىدى (قُمارْ - قُمّاقْ *komar - kommak*).

كُمْدى kəmdi كۆمدى. اُلْ اُلُكْنى كُمْدى *ol əlügni* —

*kəmdi* ئۇ ئۇلۇكنى كومدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (كمار - كمّاك *kəmər - kəmmək*). كوزمان كمدي *kəzmən kəmdi* — كومەچ كومدى.

**بَنْدى** bandï باغلاندى. قوي بَنْدى *koy bandï* — قوي باغلاندى. ھەرقانداق نەرسىنى باغ بىلەن باغلاشقىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (بانِر - بنْماق *banïr - banmak*). بۇنىڭدا «ل - *l*» ھەرپى «ن - *n*»غا ئالماشقان.

**تُنْدى** tundï تۇتۇلدى؛ ئېتىلدى، توسالدى. كُوك تُنْدى *kək tundï* — ھاۋا تۇتۇلدى، ئاسمان بۇلۇتلاندى. قبغ تُنْدى *kapuɣ tundï* — قوۋۇق ئېتىلدى. داۋان قار بىلەن قاپلانسا (توسالسا)، «آرْت تُنْدى *art tundï*» دېيىلىدۇ (تُنُر - تُنْماق *tunur - tunmak*). ئوغۇزلار بىلەن تىپچاقلار مۇنداق كەلگۈسى زامان پېئىلىنى فەقەت بىلەن «تُنار *tunar*» شەكلىدە ئىشلىتىدۇ.

**تِنْدى** tïndï تىندى، توختىدى. يغمر تِنْدى *yaɣmur tïndï* — يامغۇر توختىدى. آر الغ تِنْدى *ər uluɣ tïndï* — ئادەم ئۇلۇغ - كىچىك تىندى. آرق تِنْدى *aruk tïndï* — ھارغان تىندى، يەنى ھارغان ئادەم ئارام ئالدى

(تىنار - تىنماق tïnar - tïnmak)• ئوغۇزلار بىرەر كىشىنى سۆزلەشتىن توختاتماقچى بولسا، «تىنما tïnma — توختىما» دەپ تەتۈرىنى ئېيتىدۇ. باشقا تۈركلەر «توختا» ياكى «جىم بول» دىگەن مەنىدىكى «تىن tïn» سۆزىنى ئىشلىتىدۇ. ئوغۇزلارنىڭ «تىنما tïnma» دىگىنىدىن «توختىما» دىگەن مەنە چىقىدۇ. دىمەك، ئوغۇزلار بۇ يەردە خاتا قىلغان.

**سَنْدى** sandï سانالدى. اُلْ اَرْ خيل① بِلا سَنْدى ol ar həyl bilə sandï — ئۇ ئادەم ئاتلىقلاردىن سانالدى. بىركىمنى باشقا نەرسىلەر قاتارىدا ساناشقا (كورۇشكە) توغرا كەلسىمۇ شۇنداق دىيىلىدۇ (سانُر - سَنْماق sanur - sanmak)، ماقالدا مۇنداق كەلگەن: بارِغ اُتْرُو تُتْسا يُوقْقا سَنْماس bariq utru tutsa yokka sanmas — بارنى ئوتتۇرىغا قويسا، يوققا سانالماس، يەنى بار نەرسە مېھمانغا ئېلىپ كېلىنسە، مېھمان قىلمىدى دەپ ھېسابلانماس.

---

① بۇ جۈملىدىكى «خيل» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «ئات، يىلقا» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. جۈملىنىڭ تۈزۈلۈشىدىن قارىغاندا، بۇ سۆز بۇ يەرگە خاتا كىرگۈزۈلگەن. بۇ ھەقتە بېسىم ئاتالايمۇ تۈركچە II توم 28 - بەتتە «اتلغ atlïq — ئاتلىق» بولسا كېرەك، دەپ ئىزاھ بەرگەن.

سُنْدِى sundi سۇندى، ئۇزاتتى، تۇتتى. اُلْ مَنْكا آتْماكْ سُنْدى ol maŋa ətmək sundi — ئۇ ماڭا نان سۇندى (سۇنۇپ بەردى). باشقىلاردىمۇ شۇنداق (سُنَارْ - سُنْماقْ sunar - sunmak).

سِنْدِى sïndi سىندى ~ سۇندى. يِغَاجْ سِنْدِى — yïqaq sïndi ياغاچ سۇندى. سُو سِنْدِى sü sïndi — ئەسكەر (قوشۇن) سىندى، يەنى يېڭىلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (سِنُورْ - سِنْمَاقْ sïnur - sïnmak). «سِنَارْ» «sïnar» دەپمۇ ئېيتىلىدۇ.

قُنْدِى kundi بۇلىۋالدى، تارتىۋالدى. اُغْرِى تَڤَارْ قُنْدِى oqrï tavar kundï — ئوغرى مالنى بۇلىۋالدى. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

كِجِكْ بُلُبْ يَاغِنِي يِرْكُو آمَاسْ
آذْكَرْمَذِبْ قُذْسَا آنِي اِيلْنِي قُنَارْ

*kiqik bulup yaqïnï yərgü əməs*
*əzgərməzip kozsa anï əlni kunar*

[دۈشمەننى كىچىك كۆرۈپ كەمسىتمەسلىكىڭ،
ئۇنى كۆزگە ئىلماي قويساڭ، ئەلنى تارتىۋالىدۇ.]

دۈشمەن ھەرقانچە كىچىك بولسىمۇ، ئۇنى مەنسىتـ-
مەسلىك لايىق ئەمەس، ئېھتىياتسىزلىق قىلىپ ئۇنى كۆزگە
ئىلماي قويساڭ، ئۇ ئەلنى سەندىن تارتىۋالىدۇ

(قُناز - قُنماق kunar - kunmak).

كُنْدى kəndi كوندى، تۈزەلدى، ئىقرار بولدى، ماقۇل بولـ-

دى، ئۆگەندى. يِغاچ كُنْدى yïqaq kəndi — ياغاچ

كوندى، تۈزەلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. اُغْرى كُنْدى

oqri kəndi — ئوغرى ئىقرار بولدى. بىرەر نەرسىدىن

تېنىۋالغان ئادەمنىڭ ئۇنى ئىقرار قىلىشىمۇ شۇنداق

دېيىلىدۇ. اَرْ يولقا كُنْدى ər yolka kəndi — ئادەم

يولغا چۈشتى، يەنى توغرا يولنى تېپىۋالدى.

كُنْدى kəndi كويدى. اتْنُكْ كُنْدى otuŋ kəndi — ئوتۇن

كويدى. بۇ ئارغۇچە سۆز بولۇپ، يۇقۇرىدىكى قائىدىدە
ئېيتىلغىنىدەك، ئارغۇلار «ى - يا» ھەرپىنى «ن - n» ھەر-
پىگە ئالماشتۇرىدۇ.

كُنْدى kəndi كوندى، ئۆگەندى. تَسُونْ اَتْ كُنْدى tosun —

توسۇن ئات كوندى. ھەرقانداق ئىش تۈزۈ-
لىپ (توغرا) يولغا چۈشسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ
(كُنارْ - كُنْماكْ kənər - kənmək).

مَنْدى mandi تاقىدى، ئاستى؛ ماندى، مىلىدى. اَرْ تُلُمْ مَنْدى

ər tolum mandi — ئادەم جەڭ قوراللىرىنى تاقىدى.

آر آتماك سركاكا مندى *ər ətmək sirkəgə mandï* — ئادەم نانىنى سىركىگە مانىدى. ھەرقانداق نەرسىنى باشقا بىر نەرسىگە بۇلاش ياكى مىلاشقىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (منار - منماق *manar - manmak*).

مندى mundï ئالجىدى. قرى آر مندى *karï ər mundï* — قېرى ئادەم ئالجىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (منار - منماق *munar - munmak*).

مندى mündi مىندى. آر آت مندى *ər at mündi* — ئادەم ئات مىندى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (منار - منماك *münər - münmək*).

## قائىدىلەر، پېئىللارنىڭ تۇرلىنىشى ۋە سۇپەتلەرنىڭ باياني ھەم بۇلارنىڭ تەتبىقلىنىشى

تەگرىنىڭ ياردىمى بىلەن شۇلارنى ئېيتالىقچىمەن: پېئىللارنىڭ ياسىلىشىدا پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى بىلەن بۇيرۇق شەكلى ئاساس بولىدۇ. يۇقۇرىدا «پېئىللار ياسىلىش جەھەتتە پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى ئەتراپىدا دەۋر قىلىدۇ» دېگەن ئىدىم، چۈنكى سوزنىڭ باش ھەرپى ئۆتكەن زامان شەكلىدە قەتئىلىك بولسا،

كەلگۈسى زامان شەكلى بىلەن مەستەردىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئۇنىڭ باش ھەرپى ئۆتكەن زامان شەكلىدە زەممىلىك بولسا، كەلگۈسى زامان شەكلى بىلەن مەستەردىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر كەسرىلىك بولسا، كەلگۈسى زامان شەكلى بىلەن مەستەردىمۇ شۇنداق بولىدۇ. مەسىلەن: «بَرْدِى *bardi* — باردى» پېئىلىنى ئالساق، بۇ سۆزنىڭ باش ھەرپى ئۆتكەن زامان شەكلىدە فەتھەلىك كەلگەن، شۇڭا كەلگۈسى زامانى «بَرِرْ *barir* — بارار (بارىدۇ)» شەكلىدە، مەستەرى «بَرْمَاقْ *barmak* — بارماق» شەكلىدە فەتھەلىك بولىدۇ. يەنى «ب - *b*» ھەرپى فەتھەلىك كېلىدۇ. باش ھەرپى زەممىلىك كەلگەنگە مىسال ئالساق، پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامانى «تُرْدِى *turdi* — تۇردى» شەكلىدە زەممىلىك كەلگەن بولسا، ئۇنىڭ كەلگۈسى زامانى «تُرُرْ *turur* — تۇرار (تۇرىدۇ)»، مەستەرى «تُرْمَاقْ *turmak* — تۇرماق» شەكلىدىمۇ زەممىلىك بولىدۇ. يەنى «ت - *t*» ھەرپى زەممىلىك كېلىدۇ. باش ھەرپى كەسرىلىك كەلگەنگە مىسال ئالساق، «يِنْجُو تِزْدِى *yinqü tizdi* — ئۈنچە تىزدى» دېگەن ئىبارىدىكى «تِزْدِى *tizdi*» پېئىلىنىڭ كەلگۈسى زامانى «تِزَارْ *tizər* — تىزار (تىزىدۇ)»، مەستەرى «تِزْمَاكْ *tizmək* — تىزماق» شەكلىدە، يەنى «ت - *t*» ھەرپى كەسرىلىك بولىدۇ.

بۇ تىلنىڭ تۈزۈلۈشى ئەرەب تىلىنىڭ تۈزۈلۈشىگە
ئوخشىمايدۇ. ئەرەب تىلىدا پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان،
كەلگۈسى زامان، مەستەر شەكىللىرى بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ.
مەسىلەن: تۈپ پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامانى «قَعَدَ» شەكلىدە
«ق-k» ھەرپى فەتھەلىك بولسا، ئۇنىڭ كەلگۈسى زامانى
«يَقْعُدُ» شەكلىدە «ق-k» ساكىنلىق، مەستىرى «قُعُودًا»
شەكلىدە «ق-k» زەممەلىك كېلىدۇ. شۇنىڭدەك ئۆتكەن
زاماندا «مَطَرَ» شەكلىدە «م-m» ھەرپى فەتھەلىك
كەلگەن پېئىلنىڭ كەلگۈسى زامانىدا «يَمْطُرُ» شەكلىدە،
«م-m» ساكىنلىق، مەستىرىدە «مُطُورًا» شەكلىدە «م-m»
ھەرپى زەممەلىك بولىدۇ. دېمەك «م-m» ھەرپى ئۆت-
كەن زاماندا فەتھەلىك، مەستەردە زەممەلىك، كەلگۈسى
زاماندا ساكىنلىقتۇر. ھەرپ ئارتتۇرۇلغان (ياسالما) پېئىل
بابلىرىغا كەلسەك، ئۆتكەن زامان شەكلى «اَكْرَمَ» بولغان
پېئىلدا «ا-ئېلىف» فەتھەلىك كەلگەن بولسا، ئۇنىڭ
كەلگۈسى زامانى «يُكْرِمُ» شەكلىدە «ى-يا» زەممەلىك،
مەستىرى «اِكْرامًا» شەكلىدە «ا-ئېلىف» كەسرىلىك
كېلىدۇ. «اِسْتَغْفَرَ، يَسْتَغْفِرُ، اِسْتِغْفارًا» شەكىللىرىمۇ شۇ
جۈملىدىندۇر، يەنى «ا-ئېلىف» ئۆتكەن زامان شەكلىدە
كەسرىلىك كەلگەن.

دېمەك، ئەرەب تىلىدا ھەممە پېئىللارنىڭ ئۆتكەن

زامان، كەلگۈسى زامان ۋە مەستەر شەكىللىرى بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. تۈركى تىللاردا مۇنداق ئەمەس، ھەممە پېئىللار بىر قائىدىگە بويسۇنىدۇ، يەنى ئىككى، ئۈچ، تۆت، بەش ۋە ئۈنىڭدىن كوپ ھەرپلىك پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامان، كەلگۈسى زامان ۋە مەستەر شەكىللىرى بىر خىل قائىدە بويىچە كېلىدۇ.

ئىككىنچى قائىدە: پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلىدىلا مۇزائەف بولىدۇ، كەلگۈسى زامان ۋە مەستەر شەكىللىرىدە مۇزائەف بولمايدۇ.

ئۈچىنچى قائىدە: پېئىللاردىن ياسالغان سۈپەتلەر ئۇغۇز، قىپچاق، يەمەك، ياغما، ئارغۇ ۋە سۇۋارلاردىن پەچەنەكلەرگىچە بولغان كوچمەنلەر تىلىدا ئۆتكەن زامان پېئىلىدىن ياسىلىدۇ. مەسىلەن: «بَرْدِي *bardï* — باردى» دىگەن پېئىلدىن ئۆتكەن زامان بەلگىسى بولغان «د - *d*» بىلەن «ى - يا» ئارىسىغا بىر «ج - *q*» قوشۇلۇپ، «بَرْدَجِي *bardaqï* — بارغۇچى، بارىدىغان» دىگەن سۈپەت ياسىلىدۇ. شۇنىڭدەك، «تُرْدِي *turdï* — تۇردى (قوپتى)» دىگەن پېئىلدىن ئۆتكەن زامان بەلگىسى «د - *d*» بىلەن «ى - يا» ئارىسىغا بىر «ج - *q*» قوشۇلۇپ، «تُرْدَجِي *turdaqï* — تۇرغۇچى، تۇرىدىغان» دىگەن سۈپەت ياسىلىدۇ. بۇ قائىدە ھەممە باپلاردىكى پېئىللار ئۈچۈن ئومۇمىدۇر. پېئىللارنىڭ بۇيرۇق شەكلىگە كەلسەك،

بەزى يۇقۇرىدا پېئىللاردىن ياسالغان سۈپەتلەر كۆپچىلىك تۈركىي تىللاردا، جۈملىدىن چىگىل ۋە باشقىلارنىڭ تىلىدا پېئىلنىڭ بۇيرۇق شەكلىدىن ياسىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتتۇق. كەپىنىڭ قىسقىسى، تۈرلۈك مەقسەتلەر ئۈچۈن پېئىللارغا قوشۇلىدىغان قوشۇمچىلار بۇيرۇق شەكلىگە ئۇلىنىدۇ. خۇددا خالىسا، بۇنى تۆۋەندە بايان قىلىمىز.

شۇنى بىلىڭكى، پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامانى ھەممە پېئىللاردا «دى *dï/di*» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ، زادى باش-قىچە بولمايدۇ. پەقەت قاتتىق ھەرپلەر ھېساپلىنىدىغان «ب-*p*»، «ت-*t*»، «ج-*q*»، «ك-*k*» لەر بىلەن قوشۇلغاندىلا ئۇلارنىڭ تەلەپپۇزى قاتتىق بولغانلىقتىن، بۇ «د-*d*» ھەرپى «ت-*t*»غا ئايلىنىدۇ. مەسىلەن: «تَبْتِي *tapti* — تەپتى»، «تُتّي *tutti* — تۇتتى»، «قَجْتِي *kaqti* — قاچتى»، «تَقَى جُكْتِي *tava qokti* — تۆگە چۆكتى» دىگەن سۆزلەردە-كىدەك ئوخشاش. شۇنىڭدەك، «ق-*k*» ھەرپىمۇ مۇشۇ خىلدا قاتتىق «ك-*k*» ھەرپىگە ئوخشاش بەزىدە قاتتىق ھەرپلەر قاتارىغا كىرىدۇ. مەسىلەن: «اُلْ مَنْكا بَقْتِي *ol— maŋa bakti* ئۇ ماڭا باقتى» دىگەنگە ئوخشاش.

بۇ مىساللاردا كۆرسىتىپ ئۆتكەن ھەرپلەرنىڭ تەلەپ-پۇزى قاتتىق بولغىنى ئۈچۈن، بۇ مىساللاردىكى «د-*d*» ھەرپى يۇقىرىدا سۆزلىگىنىمىزدەك «ت-*t*»غا ئايلىنىپ كەتكەن. بۇ ئەسلىدە «د-*d*» دۇر، لېكىن مۇشۇ ھەرپ-

لەرنىڭ يېنىدا كەلگەندە، «ت - t» بىلەن تەلەپپۇز قىلى-
نغان چىرايلىقراق. بۇ قائىدە ھەرقايسى بولۇمدىكى تۈپ
پېئىللار ۋە ھەرپ ئارتتۇرۇلغان پېئىللارنىڭ ھەممىسىگە
ئومۇمىدۇر.

پېئىللارنىڭ كەلگۈسى زامانى ھەممە بولۇمدىكى
پېئىللاردا «ر - r» قوشۇلۇش بىلەنلا ياسىلىدۇ. ئەگەر ئەسلى
سۆز «ر - r» بىلەن ئاياقلاشقان بولسا، ئۇنىڭغا يەنە
بىر «ر - r» قوشۇلىدۇ. بۇنىڭ بىرىنچىسى پېئىل يىلتىزى-
دىكى «ر - r»، ئىككىنچىسى كەلگۈسى زامان ئۈچۈن قوشۇل-
غان «ر - r» بولىدۇ. بۇ تىلدىكى كەلگۈسى زامانى بىل-
دۈرىدىغان «ر - r» ھەرپى ئەرەپ تىلىدىكى كەلگۈسى
زامانى بىلدۈرىدىغان «ا - ئېلىف، ت - t، ن - n، ى - يا»
ھەرپلىرىگە ئوخشايدۇ. سۆزنىڭ ئەسلىدە «ر - r» بولمى-
سا، كەلگۈسى زامان ئۈچۈن بىر «ر - r» قوشۇلىدۇ.

بۇ قائىدىنى ئۆتكەن زامان پېئىلى ۋە بۇيرۇق
پېئىلغا تەتبىق قىلساق مۇنداق بولىدۇ: پېئىلنىڭ ئۆتكەن
زامان شەكلىدە «د - d» نىڭ ئالدىدا بىر «ر - r»
بولسا، بۇ «ر - r» ساقلىنىدۇ. پېئىلنىڭ بۇيرۇق شەكلىدە
ئۆتكەن زامان بەلگىسى بولغان «د - d» بىلەن «ى - يا»
ئېلىپ تاشلىنىپ، «ر - r» ساكىن ھالەتتە ساقلىنىدۇ.
بۇ «ر - r» سۆزنىڭ يىلتىزىدىكى (ئەسلىدىكى) «ر - r»
دۇر. بۇ ئەھۋالدا كەلگۈسى زامان ئۈچۈن پېئىلغا ئۇنىڭ
ئاخىرقى ھەرپى بولغان «ر - r» دىن باشقا
يەنە بىر «ر - r» قوشۇلىدۇ. ئەگەر ئۆتكەن زامان
ۋە بۇيرۇق پېئىللىرىنىڭ ئاخىرىدا «ر - r» ھەرپى بولمىسا،

كەلگۈسى زامان ئۈچۈن بىر «ر ـ r» قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:
ئۆتكەن زاماندا «بَرْدي bardï—باردى» بولسا، بۇيرۇق ـ
تا «بَرْ bar — بار» دېيىلىدۇ. دېمەك، بۇيرۇقتا ئۆت ـ
كەن زامان قوشۇمچىسى «دى di‖dï» ئېلىپ تاشلى ـ
نىپ، «ر ـ r» ساقلانغان. بۇ سوزنىڭ يىلتىزىدىكى «ر ـ r»
دۇر. كەلگۈسى زاماندا «اَلْ بَرِير ol barïr — ئۇ با ـ
رىدۇ» دېيىلىدۇ. بۇنىڭدا بۇيرۇق شەكلىگە كەلگۈسى
زامان ئۈچۈن يەنە بىر «ر ـ r» قوشۇلغان. بۇ يەردىكى
«ر ـ r» نىڭ بىرى پېئىلنىڭ يىلتىزىدىكى
«ر ـ r»، يەنە بىرى كەلگۈسى زاماننى بىلدۈرىدىغان
«ر ـ r» دۇر. شۇنىڭدەك، ئۆتكەن زاماندا «اَلْ تُرْدي
ol turdï — ئۇ تۇردى (ئۇ قوپتى)» دېيىلسە، بۇيرۇقتا
«تُرْ tur — تۇر (قوپ)» دېيىلىدۇ. كەلگۈسى زاماندا
«اَلْ يُقارُو تُرُر ol yokaru turur — ئۇ ئورە تۇرىدۇ»
دېيىلىدۇ. بۇ سوزدە ئىككى «ر ـ r» بار، بۇنىڭ بىرى
سوزنىڭ ئەسلى (يىلتىزى) دىكى «ر ـ r»، ئىك ـ
كىنچىسى كەلگۈسى زامان بەلگىسى بولغان «ر ـ r»
دۇر. ئوغۇزلار يېنىكلىتىش ئۈچۈن كوپىنچە پېئىللارنىڭ
كەلگۈسى زامان شەكلىدە «ر ـ r» نىڭ بىرىنى چۈشۈرۈپ
قالدۇرۇپ، پېئىلنى بۇيرۇق شەكلىدىكىدەك بىرلا «ر ـ r»
بىلەن سوزلەيدۇ. بۇ چىرايلىق ئەمەس ھەم قائىدىگە
خىلاپ.

«ر - r» بىلەن ئاياقلاشقان پېئىللارنى ئالايلى:
ئۆتكەن زامان شەكلى «كَلْدى kəldi — كەلدى» بولغان
پېئىلنىڭ بۇيرۇق شەكلى «كَلْ kəl — كەل» بولىدۇ.
كەلگۈسى زامانى «كَلِرْ kəlir — كېلەر، كېلىدۇ» بولىدۇ.
«كُلْدى آرْ küldi ər — ئادەم كۈلدى» دېگەن ئىبارە-
دىكى «كُلْدى küldi — كۈلدى» پېئىلىمۇ شۇنداق. بۇنىڭ
كەلگۈسى زامانى «كُلَرْ külər — كۈلەر، كۈلىدۇ» بولىدۇ.
بۇ مىساللاردا پېئىلنىڭ يىلتىزىدا «ر - r» يوق، كەلگۈ-
سى زامانى ئۈچۈن بىر «ر - r» قوشۇلغان.
يىلتىزىدا «ر - r» ھەرپى بولمىغان مۇنداق
پېئىللاردا ئوغۇزلارمۇ تۈركلەرگە ئوخشاش «ر - r»نى
چۈشۈرۈپ قويمايدۇ.
بۇ قائىدە ئۈچ، تۆت ۋە ئۇنىڭدىن كۆپ ھەرپتىن
تۈزۈلگەن پېئىللار ئۈچۈن ئومۇمىدۇر.
ئەمدى شۇنى بىلگىنكى، تۈركى تىلدىكى پېئىللارنىڭ
تۈزۈلۈشى ئەرەب تىلىدىكى پېئىللارنىڭ تۈزۈلۈشىگە ئوخ-
شايدۇ. ئۆتكەن زامان پېئىلى فَعَلَ fə'la شەكلىدە، كەل-
گۈسى زامان پېئىلى فَعِلْ fəil شەكلىدە، مەستەر فَعَلانْ
fə'lan شەكلىدە بولىدۇ. مەسىلەن: «بَرْدى bardi —
باردى» دېگەن ئۆتكەن زامان شەكلى ئەرەپچىدىكى

«عَقْرِى»ۋە «حَلْقِى» شەكلىگە ئوخشايدۇ. «بَرِيْر *barïr* — بارار، باردۇ» دىگەن كەلگۈسى زامان شەكلى ئەرەپ- چىدىكى «نَمِرْ، رَجِلْ، بَكِرْ» شەكلىگە ئوخشايدۇ.

«بَرْمَاقْ *barmak* — بارماق» دىگەن مەستەر شەكلى ئەرەپچىدىكى «قَرْقَارْ» ۋە «خَلْخَالْ» شەكلىگە ئوخشايدۇ.

بۇ تىلدا مەيلى تۈپ پېئىللار بولسۇن، مەيلى ھەرپ ئارتتۇرۇلغان پېئىللار بولسۇن، ھەممىسىنىڭ تۈزۈلۈشى مۇشۇنداق بولىدۇ.

ئىككى ھەرپتىن تۈزۈلگەن بىر پېئىلنى تولۇق تەلەپپۇز قىلىش بىلەن ئۈچ ھەرپلىكلەر قاتارىغا كىرگۈزۈش- كىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: «بَرْدِى *bardï*» دىيىلگىنىدەك «بارْدِى *tardï*» دىيىلسىمۇ بولىدۇ. شۇنىڭدەك، «تُرْدِى *turdï*» دىيىلگىنىدەك «تورْدِى *turdï*» دىيىلسىمۇ بولىدۇ. بۇ ھال پەقەت ئۆتكەن زامان شەكلىدىلا بولۇشى مۇمكىن، كەلگۈسى زامان ۋە مەستەر شەكىللىرىدە مۇمكىن ئەمەس. بۇ خۇددى تۈپ ئىسىملارغا يىلتىزدا بولمىغان «مەد» ھەرپلىرى ۋە «لىن» ھەرپلىرىنى قوشقىلى بولغانغا ئوخ- شايدۇ. مەسىلەن: «يِغَچْ[1] *yïqaq* — ياغاچ» نى «يِغاچ

[1] يازما نۇسخىدا بۇ سۆز «يِغاچْ *yïqaq*» شەكلىدە يېزىلغان بولسىمۇ، بىردىلىۋاتقان قائىدىنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن «يِغَچْ *yïqaq*» شەكلىدە ئالدۇق.

«*yioɣaq*» دېسمۇ بولىدۇ، «تنۇق *tanuk* — گۇۋا» نى
«تنۇق *tanuk*» دېسمۇ بولىدۇ. لېكىن ئىسىم ۋە
پېئىللاردا سوزنىڭ قىسقا، ئىخچام ئىپادىلىنىشى توغرا ۋە
فەساھەت ھېساپلىنىدۇ.

مەستەر: پۇتۇن پېئىللارنىڭ مەستەرى بىر قائىدىگە
بويسۇنىدۇ، تەركىۋىدە «ق - *k*» ياكى «غ - *oɣ*» ھەرپلىرى
كەلگەن ياكى قاتتىق ئىپادىلەنگەن سوزلەردە يىلتىزغا
«ماق - *mak*» قوشۇلىدۇ؛ تەركىۋىدە «ك - *k*» كەلگەن
ياكى ھەر ئۇچ ھەرىكىسى يۇمشاق ئىپادىلەنگەن سوزلەردە
يىلتىزغا «ماك - *mak*» قوشۇلىدۇ.

تەركىۋىدە «ق - *k*» كەلگەن سوزلەرگە مىسال:
«ال يا قردى *ol ya kurdi* — ئۇ يا قۇردى» دېگەن
جۇملىدىكى «قردى *kurdi*» پېئىلىنىڭ كەلگۇسى زامانى
ۋە مەستەرى «قرار - قرماق *kurar - kurmak*» بولىدۇ.
بۇ سوزنىڭ تەركىۋىدە «ق - *k*» بولغاچقا، مەستەرمۇ
«ماق - *mak*» قوشۇلۇپ ياسالغان.

تەركىۋىدە «غ - *oɣ*» كەلگەن سوزلەرگە مىسال:
«ال سوت سغدى *ol süt saoɣdi* — ئۇ سۇت ساغدى»
دېگەن جۇملىدىكى «سغدى *saoɣdi* — ساغدى» پېئىلىنىڭ
تەركىۋىدە «غ - *oɣ*» بولغاچقا، مەستەرى «ماق - *mak*»

بىلەن ياسالغان «سَغار - سَغْماق *saɣar - saɣmak*» .

قاتتىق تەلەپپۇز قىلىنىدىغان سۆزلەرگە مىسال: «اَرْ بَرْدِي *ər bardi* — ئادەم باردى» دىگەن جۈملە- دىكى «بَرْدِي *bardi*» پېئىلىنىڭ كەلگۈسى زامانى ۋە مەستىرى «بَرِزْ - بَرْماق *barir - barmak*» بولىدۇ. «تُرْدِي *turdi* — تۇردى» پېئىلىدىمۇ شۇنداق، بۇنىڭ كەلگۈسى زامانى ۋە مەستىرى «تُرُرْ - تُرْماق *turur - turmak*» بولىدۇ. دىمەك، سۆز قاتتىق ئېيتىلسۇندى، مەستىرى «ق - *k*» بىلەن كەلدى.

تەركمۇندە «ك - *k*» كەلگەن سۆزلەرگە مىسال: «كَلْدِي *kəldi* — كەلدى» پېئىلىنىڭ تەركمۇندە «ك - *k*» بولغاچقا، كەلگۈسى زامانى ۋە مەستىرى «كَلِرْ - كَلْماك *kəlir - kəlmək*» بولىدۇ. يۇمشاق «ك - *g*»لىك سۆز- لەرمۇ قاتتىق «ك - *k*»لىك سۆزلەرگە ئوخشايدۇ. مەسىلەن: «اُلْ مَنِي اُكْدِي *ol məni øgdi* — ئۇ مېنى ماختىدى» دىگەن جۈملىدىكى «اُكْدِي *øgdi*» پېئىلىنىڭ كەلگۈسى زامانى ۋە مەستىرى «اُكَارْ - اُكْماكْ - *øgər øgmək*» بولىدۇ، يەنى سۆزنىڭ يىلتىزىدا يۇمشاق «ك - *g*» بولسىمۇ، مەستىرى قاتتىق «ك - *k*» بىلەن كېلىدۇ.

يۇمشاق ئېيتىلىدىغان سوزلەرگە مىسال: «ئار تالىم سەردى» دىگەن جۈملىدىكى «سەردى *sərdi*» پېئىلى يۇمشاق ئېيتىلغاچقا، ئۇنىڭ كەلگۈسى زامان ۋە مەستەر شەكىللىرى «سەرەر-سەرماك *sərər - sərmək*» بولۇپ، مەستىرى «ك-*k*» بىلەن كەلدى.

دىمەك، قاتتىق ئېيتىلىدىغان سوزلەرنىڭ مەستىرىدە «ق-*k*» كەلگىنىدەك، يۇمشاق ئېيتىلىدىغان سوزلەرنىڭ مەستىرىدە «ك-*k*» كېلىدۇ. مەسىلەن: «بەگ ئانى سەردى *bəg ani sərdi*» — بەگ ئۇنى كايىدى، دوشكەللىدى» (سەرەر-سەرماك *sərər - sərmək*). «ئار بىتىك تۈردى — *ər bitik türdi*» ئادەم خەت (ۋە باشقا نەرسىلەرنى) تۇردى، يەنى تۇرتەكلىدى» (تۈرۈر-تۈرماك *türür - türmək*). «ئال يارماق تەردى — *ol yarmak tərdi*» ئۇ يارماق (پۇل) تەردى، يىغدى» (تەرەر-تەرماك *tərər - tərmək*).

شۇنىڭدەك، «ئات سۈردى *at sürdi*» — ئات ھەيدىدى» (سۈرەر-سۈرماك *sürər - sürmək*). مەن كورسەتكەندەك، بۇ مىساللاردا مەستەرلەر «ك-*k*» بىلەن كەلگەن.

ھەربىر بولۇمنىڭ تۈپ پېئىل باپلىرى ياكى ياسالما پېئىل باپلىرىغا كىرىدىغان ھەممە پېئىللار مۇشۇ قائىدىگە بويسۇنىدۇ، ھېچقايسىسى بۇنىڭدىن چەتكە چىقمايدۇ. مەستەرلەرنىڭ «ق - ⱪ»لىق (ماق - *maⱪ*) ياكى «ك - k»لىك (مەك - *mək*) بولۇشى پېئىلنىڭ يۇقۇرىدا بايان قىلىنغىنىدەك قاتتىق ياكى يۇمشاق تەلەپپۇز قىلىنىشىغا باغلىق. تۈپ مەستەرلەر توغرىسىدىكى ئومۇمى قائىدە مۇشۇنىڭدىن ئىبارەت.

مەستەرلەرنىڭ بۇندىن باشقا بىر خىلى بار. ئۇ بولسىمۇ ئىشلىگۈچى قىلىۋاتقان ئىش - ھەركەت ئىشلىگۈچىگە ئىزافەت يولى بىلەن (تەۋەلىك مۇناسىۋىتى ياردىمى بىلەن) باغلىنىدىغان ئىزافەتلىك مەستەر بولۇپ، بۇ مەستەر ئىسىم ئورنىدا قوللىنىلىدۇ. بۇنىڭ قائىدىسى مۇنداق: تەركىۋىدە «ق - ⱪ» ياكى «غ - ƣ» كەلگەن ياكى قاتتىق تەلەپپۇز قىلىنىدىغان پېئىل يىلتىزلىرىغا ئاۋال «ق - ⱪ»، ئاندىن «ى - يا» قوشۇلىدۇ، ياكى «غ - ƣ» بىلەن «ى - يا» قوشۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئورۇنلاردا، يەنى ئىشلىگۈچىگە ئىزافەت يولى بىلەن باغلانغان مەستەر يۇمشاق تەلەپپۇز قىلىنغاندا، «ك - k، g» بىلەن «ى - يا» قوشۇلىدۇ.

يىلتىز — پېئىلنىڭ بۇيرۇق مەنىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان تۈپ شەكلىدۇر. مەسىلەن: «اُلْ بَرِغْ بَرْدِی *ol* — ئۇ *bariƣ bardi* (ھېچنىمىگە قارىماي) ئۇدۇل باردى»، «اَنِكْ اِيشْ قِلغِي بَلْكُولُكْ *aniŋ ix kiliƣi bəlgülüg* —

ئۇنىڭ ئىش قىلىشى بەلگىلىك (ئاشكارە)»، «سكَل تنغى ارتق» *sokəl tiniqi artak* — كېسەل (ئادەم) نىڭ تىنىقى بۇزۇق». بۇ سۆز «ار الغ تندي *ər uluq tindi* — ئادەم ئۇلۇغ-كىچىك تىندى» دېگەن جۈملىدىكى «تندي *tindi*» سۆزىدىن ياسالغان. شۇنىڭدەك، «منك يرقم تتك *məniŋ yorikim nətəg* — مېنىڭ يۈرۈكۈم (يۈرۈش-تۇرۇشۇم) قانداق»، «سنك يرقنك تتك *səniŋ yorikiŋ nətəg* — سېنىڭ يۈرۈكۈڭ قانداق»، «انك يرقي تتك *oniŋ yoriki nətəg* — ئۇنىڭ يۈرۈكى قانداق» دېيىلىدۇ. بۇ مىساللاردا تەۋەلىك مۇناسىۋەتنى ياردىمى بىلەن ئىزافەتلىك مەستەر ھاسىل قىلىنغان. بۇنىڭ ئەسلى «يريدي *yoridi* — يۈردى» بولۇپ، بۇ مىسالدا «ق-*k*» ھەرپى يوق. «غ-*q*» ھەرپى «ق-*k*» بىلەن كەلگەن مەستەرلەرگىلا قوشۇلىدۇ[1]. بۇ ئەھۋالدا «غ-*q*» ھەرپى مىساللارنىڭ يىلتىزىغا، يەنى ئۆتكەن

① بۇ يەردە ئىزافەت يولى بىلەن ياسالغان مەستەرلەر ھەققىدە بېرىلگەن قائىدە بىلەن ئۇنىڭغا كەلتۈرۈلگەن مىساللار ئارىسىدا ۋە كىتابنىڭ كىرىش قىسمىدا بۇ ھەقتە بېرىلگەن قائىدىلەر ئارىسىدا ئازدۇر-كۆپتۇر ئوخشىماسلىق بار. بۇنى كىتابخانلارنىڭ مۇلاھىزىسىگە قالدۇردۇق.

زامانىنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچە «دى di‖di» چۈشۈرۈپ قالدۇرۇلغاندىن كېيىنكى بۇيرۇق شەكلىگە قوشۇلۇپ مەستەر ياسىلىدۇ. «ك - g» ھەرپى مۇشۇ مەقسەتتە تەركىۋىدە «ق - k» بولمىغان (يۇمشاق) سۆزلەرگە قوشۇلىدۇ. مەسىلەن: «اَنِكْ يَرْماقْ تِيرِكِي كُوزْ — aniŋ yarmak tərigi kør ئۇنىڭ يارماق (پۇل) تېرىشى (يىغىشى) نى قارا»، «تازْ كَلِكِي بُرْكْجِيكا — taz kəligi børkqigə تازنىڭ كېلىدىغان يېرى بۆكچىنىڭ دۈكىنى (يەنى تاز تېزىنى ياپىدىغان نەرسە سېتىۋېلىش ئۈچۈن بۆكچىنىڭ دۈكىنىغا كېلىشكە مەجبۇر)» دىگەنگە ئوخشاش. بۇ ماقال ئۆزىگە زورۇر بولغان نەرسىدىن قاچ- قان كىشىلەرگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ. بۇ پېيىلنىڭ ئەسلى «كَلْدِي — كەلدى — kəldi» دۇر. دىمەك، بۇ مەنىدىن ئۆزگەرتىلىپ، ئۇنىڭغا سەن كورۇپ تۇرۇۋاتقىنىڭدەك مەستەر ياساش ئۈچۈن «ك - g» قوشۇلغان. بۇ خىلدىكى مەستەر مۇشۇ مەنىدە بولسا، «غ - ɣ» ئورنىغا «ق - k» كەلمەيدۇ. پەقەت مۇشۇ خىلدىن كېيىن «غ - ɣ» نىڭ كېلىشى مۇمكىن بولمايدىغان يەردىلا «ق - k» كېلىدۇ ۋە بۇ «ق - k» ئۆتكەن زامان قوشۇمچىسى بولغان «د - d» بىلەن «ى - يا» نىڭ ئارىسىغا قوشۇلىدۇ، شۇ يول بىلەن قائىدىگە ئۇيغۇن ئىزافەتلىك مەستەر ياسىلىدۇ. «ك - k» ھەرپى بولسا، يۇقۇرىدا مەن كورسەتكەندەك يەرلەردە كېلىدۇ.

بۇلارنىڭ مىساللىرى تۆۋەندىكىچە: «بىردى *bardi* —
باردى» دېگەن پېئىلدىن مەستەر ياسالسا، «ئانىڭ بىردۇقى
بىرمادۇقى بىر» *anıŋ barduki barmaduki bir* دېيىلىدۇ.
بۇنىڭ مەنىسى «ئۇنىڭ بېرىش - بارماسلىقى ئوخشاش»
دېگەن بولىدۇ. «تۇردى *turdi* — تۇردى» پېئىلدىن
مەستەر ياسالسا، «مېنىڭ تۇردۇقۇم تۇرمادۇقۇم بىر» *məniŋ*
*turdukum turmadukum bir*» دېيىلىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى
«مېنىڭ تۇرۇش - تۇرماسلىقىم ئوخشاش» دېگەن بولىدۇ.
بۇنداق يەردە «غ - *ɣ*» ھەرپى كېلىشى مۇمكىن ئەمەس.
چۈنكى، «تۇردۇقى *turduki*» دېيىش ئورنىغا «تۇردۇقى ①
*turduqi*» دېگىلى بولمايدۇ، شۇنىڭدەك، «مېنىڭ بىردۇقۇم
بىرمادۇقۇم ② «*məniŋ barduqum barmaduqum*

---

①② بۇ مىساللاردىكى «تۇردۇقى *turduki*» دېگەن سۆزنىڭ ئىككىنچىسى «تۇردۇغى *turduqi*» بولۇشى، «بىردۇقۇم بىرمادۇقۇم *bardukum barmadukum*» دېگەن سۆزلەر «بىردۇغۇم بىرمادۇغۇم *barduqum barmaduqum*» بولۇشى كېرەك. چۈنكى ئاپتور بۇ كېيىنكى سۆزلەرنى قائىدىگە ئۇيغۇن كەلمەسلىككە مىسال قىلىپ كەلتۈرگەن.

دېگىلىمۇ بولمايدۇ، بۇنداق ئورۇنلاردا «غ - ƣ» ئىشلىتىلمەيدۇ.

«ك - k» ھەرپى ئۈچۈن مىسال: «اَنِڭ كَلْدُكى كَلْمادُكى بِرْ — aniŋ kəldüki kəlmədüki bir — ئۇنىڭ كېلىش - كەلمەسلىگى ئوخشاش»، «سَنِڭ كُرْدُكُنْكْ كُرْمَدُكُنْكْ بِرْ — səniŋ kørdüküŋ kørmədüküŋ bir — سېنىڭ كۆرۈش - كۆرمەسلىگىڭ ئوخشاش».

مۇنداق مەسىلەرنى ئىسىم ۋە پېئىل باپلىرىنىڭ ھەممىسىدە سۆزلەپ ئولتۇرمايمەن. چۈنكى يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان قائىدىلەرنى ياخشى ئۆزلەشتۈرۈۋالغان كىشى سۆزلەردىن مۇنداق مەسىلەرنى ئاسان ياسىۋالالايدۇ. تۈپ ۋە ياسالما پېئىللاردىن سەھىھ (تەركىۋىدە ھەرپى «لىن» بولمىغان)، ئىللەتلىك (تەركىۋىدە ھەرپى ئىللەت بولغان)، مۇزائەف (بىر ھەرپى تەكرارلانغان) قاتارلىق سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن بۇ قائىدە ئومۇمىدۇر.

بۇ باپنىڭ بۇيرۇق شەكلى ئىككى ھەرپلىك بولىدۇ. شۇڭا بۇ باپنى «ئىككى ھەرپلىك» دېدۇق. مەسىلەن: «بَرْ — bar — بار»، «كَلْ — kəl — كەل» دېگەنگە ئوخشاش. ئەسلى يېلىتىز مۇشۇ. كۆپىنچىلىك تۈركلەر تەركىۋىدە «ق - ⱪ» ھەرپى بولغان ياكى قاتتىق ئېيتىلىدىغان پېئىللارنىڭ بۇيرۇق شەكلىدە ئەگەر تىڭشىغۇچى شەخس بىرلىك بولسا، يىلتىزغا «غ - ƣ» بىلەن «ل - l»

(يەنى «غل - *oqil*») قوشىدۇ؛ سوز «غ - *oq*» بىلەن ئاياقلاش-
سا، «ق - *k*» بىلەن «ل - *l*» (يەنى «قل - *kil*») قوشىدۇ،
تەركىۋىدە «ك - *k*» بولغان ياكى يۇمشاق ئېيتىلىدىغان سوزلەرگە
«ك - *k*» بىلەن «ل - *l*» (يەنى «كل - *gil* // *kil*») قوشىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن بۇيرۇق پېئىل ئىككى ھەرپلىكتىن
توت ھەرپلىككە، ئۈچ ھەرپلىكتىن بەش ھەرپلىككە،
توت ھەرپلىكتىن ئالتە ھەرپلىككە ئايلىنىدۇ. مەسىلەن:
«بارغل *baroqil* — بارغىن (كەتكىن)»، «تۇرغل *turoqil* —
تۇرغىن» دېگەنگە ئوخشاش. بۇ ئىككى سوز قاتتىق
ئېيتىلغىنى ئۈچۈن ئاخىرىغا ئاۋال «غ - *oq*»، ئاندىن
«ل - *l*» قوشۇلغان. «غ - *oq*» بىلەن ئاياقلاشقان سوز-
لەردە بولسا، مۇنداق: «تاغقا اغقل *taoqka aoqkil* —
تاققا چىققىن»، «سۇت سغقل *süt saoqkil* — سۈت
ساققىن». سوز «غ - *oq*» بىلەن ئاياقلاشقاچقا «ق - *k*»
قوشۇلۇپ كەلگەن.

تەركىۋىدە «ك - *k*» كەلگەن سوزلەرگە مىسال:
«افكا كرگل *əvgə kirgil* — ئويگە كىرگىن»، «يرماق
ترگل *yarmak tərgil* — يارماق(پۇل) تەرگىن (يىغقىن)».
يۇقۇرىدا ئېيتىلغان سەۋەپلەر بىلەن بۇ سوزلەرنىڭ ئاي-
ىغىغا «ك - *k* // *g*» بىلەن «ل - *l*» قوشۇلغان ۋە شۇنىڭ

بىلەن بۇ سۆزلەر ئىككى ھەرپلىكتىن تۆت ھەرپلىككە ئايلانغان.

ئۈچ ھەرپلىك پېئىللارغا مىسال: «يۈك كتر yük kətür — يۈك كۆتەر»، «تام اتر tam ətür — تام تەش» دېگەن جۈملىلەردىكى «كتر kətür»، «اتر ətür» پېئىللىرىدىن بۇ خىل بۇيرۇق ياسالسا، پېئىل ئۈچ ھەرپلىكتىن بەش ھەرپلىككە ئايلىنىپ، «كترگل kətürgil — كۆتەرگىن»، «اترگل ətürgil — تەشكىن» شەكلىنى ئالىدۇ.

تۆت ھەرپلىك پېئىللارغا مىسال: «آت سغر at suvoqar — ئات سۇغار»، «مەنى اذغز mani ożoqur — مېنى ئويغات» دېگەن جۈملىلەردىكى «سغر suvoqar»، «اذغر ożoqur» پېئىللىرىدىن بۇ خىل بۇيرۇق ياسالسا، پېئىل تۆت ھەرپلىكتىن ئالتە ھەرپلىككە ئايلىنىپ «سغرغل suvoqaroqil — سۇغارغىن»، «اذغرغل ożoquroqil — ئويغاتقىن» شەكلىنى ئالىدۇ.

بۇ خىلدىكى بۇيرۇق شەكىللىرى پەقەت تىڭشىغۇچى بىرلىك ھالىتىدە كەلگەندىلا قوللىنىلىدۇ. تىڭشىغۇچى ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ (كۆپلۈكتە) بولسا، بۇ شەكىللەر قوللىنىلمايدۇ.

پېئىللارنىڭ ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن كۆپ شەخسكە قارىتىلغان بۇيرۇق شەكلى بىر قائىدە ئاساسىدا ياسىلىدۇ.

بۇنىڭدا ئەرلەر سىيغىسى بىلەن ئاياللار سىيغىسى پەرقلەندۈرۈلمەيدۇ، مەسىلەن: بىر كىشىگە قارىتا «بَرْ bar — بار» دېيىلسە، ئىككى كىشىگە قارىتا «بَرِنْكْلارْ اِكِيكُو barïŋlar ikigü — ئىككىڭلار بېرىڭلار»، كۆپلۈك ئۈچۈن «بَرِنْكْلارْ قَمُغْ barïŋlar kamuq — ھەممىڭلار بېرىڭلار» دېيىلىدۇ.

ئەگەر تىڭشىغۇچى ياشانغانلىقى ۋە ئورنى ئۈچۈن ھۆرمەتلىنىدىغان ئادەم بولسا، تۈركلەر ئۇنىڭغا نىسبەتەن كۆپلۈك شەكلىنى قوللىنىدۇ. مەسىلەن: «بار» دېيىش ئورنىغا «بَرِنْكْ barïŋ» دەيدۇ. بۇ سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى «بېرىڭلار» دۇر. ئوغۇزلار بىلەن قىپچاقلار بىرلىكتە «بَرْ bar — بار»، كۆپلۈكتە «بَرِنْكْ barïŋ — بېرىڭ» دەيدۇ. كۆپلۈك بەلگىسى بولغان «لارْ - lar//lər» نى چۈشۈرۈپ قالدۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا بىرلىكتە ھۆرمەتلەش ۋە سۆيۈمچانلىق ئۈچۈن ئاۋال غۇنىلىك كاف (نك - ŋ)، ئاندىن «ز - z» («نِكِزْ - ŋïz»)نى قوشىدۇ. دېمەك، ئوغۇز تىلىدا بىرلىكتىمۇ كۆپلۈك ئۈستىگە كۆپلۈك قوشۇلغان بولىدۇ. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

اَقْلَبْ مَنِي قِيمَنْكِزْ
اَيِقْ اَيِبْ قِيمَنْكِزْ

اقَر كُزُمْ اُش تَنكِزْ
تَكْرا يرا قُش اُجارْ

*avlap məni koymaŋiz*
*ayïķ ayïp ķaymaŋiz*
*aķar kөzüm ux təŋiz*
*təgrə yөrə ķux uqar*

[مېنى ئوۋلاپ، تاشلىۋەتمەڭ،
ۋەدە قىلىپ يېنىۋالماڭ،
كۆزۈم خۇددى دېڭىزدەك ئاقىدۇ،
چۆرىسىدە قۇشلار ئۇچىدۇ.]

سۆيگىنىمگە قارىتا شۇنداق دەيدۇ: مېنى ئوۋلىۋالغاندىن كېيىن تاشلىۋەتمەڭ، قىلغان ۋەدىڭىزدە تۇرۇڭ، كۆز يېشىم دېڭىز سۈيىدەك ئاقماقتا (ياش تۆكۈلۈۋاتقاندا دېڭىز سۈيىگە ئوخشىتىلىدۇ)، ئۇنىڭ چۆرىسىدە قۇشلار ئۇچۇپ يۈرۈشىدۇ.

بۇنداق شەكىل تەگشىمەۋچىلا قوللىنىلىدۇ، بىرىنچى شەخس ۋە ئۈچىنچى شەخسلەردە قوللىنىلمايدۇ. چۈنكى، غۇنىلىك كاف (نك - *η*) پەقەت تەگشىمەۋچىغا بۇيرۇق قىلىنغاندىلا كۆرۈلىدۇ. «بَرْدِنْكْ — *bardiŋ* — باردىڭ»، «كَلْدِنْكْ — *kəldiŋ* — كەلدىڭ» دېيىلسە، بۇ

بۇيرۇق ئەمەس، تىڭشىغۇچىنىڭ ئىشىدىن خەۋەر بەرگەن-لىك. شۇڭا بۇيرۇق شەكلىدە غۇننىلىك كاف (نىڭ - ŋ) نى چۈشۈرمەي «بَرِنْكْ *barïŋ* — بېرىڭ» دېسىمۇ، ئۇ ئۆتكەن زامان شەكلى بىلەن ئارىلىشىپ كەتمەيدۇ.

ئۆتكەن زاماننى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچە «د - *d*» بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى شەخسلەرنىڭ ھەممىسىدە دائىم كەسرىلىك (ئاخىرىغا *ïli* ئۇلىنىپ) كېلىدۇ. مەسىلەن: «بَرْدِمْ *bardïm* — باردىم، بَرْدِنْكْ *bardïŋ* — باردىڭ، بَرْدِي *bardï* — باردى» ئوخشاشلار. مۇشۇ ھاللارنىڭ ھەممىسىدە «د - *d*» كەسرىلىك كەلدى. «بَرْدِمْ *bardïm*» دىگەندىكى «م - *m*» ئىش - ھەرىكەت-نىڭ بىرىنچى شەخس تەرىپىدىن قىلىنغانلىقىنى بىلدۈ-رىدىغان قوشۇمچە، «بَرْدِنْكْ *bardïŋ*» دىگەندىكى «نىڭ - *ŋ*» ئىككىنچى شەخسنىڭ قوشۇمچىسى، «بَرْدِي *bardï*» دىگەندىكى «ى - يا» ئۈچىنچى شەخسنىڭ قوشۇمچىسى.

تۈركلەر ئىككىنچى شەخس بىرلىككە ھۆرمەت يۈزىسىدىن «بَرْدِنْكِزْ *bardïŋïz* — باردىڭىز» دەيدۇ. غۇننىلىك كاف (نىڭ - *ŋ*) بىلەن «ز - *z*» ئەسلىدە كۆپلۈك قوشۇمچىسى ئىدى. ئوغۇزلار بۇنى كۆپلۈك ئۈچۈن قوللىنىدۇ. مەسىلەن: «بَرْدِنْكِزْ *bardïŋïz* —

باردىگلار». بۇ ئۇقۇمدا ئوغۇزلارنىڭ قوللىنىشى قائىدىگە ئۇيغۇن بولسىمۇ، لېكىن سوزنىڭ چىرايلىق بولۇشى ۋە چوڭ بىلەن كىچىكنى پەرق ئېتىش يۈزىسىدىن ئالغاندا تۈركلەرنىڭ يەنىلا مۇۋاپىقتۇر.

يۇقۇرىدا كۆرسەتكىنىمىزدەك، بۇ مىساللارنىڭ ھەممىسىدە «د - *d*» ھەرپى كەسرىلىك كېلىدۇ. پۈتۈن تۈركلەرنىڭ تىلىدا ھەرقايسى بولۇملەردىكى ھەممە پېئىللار مۇشۇ قائىدە بويىچە بولىدۇ.

فائىل (ئىشلىگۈچى): بۇ باپتا ۋە باشقا باپلارنىڭ ھەممىسىدە فائىللار بىلدۈرىدىغان مەنە پەرقىگە قاراپ بەش خىلغا بولۇنىدۇ. ئىش - ھەرىكەتنى سادىر قىلغۇچىنى بىلدۈرىدىغان فائىللارنى قانداق ئىپادىلەشتە تۈركلەر ئارا بىرلىك بولسىمۇ، باشقىلىرىدا، مەسىلەن: پېئىللاردىن ياسىلىدىغان سۈپەتلەردە بىرلىك بار؛ ھەممە تۈركلەر ئۇقۇمىدا ھەر خىل بولۇشقا قارىماي، بۇلارنى بىر قېلىپتا سوزلەيدۇ.

بىرىنچى، تۈركلەردە پېئىللاردىن ياسىلىدىغان سۈپەتلەرنىڭ ھەر خىللىقى توغرىسىدا. مەسىلەن: «بَرْدَچِي *bardaqï* — بارغۇچى»، «تُرْدَچِي *turdaqï* — تۇرغۇچى، قوپقۇچى» دىگەن سۈپەتلەرنى ئالساق، بۇ سۈپەتلەر ئۆتكەن زامان پېئىلىدىن ياسالغان، يەنى پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامانىنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچە «د - *d*» بىلەن «ى - يا» ئارىسىغا «ج - *q*» قوشۇلۇپ ياسالغان. ئوغۇز، قىپچاق، ياغما، ئوغراق، سۇۋارلار ۋە

رۇس تىلىغا قەدەر بولغان پەچەنەكلەر تىلىدا مۇشۇنداق قوللىنىلىدۇ. قائىدىسىمۇ مۇشۇنداق. چۈنكى «بَرْدِی bardī — باردى» پېئىلىدا «د - d» ھەرپى ئۆتكەن زامانني بىلدۈرىدۇ. «ى - يا» ھەرپى پېئىلىنىڭ ئۈچىنچى شەخسكە تەۋەلىكىنى بىلدۈرىدۇ. پېئىل ئىككىنچى شەخسكە قارىتىلغان بولسا، «بَرْدِنْكْ bardiŋ — باردىڭ» دەپ ئېيتىلىپ، «ى - يا» ھەرپى چۈشۈپ قالىدۇ. ئەگەر بىرىنچى شەخسكە قارىتىلغان بولسا، «بَرْدِمْ bardīm — باردىم» دەپ ئېيتىلىپ، «ى - يا» ھەرپى چۈشۈپ قالىدۇ. دېمەك، پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان ئالامىتى بولغان «د - d» ھەرپى جايىدا قالىدۇ، يەنى ئۈچ خىل ئەھۋالنىڭ ھەممىسىدىلا چۈشۈپ قالمايدۇ. بۇنىڭدىن «بَرْدَچِی bardaqi — بارغۇچى» دېيىلىشى بىلەن بۇ يەردىكى «ج - q» ۋە «ى - يا»نىڭ سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ. بۇ يەردىكى «ى - يا» ئۆتكەن زامان پېئىلنىڭ ئۈچىنچى شەخس قوشۇمچىسى ئەمەس. شۇنداق بولغاچقا، بۇ «ى - يا» نىسبەتنى، سۈپەتنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: «آتْچِی aqi — قاسساپ»، «آتْمَكْچِی atmakqi — ناۋاي» دېگەنلەردىكىگە ئوخشاش.

پۈتۈن تۈرك قەبىلىلىرى ھۈنەر - كەسپ قىلغۇچىلارنىڭ سۈپىتىنى ئەنە شۇ يادىلەشتە ئىسىمنىڭ ئاخىرىغا

ئوخشاشلا «ج - *q*» بىلەن «ى - يا» يەنى «جى - *qï* || *qi*»نى قوشىدۇ. مەسىلەن: «تَرِغ — *tarïɋ* — ئاشلىق» سوزىدىن «تَرِغجى — *tarïɋqï* — دىخان»، «ئَتُك — *ətük* — ئوتۇك» سوزىدىن «ئَتُكجى — *ətükqi* — ئوتۇكچى، موزدۇز» دىگەن سوزلەرنى ياسىغانغا ئوخشاش.

دىمەك، تۇركلەرنىڭ «بَرْدَجى — *bardaqï* — بارغۇچى»، «تُرْدَجى — *turdaqï* — تۇرغۇچى» دىگەن سوزلىرى پېئىللاردىن ياسالغان سۈپەتلەر، ئالدىنقىلىرى ئىسىملاردىن ياسالدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ بىر خىل قائىدىدە بولغىنى مۇۋاپىقراق.

تەركمۇدە «ق - *k*» ياكى «ك - *k*» كەلگەن، ياكى قاتتىق تەلەپپۇز قىلىنىدىغان سوزلەردە، ياكى باشقىلاردا بۇ قائىدە ئوزگەرمەيدۇ. پەقەت چىگىل، قەشقەر، بالاساغۇن، ئارغۇ، بارسغان ۋە يۇقۇرى چىنغىچە بولغان ئۇيغۇر تىللىرىدا بۇ مەنىدىكى پېئىلدىن ياسالدىغان سوزلەر پېئىلنىڭ بۇيرۇق شەكلىدىن ياسالدۇ. تەركمۇدە «ق - *k*» ياكى «غ - *ɋ*» ھەرپى كەلگەن، ياكى قاتتىق (توشقۇزۇپ) تەلەپپۇز قىلىنىدىغان سوزلەردە پېئىلنىڭ ئوتكەن زامانىنى بىلدۇرىدىغان «د - *d*» ئورنىغا «غ - *ɋ*» كېلىدۇ، باشقىلىرىدا يۇمشاق «ك - *g*» كېلىدۇ، «ج - *q*» بىلەن «ى - يا» ئوز پېتىچە قالىدۇ، يەنى بۇلارنىڭ تىلىدا «بَرْ — *bar* — بار» دىگەن بۇيرۇق

پېلدىن «برغوجي *barƣuqi* — بارغۇچى» دېگەن سۇپەت، «تر *tur* — تۇر» دېگەن بۇيرۇق پېلدىن «ترغوجي *turƣuqi* — تۇرغۇچى» دېگەن سۇپەت ياسىلىدۇ.

تەركىمۇدە «ق - *k*» كەلگەن سوزلەرگە مىسال: «يا قرغوجي *ya kurƣuqi* — يا قۇرغۇچى»، «تاۋار قبغوجي *tavar kapƣuqi* — مال بۇلىغۇچى».

تەركىمۇدە «غ - *ƣ*» كەلگەن سوزلەرگە مىسال: «آت سغرغوجي *at suvƣarƣuqi* — ئات سۇغارغۇچى». «مني اذغورجي *məni ozƣurƣuqi*① — مېنى ئويغات-قۇچى» دېگەنگە ئوخشاشلار.

تەركىمۇدە «غ - *ƣ*» ھەرپى كەلگەن ئىككى ھەرپلىك سوزلەردە بۇ قوشۇمچىدىكى «غ - *ƣ*» ھەرپى «ق - *k*» غا ئايلانىدۇ. مەسىلەن: «تاغقا اغقوجي *taƣka aƣkuqi* — تاققا چىققۇچى»، «قوي سغقوجي *koy saƣkuqi* — قوي ساققۇچى» دېگەنگە ئوخشاشلار.

---

① بۇ سوز يازما نۇسخىدا «اذغورجي» شەكلىدە يېزىلغان بولسىمۇ، شۇ بەتتىكى قىرغىقىدا «اذغورغوجي» دەپ تۈزىتىلگەن. شۇڭا بىز بۇ سوزنى «*ozƣurƣuqi*» دەپ ئالدۇق.

بۇ يەردە ئىككى بوغۇز ھەرپى («غ - oq») نى يالمۇ-
يان تەلەپپۇز قىلىش قىيىن بولغاچقا، يېنىكلىتىش ئۈچۈن
ئىككىنچى «غ - oq» ھەرپى «ق - k»غا ئايلاندۇرۇلغان.

«غ - oq» بىلەن ئاياقلاشقان بۇيرۇق پېئىل شەكلىدىمۇ
قائىدە مۇشۇنداق، يەنى «غ - oq» ھەرپى «ق - k»غا
ئايلىنىدۇ: «تاغقا اَغْقِلْ — *taqka aqkil* — تاققا چىققىن»،
«سُوتْ سَغْقِلْ — *süt saqkil* — سۈت ساققىن» دېگەنگە
ئوخشاش.

تەركىمۇندە «ك - k» كەلگەن سۆزلەردە پېئىلنىڭ
ئۆتكەن زامانىنى بىلدۈرىدىغان «د - d» قوشۇمچىسىنىڭ
ئورنىغا يۇمشاق «ك - g» قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:
«كُلْكُوجِي آرْ — *külgüqi ər* — كۈلگۈچى ئادەم»، «اَوْكا
كِرْكُوجِي — *əvgə kirgüqi* — ئۆيگە كىرگۈچى». يۇمشاق
ئېيتىلىدىغان سۆزلەردىمۇ شۇنداق. مەسىلەن: «يَرْماق
تِيرْكُوجِي — *yarmak tərgüqi* — يارماق (پۇل) يىققۇچى»،
«اَتْ سُرْكُوجِي — *at sürgüqi* — ئات سۈرگۈچى، ئات
ھەيدىگۈچى» دېگەندىكىگە ئوخشاش. ئوغۇزلار ۋە مەن
تۇلار بىلەن بىللە بايان قىلغان قەبىلىلەرنىڭ تىللىرى
يۇقۇرقى قائىدە بويىچە بولىدۇ. ئوغۇزلار ۋە مەن تۇلار
بىلەن بىللە بايان قىلغان قەبىلىلەرنىڭ تىللىرىدا بۇ خىل
سۈپەتلەر چىگىل تۈركلىرى ۋە باشقا تۈركلەرنىڭكىگە

بەزىدە ئوخشاپ قالىدۇ، ھەتتا ئارىلىرىدا پەرق كورۇل-
مەيدۇ. مەسىلەن: قۇدىلار (قېيىن - بويانلار) ئوتتۇرىسىدا
بىرىپ - كېلىپ يۈرىدىغان ئادەمنى ئوغۇزلار «يورىدىجى
*yoridaqi*» دىمەي، پۈتۈن تۈركى تىللاردىكىگە ئوخشاش
«يورغىجى *yoriqqi*» دەيدۇ؛ دىخانىنىمۇ «تارىدىجى
*taridaqi*» دىمەي، «تارغىجى *tariqqi*» دەيدۇ.
بۇنداق سۆپەتلەر بۇيرۇق ئاساسىدا ياسىلىدىغانلىقى ۋە
بۇيرۇق شەكلىنىڭ ئاخىرقى ھەرپى ساكىنلىق بولغىنى
ئۈچۈن، سۆپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە «جى *qi llqi*» نى
قوشۇش بىلەنلا كۇپايىلىنىشكە بولمايدۇ. بۇيرۇق شەكلىنىڭ
ئاخىرىغا بىر ھەرىكە بېرىلىشى بىلەن «بۇرجى *baruqi*»،
«تۇرجى *turuqi*» قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر مۇشۇن-
داق قىلىنىدىغان بولسا، پېيلنىڭ بۇيرۇق شەكلى يوقالغان
بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار تەركىۋىدە «ق - *k*» كېلىدىغان پاكى قاتتىق
ئېيتىلىدىغان سوزلەرگە «غ - *q*» نى، يۇمشاق ئېيتىلىدى-
غان ۋە تەركىۋىدە «ك - *k*» كېلىدىغان سوزلەرگە
يۇمشاق «ك - *g*» نى قوشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇيرۇق
شەكلىنىڭ ئاخىرقى ھەرپى ساكىنلىق پېتى قالىدۇ.
دىمەك، بۇنىڭدىن بۇنداق سۆپەتلەرنىڭ مەن كورسىتىپ
ئوتكەن قەبىلەلەرنىڭ تىللىرىدا بۇيرۇق شەكلى ئاساسىدا
ياسىلىدىغانلىقى مەلۇم بولدى.

ئاندىن قالسا، بۇ خىل سۆپەتلەردە مۇشۇ مەنە

ئۈچۈن باشقا ھەرپلەرنى قوشقاندىن كورە، «غ - ƣ» ياكى «ك - g» ھەرپلىرىدىلا قوشۇش ياخشىراق، چۈنكى بۇ ئىككى ھەرپ ئىزافەتلىك مەسىلەردىمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن: «آنِكْ ترُغِي نَتَكْ» *aniŋ turuƣi nətəg* — ئۇنىڭ تۇرۇشى قانداق»، «تاز كَلِكِي بُرْكْجيكا» *taz — kəligi bɵrkqigə* تازنىڭ كېلىدىغان يېرى بوكچىنىڭ دۈكىنى» دىگەن جۈملىلەردىكى «ترُغِي» «*turuƣi*» ۋە «كَلِكِي» «*kəligi*» سوزلىرىگە ئوخشاش.

ئەرەپچىدە فائىل بەزىدە مەستەر ئارقىلىق سۈپەتلىنىدۇ. مەسىلەن: «رَجُلٌ نَوْمٌ وَرَجُلٌ صَوْمٌ» ئىبارىلىرى «رَجُلٌ نَائِمٌ وَرَجُلٌ صَائِمٌ» دىگەن مەنىدىدۇر. ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ «قُلْ أَرَأَيْتُمْ إِنْ أَصْبَحَ مَاؤُكُمْ غَوْرًا» دىگەن ئىبارىسىدىكى «غَوْرًا» سوزى «غَائِرًا» مەنىسىدىدۇر. ھەممە بولۇمەلەردە، تۈرك قەبىلىلىرى ئارىسىدا ھەرخىل قوللىنىلىدىغان سۈپەتلەر مۇشۇنىڭدىن ئىبارەت.

ئىككىنچىسى، ئىش - ھەرىكەتنىڭ داۋاملىشىشى ۋە تەكرارلىنىشىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەر توغرىسىدا. مۇنداق سۈپەتلەر ھەممە باپلاردا پۈتۈن تۈركى قەبىلىلەر ئارا بىردەك بۈيرۇق شەكلىدىن ياسىلىدۇ. بۇ سۈپەتنى ياساشتا، تەركىبىدە «ق - ⱪ» ھەرپى بولغان ۋە قاتتىق

ئىپادىلىگەن سۆزلەرگە «غان - *oqan*» قوشۇمچىسى قوشۇ-
لىدۇ، تەركىبىدە «ك - *k*» كەلگەن ۋە يۇمشاق ئىپادىلىگەن
سۆزلەرگە «غ - *oq*» ئورنىدا يۇمشاق «ك - *g*» (يەنى
«كان - *gən*») قوشۇلىدۇ. مەسىلەن: «بُرْ *bar* — بار»
دېگەن بۇيرۇق پېئىلىدىن ئىشلىگۈچىدە ئىش-ھەرىكەتنىڭ
تەكرار پەيدا بولىدىغانلىقى ئىپادىلەنمەكچى بولسا،
«اُلْ اَرْ اُلْ اَڤْكا بَرْغانْ *ol ər ol əvgə barqan* —
ئۇ ئۆيگە بېرىپلا تۇرىدىغان ئادەم ئۇ» دېيىلىدۇ.
شۇنىڭدەك، «اُلْ اَرْ اُلْ ايشْلارْقا تُرْغانْ *ol ər ol* —
*ixlarka turqan* ئۇ ئىشقىلا تۇرغان ئادەم ئۇ» يەنى
«ئۇ ھەمىشە چوڭ ئىشلار ئۈستىدە تۇرىدىغان ئادەم ئۇ»
دېيىلىدۇ. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

تُرْغانْ اُلُغْ اِشْلَقا
تِرْكِي اُرُبْ اَشْلَقا
تُمْلُغْ قَدِرْ قِشْلَقا
قُدْتِي اَرِكْ اُمْدُرُو

*turqan uluq ixlaka*
*tərgi urup axlaka*
*tumluq kadir kixlaka*
*kozti ərig umduru*

[ئۇلۇغ ئىشلارغىلا تۇرىدىغان،
داستىخان سېلىپ ئاش بېرىدىغان (ئادەم ئىدى)،
راسا سوغۇق قىشلاردا،
كىشىلەرنى ئۇمۇندۇرۇپ قويدى.]

بىر ئادەم توغرىسىدىكى مەرسىيىدە شۇنداق دېيىلىدۇ: ئۇ ئۇلۇغ ئىشلار ئۈستىدە چىڭ تۇرىدىغان، قاتتىق قىشلاردا داستىخان سېلىپ (كىشىلەرگە) ـ تاماق بېرىپ تۇرىدىغان ئادەم ئىدى، ئەمدى كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ ياخشىلىقى ۋە سەخىيلىكى بىلەن ئۇمۇندۇرۇپ قويۇپ، تاشلاپ كەتتى.

تەركىۋىدە «ك ـ k» كەلگەن سۆزلەرگە مىسال ئالساق، «كُلْكَانْ آرْ külgən ər — كۈلگەك ئادەم» دېگەن ئىبارىدىكى «كُلْكَانْ» külgən دېگەن سۈپەت «كُلْ kül — كۈل» دېگەن بۇيرۇق شەكلىگە «كان ـ gən» قوشۇلۇپ ياسالغان.

ئىش ـ ھەركەتنى سۈپەتلەندۈرگۈچىنىڭ يەنى ئىشلەتكۈچىنىڭ تەكرار سادىر قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان «غ ـ oq» ۋە «ك ـ g» ھەرپلىرىنىڭ بۇنداق سۈپەتلەردە كېلىشى توغرا بولغىنىدەك، تەكرار سادىر قىلغانلىقنى بىلدۈرىدىغان سۆز ئاساسىدا ياساپ، بىر قىسىم سادىر قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان «بَرْغُوجِي baroquqi — بارغۇچى»، «كَلْكُوجِي kəlgüqi — كەلگۈچى» دېگەن سۆزلەردە

كېلىشى تېخىمۇ توغرا. بۇ ئەرەبچىدىكى «فَعّال *fə'al*» ياكى «مِفْعال *mif'al*» ۋەزنىدىكى سۆزلەرگە ئوخشايدۇ. ئۇلار ئىش-ھەركەتنىڭ كۆپ قېتىم پەيدا بولۇشىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن «شَرّابْ»، «طَلّاعْ»، «مِطْعامْ» ۋە «مِطْعانْ» شەكىللىرىنى قوللىنىدۇ.

ئۈچىنچىسى، ئىشلىگۈچىنىڭ بىر ئىش-ھەركەتنى ئورۇنلاشتىن بۇرۇن مەزكۇر ئىش-ھەركەتنى قىلغۇسى كەلگەنلىكىنى، ئۇنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەت بولۇپ، بۇ بۇيرۇق شەكلىدىن ياسالمايدۇ. بەلكى بۇنداق سۈپەتنى ياساشتا تەركىبىدە «ق-*k*» ياكى «غ-*oq*» كەلگەن ۋە قاتتىق ئېيتىلىدىغان سۆزلەرنىڭ يىلتىزىغا «غساق-*oqsak*» قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ ۋە تەركىبىدە «ك-*k*» كەلگەن سۆزلەرنىڭ يىلتىزىغا مەزكۇر قوشۇمچىدىكى «غ-*oq*» ھەرپى ئورنىدا «ك-*g*»، «ق-*k*» ھەرپى ئورنىدا «ك-*k*» كېلىدۇ①. بۇيرۇق شەكلىدە ساكىنلىق كەلگەن ئاخىرقى ھەرپ كەسرىلىك قىلىنىدۇ. «بِرْ—بار *bar*» دېگەن بۇيرۇق پېئىلىدىن مۇشۇ مەنىدىكى سۈپەت ياسالسا، «اَلْ اَفْكا بَرِغْساق اَلْ *ol* — ئۇنىڭ ئۆيگە بارغۇسى بار» *əvgə bariqsak ol*

① ئاپتور بۇ سۈپەتتە سۆز يىلتىزىنىڭ ساكىن ھالەتتە قالمىغىنىنى نەزەردە تۇتۇپ، «بۇيرۇق پېئىلىدىن ياسالمايدۇ» دېسە كېرەك.

دېيىلىدۇ. «تُرْ مُنْدا *tur munda* — مۇندا تۇر» دېگەن
جۈملىدە كەلگەن بۇيرۇق پېئىل «تُرْ - *tur*» دىن مۇشۇ
مەنىدىكى سۈپەت ياسالسا، «اُلْ مُنْدا تُرْغساق اُلْ *ol* —
*munda turuqsak ol* ئۇنىڭ مۇندا تۇرغۇسى بار»
دېيىلىدۇ. تەركىمۇبدە «ك - *k*» كەلگەن سۆزلەرگە مىسال
ئالساق، «اُلْ بِرُو كَلِكْساكْ اَرْدي *ol bərü kəligsək* —
*ərdi* ئۇنىڭ بېرى كەلگۈسى بار ئىدى»، «اُلْ اَفْكا
كِرِكْساكْ اُلْ *ol əvgə kirigsək ol* — ئۇنىڭ ئۆيگە
كىرگۈسى بار ئىدى». يۇمشاق ئېيتىلىدىغان سۆزلەردە «اُلْ
تَفارْ تِرِكْساكْ اُلْ *ol tavar tərigsək ol* — ئۇنىڭ مال
يىغقۇسى بار» دېيىلىدۇ. بۇ قائىدىلەرنى ئېسىڭدە تۇت.

بۇ ئۇقۇم ئەگەر ئىسىملاردا ئاگلىتىلماقچى بولغاندا-
دىمۇ، كىشى شۇنىڭ بىلەن سۈپەتلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:
«اُلْ اَرْ اُلْ تَفَرْساقْ *ol ər ol tavarsak* — ئۇ مالپە-
رەس ئادەم ئۇ»، «بُو اُرْاغُتْ اُلْ اَرْساكْ *bu* —
*uraqut ol ərsək* بۇ ئەرسەك (ئەر خۇمار) خوتۇن»
دېگەنگە ئوخشاشلار. لېكىن مۇنداق ئىسىملارغا ئۇلىنى-
دىغان قوشۇمچىنىڭ بېشىدا «غ - *q*» ياكى «ك - *g*»
ھەرپى كەلمەيدۇ.

تۈتمىنچىسى، خەۋەر قىلىنماقچى بولغان مەلۇم بىر
ئىش - ھەركەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىشلىگۈچىنىڭ بۇرچى

ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان سۆيەت بولۇپ، بۇنىڭدا ئىشلىگۈچىنىڭ شۇ ئىش-ھەركەتنى قىلىشقا جەزم قىلغان-لىقىنى بىلدۈرىدىغان مەنىسى بولىدۇ. مۇنداق سۆيەت پېيلىنىڭ بۇيرۇق شەكلى ئاساسىدا ياسىلىدۇ، يەنى بۇيرۇق شەكلىنىڭ ئاخىرقى ھەرپى ساكىنلىق ھالىتىدە قالىدۇ. تەركىبىدە «ق-*ķ*» كەلگەن ياكى قاتتىق ئېيتىلە-لىدىغان سۆزلەردە «غ، ل، ق — غلق *ƣuluķ*» قوشۇلىدۇ؛ يۇمشاق ئېيتىلىدىغان سۆزلەردە بۇ قوشۇمچىدىكى «غ-*ƣ*» ھەرپىنىڭ ئورنىغا «گ-*g*»، «ق-*ķ*» ھەرپىنىڭ ئور-نىغا «ك-*k*» كېلىدۇ. مەسىلەن: «بر *bar* — بار» دېگەن ئىش-ھەركەتنى قىلىش ئىشلىگۈچىنىڭ بۇرچى ئىكەنلى-كىنى بىلدۈرمەكچى بولساق، «ال برغلق اردى — *al barƣuluķ ərdi* ئۇ بارغۇلۇق ئىدى» دەيمىز، بۇ «ئۇنىڭ بېرىشى كېرەك ئىدى ياكى ئۇ بارماقچى بولدى» دېگەن بولىدۇ. شۇنىڭدەك «ال مندا ترغلق اردى — *al munda turƣuluķ ərdi* ئۇ مۇندا تۇرغۇلۇق ئىدى» دېسەك، بۇ «ئۇ بۇ يەردە تۇرۇشى كېرەك ئىدى ياكى ئۇ بۇ يەردە تۇرماقچى بولدى» دېگەن بولىدۇ.

ئوغۇزلارنىڭ بىر قىسمى بۇ قوشۇمچىدىكى «ل-*l*» ھەرپى ئورنىغا «س-*s*» ھەرپىنى قوللىنىدۇ. مەسىلەن:

«ال مندا برغىق آردى ol munda turuoqsak[1] ərdi — ئۇ بۇ يەردە تۇرۇشى كېرەك ئىدى»، «ال مندن برغىق تگل ol mundin bariqsak təgül — ئۇ بۇ يەردىن كەتمەكچى ئەمەس» دېگەندەك.

بۇنداق سۆيەتلەر ئىككى ھەرپلىك پېئىللاردىن ياسالسا بەش ھەرپلىككە ئايلىنىدۇ، ئۈچ ھەرپلىك پېئىللاردىن ياسالسا ئالتە ھەرپلىككە، تۆت ھەرپلىك پېئىللاردىن ياسالسا يەتتە ھەرپلىككە ئايلىنىدۇ. خۇدا خالىسا، بۇلار ئۆز ئورۇنلىرىدا سىزىلىنىدۇ.

بەشىنچى، ئىشلىگۈچىنىڭ بىرەر ئىش-ھەركەتنى قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان سۆيەت بولۇپ، بۇ سۆيەت بىر ئىش-ھەركەتنى قىلىشقا جەزم قىلغانلىقنى بىلدۈرۈش جەھەتىدىن يۇقۇرىدا سۆزلەنگەن سۆيەتكە يېقىن. بۇ سۆيەت بۇيرۇق شەكلىدىن ياسالماي، سۆزنىڭ ئاخىرقى ھەرپى كەسرىلىك قىلىنىدۇ. مەسىلەن: «بر bar — بار» دېگەندەك. قوشۇمچىنىڭ باش ھەرپى ھەممە باپلاردىكى پېئىللاردا ساكىنلىق كېلىدۇ.

---

[1] بۇ سۆز يازما نۇسخىدا «برغىق» شەكلىدە يېزىلغان. بىز ئەرەپچىسى ۋە ئاپتورنىڭ يۇقۇرىدا «بر» «bar» ۋە «تر» «tur» پېئىللىرىنى مىسالغا ئېلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ سۆزنى «turuoqsak» دەپ ئالدۇق.

بۇ سۇپەت تەركمۇندە «ق-k» كەلگەن ۋە
قاتتىق ئېيتىلىدىغان سوزلەردە بۇيرۇق شەكلىدىن كېيىن
«غ، ل، ى — غلي oɣli» ۋە تەركمۇندە «ك-k»
كەلگەن ياكى يۇمشاق ئېيتىلىدىغان سوزلەردە «غ-ɣ»
ھەرپىنىڭ ئورنىغا «ك-g» (يەنى «كلي gli») كەل-
تۇرۇش بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن: «مَن سَنكا بَرِغلي مَن
mən saŋa bariɣli mən — مەن ساڭا بارغىلىۋاتىمەن،
يەنى مەن سەن تەرەپكە بېرىشنى كوڭلۇمگە پۈكتۈم»،
«اُل مُندا تُرُغلي اُل ol munda turuɣli ol — ئۇ بۇ
يەردە تۇرغىلىۋاتىدۇ، يەنى ئۇ بۇ يەردە تۇرۇشنى كوڭ-
لىگە پۈككەن» دىگەن مىساللاردىكى «بَرِغلي bariɣli»،
«تُرُغلي turuɣli» دىگەنلەرگە ئوخشاش. تەركمۇندە
«ك-k، g» كەلگەن سوزلەرگە مىسال ئالساق، «اُل مَنكا
كَلِكلي تُرُر ol maŋa kəligli turur — ئۇ ماڭا كەلگى-
لىۋاتىدۇ»، «اُل مَنكا تَڤار بِرِكلي اُل ol maŋa —
tavar bərigli ol ئۇ ماڭا مال بەرگىلىۋاتىدۇ»
دىگەنلەرگە ئوخشاش.

بۇنداق سۇپەتلەر ئىزافەتلىك مەستەرلەردىن ياسى-
لىدۇ. ئۇنىڭ ئوزى مەستەر بولسىمۇ، لېكىن «ل-l»
بىلەن «ى-يا» (يەنى «لى li||li») قوشۇلۇش بىلەن

سۈپەتكە ئايلىنىدۇ. چۈنكى بىز يىلتىزنىڭ ئاخىرىدىكى ساكىنلىق كەلگەن ھەربىنى ھەرىكىلىك قىلىپ، ئۇنىڭغا «غ - ƣ» ياكى يۇمشاق «گ - g» قوشۇش بىلەن ئىزا-فەتلىك مەستەر ياسىلىدىغانلىقىنى ۋە بۇ مەستەر شۇ تاپ-تا ئىش-ھەرىكەتنىڭ قىلىنىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق. مەسىلەن: «ئانىڭ بارىغى كۆر anïŋ bariƣi kɵr — ئۇنىڭ بېرىشىنى قارا»، «ئانىڭ كەلىكى كۆر anïŋ kəligi kɵr — ئۇنىڭ كېلىشىنى قارا» دېگەن جۈملىلەردىكى «بارىغى bariƣi»، «كەلىكى kəligi» دېگەنلەرگە ئوخشاش. بۇلار ئەسلىدە مەستەر بولسىمۇ، مەن يۇقۇرىدا كۆرسەتكىنىمدەك، «لى lï||li» قوشۇ-لۇش بىلەن سۈپەتكە ئايلانغان.

ھەممە تۈرك قەبىلىلىرى مۇنداق سۈپەتلەرنى بىر خىلدا قوللىنىدۇ. بۇ جەھەتتە ئۇلار ئارىسىدا ئىختىلاپ يوق. مۇشۇنداق مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان بەش تۈرلۈك سۈپەت پېئىلنىڭ ھەممىسى مەن كۆرسەتكەن ئەشۇ قائىدە بويىچە ياسىلىدۇ.

ئىش-ھەرىكەتنىڭ بېجىرىلگەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتداش ھەممە ياپلاردا بىر قائىدە بويىچە بولىدۇ، يەنى پېئىلنىڭ بۇيرۇق شەكلى ئاخىرىغا «م - m» بىلەن «ش - x» (يەنى «مىش mïx||mix») قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن: «يا قۇر ya kur — يا قۇر» دېگەن

جۇملىدىكى «قۇر *kur* — قۇر» دىگەن پېئىلدىن ئىش-ھەركەتنىڭ بىجىرىلگەنلىگىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتداش ياسالسا، «قۇرمىش يا *kurmix ya* — قۇرۇلغان يا» بولىدۇ. «قىزمىش ارىق *kazmix arik* — قېزىلغان ئېرىق» سۆزىمۇ شۇنداق. ئوتتۇملۇك پېئىللاردا مۇشۇ ئىككى ھەرپ «م-*m*» بىلەن «ش-*x*» («مىش *mix*‖*mix*») قوشۇلىدۇ، يىلتىزنىڭ ئاخىرقى ھەرپى ساكىن ھالىتىدە قالىدۇ. ئوتتۇمسىز پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلىمۇ بەزىدە «مىش *mix*‖*mix*» قوشۇمچىسى قوشۇلۇش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: «اۆكا برمىش *əvgə barmix* — ئۇ ئۆيگە بېرىپتىكەن»، «اُل مَنكا كَلمىش *ol maŋa kəlmix* — ئۇ ماڭا كەپتىكەن» دىگەنگە ئوخشاش. بۇ مىساللاردا «مىش *mix*‖*mix*» قوشۇمچىسى «بَردى *bardi*»، «كَلدى *kəldi*» پېئىلىرىدىكىدەك ئۆتكەن زامانىنى بىلدۈرىدىغان «دى *di*‖*di*» قوشۇمچىسى ئورنىغا كەلگەن. بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پەرق شۇكى، ئۆتكەن زامانىنى بىلدۈرىدىغان «دى *di*‖*di*» قوشۇمچىسى سۆزلىگۈچىنىڭ ئىش-ھەركەتنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىگىدىن ۋە شۇ ئىش-ھەركەتنىڭ ئەمەلىيەتتە بولغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. مەسىلەن: «بردى *bardi* — باردى» دىيىلىشى

بىلەن «ئۇ باردى»، «مەنمۇ ئۇنىڭ بارغانلىقىنى جەز-
مەن كۆردۈم» دېگەن مەنە بىلىنىدۇ. «مِش mïx || mix»
قوشۇمچىسى ئىش-ھەركەتنىڭ سۆزلىگۈچى يوق ۋاقىتتا
بولغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. مەسىلەن: «اُل بَرمِش ol —
barmïx ئۇ بېرىپتۇ، مەن ئۇنىڭ بارغانلىقىنى كۆرمىدىم»،
«اُل كَلمِش ol kəlmix — ئۇ كەپتۇ، مەن ئۇنىڭ كەل-
گەنلىكىنى كۆرمىدىم» دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئۆتۈمسىز پېئىللار ۋە ئۇلاردىن باشقا بارلىق ئۆت-
كەن زامان پېئىل شەكىللىرى ئىزچىل سۈرەتتە مۇشۇ
قائىدە بويىچە ياسىلىدۇ. بۇنىڭدا ئەرلەر سىيغىسى بىلەن
ئاياللار سىيغىسى، تەركىبىدە «ق-k» كەلگەن ۋە قات-
تىق ئېيتىلىدىغان، تەركىبىدە «ك-k، g» كەلگەن ۋە
يۇمشاق ئېيتىلىدىغان سۆزلەر پەرقلەنمەي بىر خىل قائىدە
بويىچە كېلىدۇ. «مِش mïx || mix» قوشۇمچىسى
«بَرمِش كِشي — barmïx kixi بارغان كىشى»، «كَلمِش
اَر — kəlmix ər كەلگەن ئادەم» دېگەن ئىبارىلەردىكى
پېئىللارنى سۈپەتداشقا ئايلاندۇرغان. بۇ يەردە «بِردي»،
«كَلدي» سۆزلىرىدىكىدەك «دي dï || di» قوشۇمچىسىغا
ئورۇن يوق.

پېئىللارنىڭ تۈرلىنىشى (تەسرىف): ياغما، توخسى،
چىگىل، ئارغۇ ۋە ئۇيغۇر قاتارلىق چىگىلا قەدەر جايلاش-

قان كوپچىلىك تۈرك قەبىلىلىرى پېلىنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلىنى بىر خىلدا «دى di // di»نى ئۇلاش بىلەن ئىپادىلەيدۇ. بۇلار بىر كىم كەتكەن بولسا، «بردى bardi — باردى» دەيدۇ.

ئوغۇز، قىپچاقلارنىڭ بەزىلىرى ۋە سۇۋارلار ئۇلاردىن پەرقلىنىدۇ. بۇلار «ى ـ يا» ئورنىغا تەركىۋىدە «ق ـ k» ياكى «غ ـ q» كەلگەن، ياكى قاتتىق ئېيتىلىدىغان سوزلەردە «ق ـ k»نى، تەركىۋىدە «ك ـ g، k» ياكى يۇمشاق ئېيتىلىدىغان سوزلەردە «ك ـ k»نى قوشىدۇ. بۇ تىلدا بىرلىك بىلەن كوپلۇك شەكلى بىر-بىرىدىن پەرقلەنمەي بىر خىل كېلىدۇ.

تەركىۋىدە «ق ـ k» كەلگەن سوزلەرگە مىسال: «يا قردق ya kurduk — ئۇ يا قۇردى»، شۇنىڭدەك «مَن يا قردق man ya kurduk — مەن يا قۇردۇم»، «بز يا قردق biz ya kurduk — بىز يا قۇردۇق» دىگەنگە ئوخشاشلار.

تەركىۋىدە «غ ـ q» كەلگەن سوزلەرگە مىسال: «اُل سوت سغدي ol süt saqduk[①] — ئۇ سۇت

① بۇ پېئىل يازما نۇسخىدا «سغدي» شەكلىدە يېزىلغان. بىز يۇقۇرىدا سوزلەنگەن قائىدىگە ئاساسەن، بۇ پېئىلنىڭ «سغدق» بولۇشى تەلەپ قىلىنىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ پېئىلنى «saqduk» دەپ ئالدۇق.

ساغدى»، «اُلاْرْ تاغقا اَغْدُقْ *olar taƣka aƣduk* — ئۇلار تاققا چىقتى» دىگەنگە ئوخشاش. بىرىنچى شەخس كوپلۈكىدە بولسا، «بِزْ اَغْدُقْ *biz aƣduk* — بىز چىقتۇق» دىيىلىدۇ.

قاتتىق ئۈيتىلىدىغان سوزلەرگە مىسال: «اُلْ اَنِي اُرْدُقْ *ol ani urduk* — ئۇ ئۇنى ئۇردى»، «مَنْ مُنْدا تُرْدُقْ *mən munda turduk* — مەن مۇندا تۇردۇم» دىگەنگە ئوخشاش.

تەركىۋىدە «ك ـ g،k» كەلگەن سوزلەرگە مىسال: «اُلْ كَلْدُكْ *ol kəldük* — ئۇ كەلدى»، «بِزْ كَلْدُكْ *biz kəldük* — بىز كەلدۇق»، «اُلاْرْ اَڤْكا كِرْدُكْ *olar əvgə kirdük* — ئۇلار ئويگە كىردى» دىگەنگە ئوخشاشلار.

يۇمشاق ئۈيتىلىدىغان سوزلەرگە مىسال: «مَنْ اَنكَرْ تَڤَارْ بِيرْدُكْ *mən aŋar tavar bərdük* — مەن ئۇنىڭغا مال بەردىم»، «مَنْ يَرْماقْ تِيرْدُكْ *mən yarmak tərdük* مەن يارماق (پۇل) تەردىم، يىغدىم» دىگەنگە ئوخشاشلار. كورۇپ تۇرۇۋىسەنكى، بۇ مىساللاردا كوپلۈك بىلەن بىرلىك پەرقلەنمىگەن.

ئوغۇزلارنىڭ كوپچىلىكى بىرىنچى شەخس

بىرلىكىدە باشقا تۈركلەرنىڭ «برْدِمْ *bardim* — باردىم»
دېگىنىدىكى «م - *m*» ئورنىغا «ق - *k*» ياكى «ك - *k*»نى
كەلتۈرۈپ، «برْدقْ *barduk* — باردىم» دەيدۇ، يەنى
بىرلىك بىلەن كوپلۇكنى پەرقلەندۈرمەيدۇ. پەقەت ئوتكەن
زامان خەۋەر پېئىلىنىڭ ئۈچىنچى شەخسىدىلا ساپ تۈرك-
لەر بىلەن ئوخشاش بولۇپ «باردى»، «كەلدى» سوز-
لەرىنى «برْدقْ *barduk*»، «كَلْدى *kəldük*①» دېمەيدۇ.

بۇيرۇق شەكلى: بۇ پۈتۈن تۈركى تىللاردا ئوخشاش.
بولۇشسىز شەكلى «برْمادِمْ *barmadim* — بارمىدىم»،
«كَلْمادِمْ *kəlmədim* — كەلمىدىم» دېيىلىدۇ. پېئىلنىڭ
بىرىنچى شەخس بولۇشسىز شەكلى ھەممە تۈركى تىللاردا
ئوخشاش.

پېئىلنىڭ ئۈچىنچى شەخس بولۇشسىز شەكلى
«برْمادقْ *barmaduk* — بارماپتۇ (بارمىغانلىقىنى ئاڭلى-
دىم)»، «كَلْمادكْ *kəlmədük* — كەلمەپتۇ (كەلمىگەنلى-
كىنى ئاڭلىمىدىم)» دېگەندەك بولۇپ، بۇ شەكىل تۈزۈلۈش

① بۇ پېئىل يازما نۇسخىدا «كَلْدى» شەكلىدە يېزىلغان. بىز بۇ
پېئىلنىڭ ئوغۇزلاردا ئۈچىنچى شەخس ئۈچۈن قوللىنىلمايدىغان
شەكلىگە مىسال كەلتۈرۈلگەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، «*kəldük*»
دەپ ئالدۇق.

چەھەتتىن بىز كۆرسىتىپ ئۆتكەن «بَرمِش *barmix* — بېرىپتۇ، لېكىن بارغانلىقىنى كۆرمىدىم»، «كَلمِش *kəlmix* — كەپتۇ، لېكىن كەلگەنلىكىنى كۆرمىدىم» دېگەن بولۇشلۇق شەكلىگە ئوخشايدۇ. تەركىبىدە «ق - *k*» كېلىدىغان، قاتتىق ئېيتىلىدىغان ياكى تەركىبىدە «ك - *k*» كېلىدىغان بولۇشسىز پېئىللارغا «ق - *k*» ياكى «ك - *k*» قوشۇلسا، ھەممە پېئىللاردا يەنە شۇ مەنە ئاڭلىنىدۇ. ئەگەر ئىش - ھەركەتنىڭ بولمىغانلىقى (بولۇشسىز پېئىل) ئېنىق ئىپادىلىنەمەكچى بولسا، «بَرمادي *baramdi* — (ھەقىقەتەن) بارمىدى»، «كَلمادي *kəlmədi* — (ھەقىقەتەن) كەلمىدى» دېيىلىدۇ.

ئوغۇزلار پېئىلنىڭ بولۇشلۇق شەكلىدە تۈركلەرنىڭ تىلىدا ئۈچىنچى شەخستە كېلىدىغان «ى - يا» ۋە بىرىنچى شەخستە كېلىدىغان «م - *m*» ئورنىدا «ق - *k*» ۋە «ك - *k*» نى قوللىنىپ، «بَردُق *barduk* — باردى»، «كَلدُك *kəldük* — كەلدى» دەيدۇ؛ بولۇشسىز شەكلىدىمۇ يەنە شۇ ھەرپلەرنى قوللىنىپ، «بَرمادُق *barmaduk* — بارمىدى»، «كَلمادُك *kəlmədük* — كەلمىدى» دەيدۇ. بۇ ھەممە پېئىللار ئۈچۈن ئومۇمى قائىدە بولۇپ، ھېچقايسىسى بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس.

مەسدەر: مەسدەر كۈچەيتىش، تەكىت مەقسىدە كەلسە، ئەرەپچىنىڭ ئەكسىچە پېئىلدىن ئاۋال كېلىدۇ. مەسىلەن:

«اُلْ بَرْماقْ بَرْدي *ol barmak bardï* — ئۇ كېتمشى
كەتتى»، «اُلْ كَلْماكْ كَلْدي *ol kəlmək kəldi* —
ئۇ كېلمشى كەلدى» دېگەندە، مەستەر پېلدىن ئاۋال
كەلدى.

پېلىنىڭ تۈرلىنىشى مۇنداق بولىدۇ: «بَرْدي
*bardï* — باردى»، «بَرِبْر *barïr* — بارار، باردۇ»،
«بَرْماقْ *barmak* — بارماق». بۇيرۇقنىڭ بىرلىكى
«بَرْ *bar* — بار»، كوپلۇگى «بَرِنْكْلارْ *barïŋlar* —
بېرىڭلار».

بۇيرۇق پېلىنىڭ ئىككىنچى شەخس كوپلۇگى ئۇچۇن
«لارْ — *lar*//*lər*»نى قوشۇش تۈركلەرگە خاس قائىدە-
دىدۇر. ئوغۇزلار① بۇنىڭ ئۇچۇن غۇننىلىك كاف (نك - *ŋ*)
نى قوللىنىپ، «بَرِنْكْ *barïŋ*» دەيدۇ، بۇنىڭ مەنە-
سى «بېرىڭلار» دېگەن بولىدۇ. ۋاھالەنكى، تۈركلەر بۇنى
هورمەت ئۇچۇن بىرلىك ئورنىدا قوللىنىدۇ.

بۇيرۇق پېلىنىڭ بولۇشسىز شەكلى ئۇچۇن بىرلا
قائىدە بولۇپ، پۈتۈن تۈركى تىللاردا بۇيرۇق شەكلىگە

① يازما نۇسخىدا بۇ ئورۇندا «ئوغۇز» دېگەن سوز يوق. بىسىم
ئاتالاي جۇملىنىڭ ئورنىغا قاراپ بۇ سوزنى قوشقان. بىز
بۇنى توغرا تېپىپ، تەرجىمىدە «ئوغۇز» دېگەن سوزنى
قوشتۇق.

«ما» *ma||mə* قوشۇلىدۇ. مەسىلەن: «بَرْما — *barma* بارما»، «تُرْما — *turma* تۇرما (قوپما)» دىگەنگە ئوخشاش. بۇنىڭ كوپلۇگى «بَرْمانْكْلارْ — *barmaŋlar* بارماڭلار»، «تُرْمانْكْلارْ — *turmaŋlar* تۇرماڭلار (قوپماڭلار)» بولىدۇ.

بۇيرۇق پېئىلىنىڭ ئۇچىنچى شەخس بولۇشسىز شەكلىدە «اُلْ بَرْماسُونْ *ol barmasun* — ئۇ بارمىسۇن»، «كَلْماسُونْ — *kəlməsün* — كەلمىسۇن»، ئۇچىنچى شەخس بولۇشلۇق شەكلىدە بولسا، «بَرْسُونْ *barsun* — بارسۇن»، «كَلْسُونْ — *kəlsün* — كەلسۇن» دېيىلىدۇ. يەنى بۇيرۇق پېئىلىنىڭ ئۇچىنچى شەخسى پۈتۈن تۈركى تىللاردا بۇيرۇق پېئىلىنىڭ ئىككىنچى شەخسىگە «س، و، ن» يەنى «سُونْ *sun||sün*» قوشۇلۇپ ياسىلىدۇ.

بۇنىڭ بىرىنچى شەخس شەكلىدە «بَرِيرْمَنْ — *barırmən* — بارىمەن» دېيىلىدۇ.

ئوغۇزلار سۆزنىڭ ياشىزىدىكى «ر - *r*» ھەرپىنى ساقلاپ، كەلگۈسى زامانىنى ئىپادىلەيدىغان ئىككىنچى «ر - *r*»نى تاشلايدۇ - دە، «مَنْ بَرَنْ *mən baran* — مەن بارىمەن»، «مَنْ تُرَنْ *mən turan* — مەن تۇرىمەن» دەيدۇ. ئەگەر ئەسلى سۆزدە «ر - *r*» ھەرپى بولمىسا، ئۇ سۆزگە كەلگۈسى زامان ئۈچۈن بىر «ر - *r*»

نى قوشىدۇ. مەسىلەن: «مَنْ كَلِرانْ — *mən kəlirən* — مەن كېلىمەن»، «مَنْ كُلَرَنْ — *mən külərən* — مەن كۈلىمەن» دېگەنگە ئوخشاش. بۇ سۆزلەرنىڭ ئەسلىدە (يەنى «كَلْدِى *kəldi*»، «كُلْدِى *küldi*» دېگەن سۆزلەردە) «ر - *r*» ھەرپى يوق. شۇنىڭدەك ئۇلار، «مَنْ بَرِيرْمَنْ — *mən barïrmən* — مەن بارىمەن» دېگەن سۆزدە پېئىلدىن كېيىنكى «م - *m*» ھەرپىنى «ا - ئېلىپ»قا ئايلاندۇرىدۇ. يەنى ئۇلار «مَنْ يا قُرَرَنْ — *mən ya kuraran* — مەن يا قۇرىمەن» دەيدۇ، تۈركلەر بولسا، ئىككى «ر - *r*» بىلەن «قُرَرْمَنْ — *kurarmən* — قۇرىمەن» دەيدۇ، ئىككى «ر - *r*»نىڭ بىرى ئەسلى (يىلتىز) دىكى، ئىككىنچىسى كەلگۈسى زاماننى ئىپادىلەش ئۈچۈن قوشۇلغان «ر - *r*» بولۇپ، بۇ «ر - *r*»دىن كېيىن «مَنْ — *mən* — مەن» سۆزىنى كەلتۈرىدۇ. ئەسلى قائىدە مۇشۇ. ئوغۇزلارنىڭ تۇتقان يولى قائىدىگە ئۇيغۇن بولمىسىمۇ، لېكىن سۆزلەشكە ئەپلىك. بولۇشسىز شەكلىدە «اُلْ بَرْماسْ — ئۇ بارمايدۇ — *ol barmas*» ۋە «مَنْ بَرْماسْ مَنْ — *mən barmasmən* — مەن بارمايمەن» دېيىلىدۇ. بۇ نۇقتىدا تۈركى قەبىلىلەر ئارىسىدا ئىختىلاپ يوق.

كەلگۈسى زامان بولۇشسىز پېئىلنىڭ بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى شەخسى ئۈچۈن بۇيرۇق شەكلىگە «ماس

«mas‖məs»، ئاندىن كوپلۈك ئۈچۈن «لار» «lar‖lər» قوشۇلىدۇ. مەسىلەن: «الار برماس لار - olar bar - maslar — ئۇلار بارمايدۇ»، «بولار برماسلار — bular barmaslar بۇلار بارمايدۇ» دېگەندەك. بىرىنچى شەخس كوپلۈكدە «بز برماس مز — biz barmasmiz — بىز بارمايمىز» دېيىلىدۇ.

ئەمىش - ھەركەتنىڭ يېقىن كەلگۈسىدە بولۇشىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، بۇيرۇق شەكلى ئاخىرىغا تەركىبىدە «ق - k» كەلگەن ۋە قاتتىق ئېيتىلىدىغان سوزلەردە «غ، ا، ى» يەنى «غاى «oƣay»، بۇنىڭدىن باشقا ئەھۋاللاردا «ك - k» يەنى «كاى «kəy‖gəy» قوشۇلىدۇ. شۇنىڭدەك تەركىبىدە «غ - ƣ» كەلگەن سوزلەردە «ق - k» (يەنى قاى (kay)مۇ قوشۇلىدۇ. مەسىلەن: «ال يا قرغاى ol — ya kurƣay ئۇ (پات پۇرسەتتە) يا قۇرىدۇ»، «ال سوت ساغقاى ol süt saƣkay — ئۇ (پات پۇرسەتتە) سۈت ساغىدۇ»، شۇنىڭدەك «ال اۋكا برغاى ol əvgə barƣay — ئۇ(پات پۇرسەتتە)ئۆيگەبارىدۇ»،«ال منكا كلكاى ol maŋa kəlgəy — ئۇ (پات پۇرسەتتە) ماڭا (مەن تەرەپكە) كېلىدۇ»، «ال يرماق تيركاى ol yarmak tərgəy — ئۇ (پات پۇرسەتتە) يارماق (پۇل) تېرىدۇ (توپلايدۇ)» دېيىلىدۇ. باشقا نەرسە توپلىسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

يۇقۇرقى مەنىنى بىلدۈرۈشتە، بۇ قائىدە ھەممە باپلاردىكى پېئىللارغا ئومۇمىدۇر.

ئىشلىگۈچىنىڭ بىر ئىش - ھەركەتنى قىلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى، ئۇنى قىلىشقا يېقىنلاشقانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، تەركىۋىدە «ق - k» كەلگەن ۋە قاتتىق ئېيتىلىدىغان سوزلەردە بۇيرۇق شەكلىنىڭ ئاخىرىغا «غالىر - ɣalir»، ئاخىرىدا «غ - ɣ» كەلگەن سوزلەردە «قالىر - kalir»، بۇ ئىككىسىدىن باشقىلىرىدا «كالىر kəlir || gəlir» قوشۇلىدۇ. بۇ قائىدە ھەممە تىللارغا ئورتاق.

مەسىلەن: «مەن بىرغالىرمەن mən barɣalirmən — مەن يېتىپ باراي دەپ قالدىم»، «مەن تۇرغالىرمەن mən — turɣalirmən مەن تۇرغىلى قوپتۇم» دېيىلىدۇ. شۇنىڭدەك «ال يا قۇرغالىر ol ya kurɣalir — ئۇ يا قۇرغىلى قوپتى» ۋە «ال تاغقا ئاغقالىر ol taɣka aɣkalir — ئۇ تاققا چىققاي دەپ قالدى» دېيىلىدۇ. تەركىۋىدە «ك - k، g» كەلگەن سوزلەرگە مىسال: «ال ئەۋگا كىرگالىر ol əvgə kirgəlir — ئۇ ئۆيگە كىرەي دەپ قالدى»، «ال يرماق تيرگالىر ol yarmak tərgəlir — ئۇ يارماق (پۇل) تەرگىلى قوپتى» دېيىلىدۇ.

بۇ پۇتۇن پىللارغا ئومۇمى بولغان بىر قائىدە.

ۋاقىت - چاغ ئىسىملىرى، ئورۇن - جاي ئىسىملىرى ۋە قۇرال - جابدۇق ئىسىملىرى: چىگىل، ياغما، توخسى، ئارغۇ، ئۇيغۇر قاتارلىق يۇقۇرى چىنغا قەدەر جايلاشقان قەبىلىلەر تىلىدا تەركىۋىدە «ق - *k*» كەلگەن ۋە قاتتىق ئېيتىلىدىغان سوزلەردە يىلتىزغا «غو - *oqu*»، تەركىۋىدە «ك - *k*، *g*» كەلگەن، ئاجىزلاشتۇرۇپ يۇمشاق ئېيتىلىدىغان سوزلەردە «غ - *oq*» ئورنىغا «ك» يەنى «كۇ - *kü* || *gü*» قوشۇلۇش بىلەن ياسىلىدۇ. ئوغۇز، قىپچاق، پەچەنەك، بۇلغار تىللىرىدا مۇنداق ئىسىملار بۇيرۇق پىلغا «س، و، ى[1]» قوشۇلۇش بىلەن ياسىلىدۇ.

ۋاقىت - چاغ ئىسىملىرى ئۇچۇن مىسال: «بۇ يا قۇرغو اغر ارماس *bu ya kuroqu ooqur ərməs* — بۇ يا قۇرىدىغان ۋاقىت ئەمەس».

ئورۇن - جاي ئىسىملىرى ئۇچۇن مىسال: «بۇ تۇرغو يىر ارماس *bu turoqu yər ərməs* — بۇ تۇرىدىغان يەر ئەمەس».

ئوغۇزچىدا بۇلار «بۇ يا قۇراسى اغر تىكل — *bu ya*

---

① ئوغۇز، قىپچاق تىللىرىدا بۇنداق ئىسىملارنى ياساش ئۇچۇن، «ا، س، ى — اسى «*asi* || *əsi*» قوشۇمچىسى كېلىشى كېرەك ئىدى. يازما نۇسخىدا قانداقتۇر «س، و، ى» شەكلىدە يەنى «و» ھەرپى ئارتۇق يېزىلىپ قالغان.

«بۇ تۇراسى يېر تەگۈل *bu turasi yər təgül* — بۇ قۇرىدىغان ۋاقت ئەمەس» يا بۇ *kurasi ooqur təgül*

تۇرىدىغان يەر ئەمەس» دىيىلىدۇ.

بۇقۇرىدا كورسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، سوزنىڭ ئاخرىدا

«غ - oq» ھەرپى كەلسە، بۇ مەنىلەرنى ئىپادىلەش ئۈچۈن «قۇ -

*ku*» قوشۇلىدۇ. مەسىلەن: «بۇ تاغ ئاغقۇ ئەرماس *bu taoq* —

*aoqku ərməs* بۇ تاقىا چىقىدىغان ۋاقىت ئەمەس» دى -

گەن جۈملىدە كەلگەن «ئاغقۇ *aoqku*» سوزىدىكى «قۇ -

*ku*» غا ئوخشاش. ئوغۇزلار بۇنى «بۇ تاغ ئاغاسى ئاغرىڭكل

*bu taoq aoqasi ooqur təgül* — بۇ تاقىا چىقىدىغان

ۋاقىت ئەمەس» دەيدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، ۋاقىت ۋە

ئورۇن ئىسىملىرى بولغان «ئاغر *ooqur*» ۋە «يېر *yər*»

گە ئوخشاش سوزلەرنى قوشۇپ قوللىنىدۇ.

تەركمۇيدە «ك - *k*، *g*» كەلگەن سوزلەرگە مىسال: «بۇ

ئەۋگە كىرگۇ ئوز ئول *bu əvgə kirgü öz ol* — بۇ

ئۈيگە كىرىدىغان ۋاقىت»، «ئول بىزگا كەلگۇ بولدى *ol* —

*bizgə kəlgü boldi* ئۇنىڭ بىزگە كېلىدىغان ۋاقتى

بولدى» دىگەنگە ئوخشاش. ئوغۇزلار بۇنى «ئول بىزگا كەلسى

بولدى *ol bizgə kəlasi boldi* — ئۇنىڭ بىزگە

كېلىدىغان ۋاقتى بولدى» دەيدۇ.

مۇنداق پېئىللار ئىسىملارغا چېتىلىپ كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئىسىم ئورنىدا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: «سَنِكْ بَرْغُونْكْ قَجان — *sənin barqun kaqan* — سېنىڭ بېرىشىڭ قاچان» دېگەندەك. بۇنى ئوغۇزلار «سَنِكْ بَراسِنْكْ قَجان — *sənin barasin kaqan* — سېنىڭ بېرىشىڭ قاچان» دەيدۇ. شۇنىڭدەك، «مَنِكْ بَرْغُومْ يَقْتِي — *mənin barqum yakti* — مېنىڭ بېرىشىم يېقىنلاشتى» دېيىلىدۇ. ئۈچىنچى شەخستە «آنِكْ بَرْغُوسِي — *anin barqusi* — ئۇنىڭ بېرىشى» دېيىلىدۇ. ئوغۇزلار «مَنِكْ بَراسِمْ — *mənin barasim* — مېنىڭ بېرىشىم» دەيدۇ. ئوغۇزچىدا مۇنداق ئىسىملارنى «سِي» «*si // si*» قوشۇمچىسى بىلەن ياساش بىر قائىدە بولۇپ، ئۇلاردا سۆز مەيلى «ق - *k*» بىلەن تۈزۈلگەن بولسۇن، مەيلى «ك - *k*» بىلەن تۈزۈلگەن ياكى باشقىچە بولسۇن، بۇ قائىدە ئۆزگەرمەيدۇ. پەقەت باشقىلارنىڭ تىلىدىلا «غ - *q*» ياكى «ق - *k*» بىلەن ۋە ياكى «ك - *k*» بىلەن تۈزۈلگەن سۆزلەرنىڭ قائىدىسى ئوخشاش بولمايدۇ.

ھەر خىل قورال - جابدۇق ئىسىملىرى: بۇلار پېئىلدىن ياسالسىمۇ ئىسىملار ئورنىدا قوللىنىلىدۇ: «يِكُو نانِكْ — *yəgü nən* — يەيدىغان نەرسە (غىزا)»، «اُرْغُو — *urqu* —

(بىر نەرسىنى) ئۈزىدىغان نەرسە»، «يىغاچ بىجغو yïoqaq—

piqoqu ياغاچ ۋە باشقا نەرسىلەرنى كېسىدىغان پالتا»،

«سىرغو soroqu — شورىدىغۇچ»، بۇ سوز «ئامىك سىردى

əmik sordï — ئەمچەك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسى-

لەرنى شورىدى» دىگەن سوزدىن ئېلىنغان.

مۇنداق ئىسىملار ئوغۇزلاردىن باشقا تۈركلەرنىڭ

تىلىدا سوزلەرنىڭ تەركىۋىدە «غ - oq»، «ق - k»،

«ك - k، g» بولۇشىغا قاراپ هەر خىل ياسىلىدۇ. بۇنىڭ

قائىدىسى يۇقۇرقىدەك. ئوغۇزلارغا كەلسەك، قورال-

جابدۇق ئىسىملىرى ئۇلارنىڭ تىلىدا پېئىللارغا «سى

si // si»[1] قوشۇلۇش بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن: «يىغاچ

بىجاسى نانىڭ yïoqaq piqasi nəŋ — ياغاچ كېسىدىغان

نەرسە»، «يىكاسى نانىڭ yəgəsi nəŋ — يەيدىغان

نەرسە (غىزا)» دىگەندەك.

مەن كورسىتىپ ئوتكەن بۇ ئۇسۇل ۋە قائىدىلەر

يالغۇز مۇشۇ باپقىلا (يەنى مۇشۇ خىلدىكى سوزلەرگىلا)

خاس بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۈچ، توت، بەش، ئالتە

هەرپلىك سوزلەرگىمۇ ئومۇمىدۇر. يەنى هەممە باپ ۋە

بولۇملەردىكى سوزلەر مۇشۇ قائىدە بويىچە بولىدۇ، زادى

---

[1] بۇ قوشۇمچە يۇقۇرىدا كورسىتىلگەن قائىدە بويىچە «اسى asi // əsi» بولۇشى كېرەك ئىدى.

ئەكسىچە بولمايدۇ، بۇ ئۇسۇل ۋە قائىدىلەرنى مۇشۇ جايدا ياخشى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈش ئۈچۈن، مەن بۇ باپتا بۇ توغرىدا جىق سۆزلىدىم، كۆپ ئىزدەندىم. بۇنىڭدىن كېيىن سۆزنى ئانچە ئۇزارتماي، مۇشۇ قائىدى-لەرگە قارىشىڭلارنى ھاۋالە قىلىمەن. بۇلار تىل قائىدى-لىرىنىڭ كىمياسىدۇر①. بۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن دەپتەرلەرنى تولدۇردۇم. بۇ قائىدىلەرنى ئۆزلەشتۈرۈۋالغان كىشى قالغىنىنى قىينالماي ئۆزى چىقىرىۋالالايدۇ ۋە تۈركلەردىن ئاڭلىغاندا، چۈشىنەلمەي قالغان سۆزلەرنىمۇ ئۆزى پەملىۋالالايدۇ.

ئىككى ھەرپلىكلەر باپلىرى تۈگىدى.

① بۇ سۆزنىڭ ئەرەپچىسى «كِمَا» شەكلىدە يېزىلىپ قالغان. بىھەسەم ئاتالايمۇ بۇ سۆزنى «كِميا» بولۇشى كېرەك دەپ ئىزاھ بەرگەن. كىميا — نەرسىلەرنىڭ راست - يالغىنىنى ئايرىيدىغان بىلىم - ھۈنەر.

# ئۈچ ھەرپلىكلەر باپلىرى

## ئۇتتۇرا ھەرپى ھەرخىل ھەرىكىلىك فَعَلْدى fəəldi شەكلىدىكى سوزلەر بابى

تُبْرْدى tüpürdi شامال چىقتى. تُبى تُبْرْدى tüpi tüpürdi — شامال چىقىپ تۇپا سورىدى (تُبِرارْ - تُبِرْماكْ tüpirər - tüpirmək). ماقالدا مۇنداق كەلگەن: تَتْشْماكِنْجا تَزْلْماسْ تُبِرْماكِنْجا آجِلْماسْ tütüxməginqə tüzülməs — tüpirməginqə aqilmas تۇتۇشمىغۇچە (ئارا) تۈزەلمەس، شامال چىقمىغۇچە (ھاۋا) ئېچىلماس. بۇ ماقال تۇتۇشۇپ (يامانلىشىپ) قالغان ئىككى كىشىنى ئەپلەشتۈرمەكچى بولغان كىشىگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

قَبَرْدى kapardï — باش قَبَرْدى bax kapardï قاپاردى. يارا قاپاردى (قَبرْرْ - قَبرْماقْ kaparur - kaparmak). بۇ سوزنىڭ ئەسلى «قابَرْدى» بولىسىمۇ، لېكىن

گَذْردى kəżirdi قاقلىدى، قاق قىلدى. اُلْ قوُيغ كَذْردى

قاقلىدى سويۇپ قوينى ئۇ — *ol koyuoı kəżirdi*

(كَذرار ـ كَذْرماك *kəżirər* ـ *kəżirmak*).

قَرَرْدى karardï قارايدى. تۇنْ قَرَرْدى *tün karardï* —

تۇن قارايدى. تونْ قَرَرْدى *ton karardï* — تون

قارايدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (قَرَرُرْ ـ قَرَرْماق

*karar ur* ـ *kararmak*).

قُرِرْدى kurïrdï قۇرغىدى، قۇرۇشقا باشلىدى. قُرِرْدى ناننْك

*kurïrdï nəŋ* — نەرسە قۇرۇشقا باشلىدى (قُرِيرُر ـ

قُرِرْماق *kurïrur* ـ *kurïrmak*).

قِزَرْدى kïzardï قىزاردى. قِزَرْدى ناننْك *kïzardï nəŋ* —

نەرسە قىزاردى (قِزَرُرْ ـ قِزَرْماق *kïzarur* ـ *kïzarmak*).

تَزَرْدى tazardï تازلاشتى، قۇماقلاشتى. تَزَرْدى ناننْك

*tazardï nəŋ* — نەرسە تازلاشتى، قۇماقلاشتى

(تَزَرُرْ ـ تَزَرْماق *tazarur* ـ *tazarmak*).

تُزَرْدى tüzərdi تۆزلەندى. يِرْ تُزَرْدى *yər tüzərdi* —

يەر تۈزلەندى (تُزَرُر - تُزَرْماك *tüzərür - tüzərmək*).

**كُزَرْدِي** küzərdi كۆزگە يۈزلەندى. اُوْدْ كُزَرْدِي — *ød küzərdi* مەۋسۇم (ۋاقىت) كۆزگە يۈزلەندى (كُزَرُر - كُزَرْماك *küzərür - küzərmək*).

**بَسُرْدِي** basurdi باسۇردى ~ باستۇردى. تَنْكْرِي تاغ بِرْلَا يِيرِكْ بَسُرْدِي — *təŋri taoq birlə yərig basurdi* تەڭرى يەرنى تاغ بىلەن باسۇردى. ھەرقانداق نەرسىنى ئېغىر بىر نەرسە بىلەن باسۇرۇپ قويۇشقىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (بَسُرُر - بَسُرْماق *basurur - basurmak*).

**بُسَرْدِي** busardi بۇسلاشتى، بۇس بولدى، تۇتۇلدى. كُوكْ بُسَرْدِي *køk busardi* — ئاسمان بۇس بولدى، يەنى تۇتەكلەشتى، ھاۋا تۇتۇلدى (بُسَرُر - بُسَرْماق - *busarur - busarmak*).

**قِسُرْدِي** kïsurdi قىسقارتتى. اُلْ اُزُنْ نَانْكْنِي قِسُرْدِي — *ol uzun nəŋni kïsurdi* ئۇ ئۇزۇن نەرسىنى قىسقارتتى (قِسُرُر - قِسُرْماق *kïsurur - kisurmak*).

**كُسُرْدِي** køsürdi چۈشىدى، كىشەنلىدى. اُلْ اَتِغْ كُسُرْدِي

ol atïq kəsürdi — ئۇ ئاتنى چۈشىدى (كسرر-
كسرماك kəsürür - kəsürmək).

بشردى puxurdi پۇشۇردى. ال منى بشردى ol məni —
puxurdi ئۇ مېنىڭ ئىچىمنى پۇشۇردى (بشرر - بشرماق
puxurur — puxurmak).

بشردى pïxurdi پىشۇردى. ال آت بشردى ol ət —
pïxurdi ئۇ گوش پىشۇردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق
(بشرر - بشرماق pïxurur - pïxurmak).

تشردى taxurdi تاشۇردى. ات اشج تشردى ot əxiq —
taxurdi ئوت قازاننى تاشۇردى. ھەرقانداق سۇيۇقلۇق
ئۆز ئورنىدىن تاشۇرۇلسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (تشرر-
تشرماق taxurur - taxurmak).

تشردى tuxurdi ئۇچراشتۇردى، قوۋۇشتۇردى. ال منى سنكا
تشردى ol məni saŋa tuxurdi — ئۇ مېنى ساڭا
ئۇچراشتۇردى (تشرر - تشرماق tuxurur - tuxurmak).

تشردى tüxürdi تۈشۈردى ~ چۈشۈردى، چۈشۈرۈپ قويدى. ال
الكدين يرماق تشردى ol əlikdin yarmak tüxürdi —

ئۇ قولىدىن يارماقىنى چۈشۈرۈپ قويدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. مَنْ اَنِي اَتِّنْ تُشُرْدُمْ — *mən anī attīn tüxürdüm* مەن ئۇنى ئاتتىن چۈشۈرۈپ قويدۇم. چۈشۈرۈۋەتىسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (تُشُرُرْ - تُشُرْمَكْ - *tüxürür* *tüxürmək*).

سَشُرْدِي saxurdi ئايرىدى. اُلْ يِنْجُونِي جَشْ بِلا سَشُرْدِي — *ol yinqüni qəx bilə saxurdī* — ئۇ ئۈنچىنى چەش بىلەن ئايرىدى (ئايرىپ تىزدى). باشقا ئۇبسىل تاشلارنى ئارىسىنى ئايرىپ يىپقا تىزىشقىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (سَشُرُرْ - سَشُرْمَاقْ *saxurur* - *saxurmak*).

كُشَرْدِي küxərdi: كُولْ كُشَرْدِي *kəl küxərdi* — كۆل توشۇپ كەتتى، تېشىپ كەتكۈدەك تولدى (كُشَارُرْ - كُشَارْمَاكْ *küxərür* - *küxərmək*) شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

اَلِنْ تُبُو يِشُرْدِي
اُرُتْ اُتِنْ يِشُرْدِي
كُولْ نِكْ سُفِنْ كُشَرْدِي
سِغِرْ بُقا مُنْكُرْ شُورْ

*alïn təpü yaxardï*
*urut otïn yaxurdï*
*kəlniŋ suvïn küxərdi*
*sïqïr buka məŋrəxür*

[تاغ توپىسى ياشاردى،
قۇرۇق ئوتنى يوشۇردى،
كول سۇيىنى تاشۇردى،
سىيىر، بۇقا مورىشۇر.]

باھار تەسۋىرلىنىپ مۇنداق دېيىلگەن: تاغ توپىلىرى (چوققىلىرى) يېڭى ئوسۇملۇك بىلەن ياپ-يېشىل بولۇپ كەتتى؛ قۇرۇق ئوتلارنى ياش ئوتلار قاپلاپ كەتتى؛ كوللەرنىڭ سۇلىرى تېشىپ كەتكۇدەك دەرىجىدە تولۇپ كەتتى؛ سىيىر (ئىنەك)، بۇقىلار سويۇنۇشۇپ مورەشمەكتە.

قاچىدىكى سۇ لىپۇدىگىچە تولۇپ، تېشىپ كېتىش دەرىجىسىگە يەتسىمۇ، «كُشُرْدى *küxərdi*» دېيىلىدۇ.

بغُرْدي booqardï يونۇدى، بوقۇردى. اُلْ يغاج بغُرْدي — *ol yïoaq booqardï* ئۇ ياغاچ يونۇدى (بغرور-بغرماق *booqarur-booqarmak*). بۇ سوزنىڭ ئەسلى «بغرادي *booqradï*» دۇر.

تغُرْدي tuoqurdï تۇغدى. اُراغُتْ اغل تغردي — *uraoqut*

oqul tuqurdï خوتۇن بالا تۇغدى. ھايۋانلار تۇغسىمۇ،
ئىستىئارە قىلىپ «تغردي tuqurdï — تۇغدى» دېيىلىدۇ
(تغرر - تغرماق tuqurur - tuqurmak). ماقالىدا مۇنداق
كەلگەن: اتا اغلي اتج تغار ata oqlï ataq tuqar —
ئاتا بالىسى ئاتىسىدەك تۇغۇلار، يەنى بالا ئەقىل تاپقاندا
مىجەز - خۇلقتا ئاتىسىغا تارتىدۇ.

**تغردي** tooqrudï: ال منكا تغردي ol maŋa tooqrudï —
ئۇ ماڭا ئۇدۇللاپ كەلدى، يەنى كېتىۋاتقان يولىنى
قويۇپ، توپ - توغرا مەن تەرەپكە ئوقچۇپ كەلدى. بىرەر
كىشى كېتىۋاتقان يولىدىن چىقىپ، توپ - توغرا باشقا
نەرسە تەرەپكە بۇرۇلۇپ ماڭسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ
(تغرر - تغرماق tooqrur - tooqrumak). «ت - t» قاتتىق
ئېيتىلىدۇ.

**سغردي** saqurdï سۇمۇردى، ئىچتى؛ ساقىتتى. ار سوف سغردي
ər suv saqurdï — ئادەم سۇ سۇمۇردى، ئىچتى. قم سوف
سغردي kum suv saqurdï — قۇم سۇنى سۇمۇردى.
ال قرت سغردي ol kurut saqurdï — ئۇ قۇرۇتنىڭ
سۈيىنى ساقىتتى. قارلۇقچە.

**سغردي** saqurdï تۆكۈردى. ال يقارو يارن سغردي ol —
yokaru yarïn saqurdï ئۇ يۇقۇرىغا (ئاسمانغا)

قاراپ تۆكۈردى. بارسغانچە، باشقىلار «سذتي *suzti*»

دەيدۇ (سغرر ـ سغرماق *saqurur – saqurmak*). ماقالدا

مۇنداق كەلگەن: كوككا سغرسا يوزكا تشور *kɵkgə*—

كوككە (ئاسمانغا) *saqursa yüzgə tüxür* تۆكۈرسە،

يۈزگە چۈشۈر. بۇ ماقال ئۆزىدىن چوڭلارغا يامانلىق

قىلسا، ئۆزىگە يانىدىغانلىقىنى قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

**سغردي** siqurdī سىغدۇردى. ال انغ قابقا سغردي *ol* —

ئۇ ئۇنىنى قاپقا سىغدۇردى. *unuq kapka siqurdi*

بىرەر نەرسىنى بىر نەمە ئىچىگە چىڭداپ سىغدۇرۇشقىمۇ

شۇنداق دېيىلىدۇ (سغرر ـ سغرماق *siqurur – siqurmak*).

**قغردي** koqurdī قورىدى. ال ترغ قغردي *ol tariq* —

ئۇ تېرىق (بۇغداي) قورىدى. باشقىلاردىمۇ *koqurdi*

شۇنداق. بۇ سوز يۇمشاق «ڤ ـ *v*» بىلەن «ققردي

*kovurdi*»مۇ دېيىلىدۇ (قغرر ـ قغرماق *kaqurur* –

*kaqurmak*).①

① بۇ پېيىلنىڭ ئۆتكەن زامانى بۇ ئورۇندا «قغردي» شەكلىدە «ق ـ *k*» ھەرپى زەممىلىك يېزىلغان بولسىمۇ، مەستەر ۋە كەلگۈسى زامانىدا «ق ـ *k*» ھەرپى فەتھەلىك يېزىلغان. يازما نۇسخا 376 ـ بەتتە بۇ پېيىلنىڭ «غ ـ *q*» بىلەن ئېيتىلە-

تَڤُرْدِي təvürdi: اُلْ تَڤَارِغْ اَڤُرْدِي تَڤُرْدِي — ol tavarïq əvürdi təvürdi ئۇ تاۋار (مال)نى ئورۇپ - چۆرىدى، ئاستىن - ئۈستۈن قىلدى. بۇنىڭدا «اَڤُرْدِي əvürdi» ئاساسىي سۆز بولۇپ، «تَڤُرْدِي təvürdi» ئۇنىڭغا قوشۇ- لۇپ كەلگەن (تَڤُرَارْ - تَڤُرْمَاكْ təvürər - təvürmək).

جَڤُرْدِي qəvürdi چۆرىدى، چۆگىلەتتى. اَرْ اُقْ جَڤُرْدِي — ər ok qəvürdi ئادەم ئوق چۆرىدى، ئوقنى تىرنىقىنىڭ ئۈستىدە چۆگىلەتتى. ھەرقانداق نەرسىنى سول قول- نىڭ باش بارمىقىنىڭ تىرنىقى ئۈستىدە چۆگىلىتىشكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. اُلْ جِغْرِيغْنِي جَڤُرْدِي — ol qïqrïnï qəvürdi ئۇ چىغرىقنى چۆگىلەتتى (جَڤُرَارْ - جَڤُرْمَاكْ qəvürər - qəvürmək).

سَڤُرْدِي savurdï سورىدى. اَرْ تَرِغْ سَڤُرْدِي — ər tarïq savurdï ئادەم (خاماندا) ئاشلىق سورىدى. شامالدا ھەر- قانداق نەرسىنى سورۇپ تازىلاشقىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ

---

دىغان ئوملۇك دەرىجىسى «اَغْرِشْتِي» شەكلىدە يېزىلغان. بىز بۇ دەۋردە سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى «a» تاۋۇشى- نىڭ «o»غا ئايلىنىش ھادىسىسى كۆرۈلۈۋاتقان بولسا كېرەك دەپ، ھەر ئىككى خىل ئەھۋالنى ساقلىدۇق.

(سَڤُرار ـ سَڤُرْماق *savurar - savurmak*).

**قَڤُرْدِي kavurdï** قورۇدى، قىستى. بِلازُكْ كُنُكْ اَلِكِنْ قَڤُرْدِي — *biləzük küŋ əlikin kavurdï* بىلەيزۈك كۈنىڭ (چورىدىلىق) قولىنى قىستى. ھەرقانداق نەرسە بىرەر نەرسىنى قورۇسا ياكى قىسسا شۇنداق دېيىلىدۇ (قَڤُرار ـ قَڤُرْماق *kavurar - kavurmak*).

**بُقُرْدِي bukurdï** چۈشۈردى، تۆۋەنلەتتى. اُلْ اَتْ تَكِرِنْدَا بُقُرْدِي — *ol at təgirindən bukurdï* ئۇ ئاتنى باھاسىدىن چۈشۈردى. باشقا نەرسىنىڭ باھاسىنى چۈشۈرسىمۇ، شۇنىڭدەك ھەرقانداق نەرسىنى ئۆز ئورنىدىن تۆۋەنگە چۈشۈرسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (بُقُرُر ـ بُقُرْماق *bukurur - bukurmak*).

**بَقُرْدِي bakurdï** باقتۇردى، قاراتتى، قاراتقۇزدى. اُلْ مَنكا كِشِي بَقُرْدِي — *ol maŋa kixi bakurdï* ئۇ ماڭا كىشىنى باقتۇردى (بَقُرُر ـ بَقُرْماق *bakurur - bakurmak*).

**چِقَرْدِمْ qïkardïm** چىقاردىم. مَنْ اَنِي اَڤْدَنْ چِقَرْدِمْ — *mən ani əvdən qïkardïm* مەن ئۇنى ئۆيدىن چىقاردىم، باشقىلاردىمۇ شۇنداق (چِقارُر ـ چِقَرْماق *qïkarur - qïkarmak*).

سِقْردِي sīkïrdï ئسقرتتى. قُش سِقْردِي *kux sikïrdï* — قۇش ئسقرتتى. كِشي سقْردِي *kixi sïkïrdï* — ئـادەم ئسقرتتى (سِقرار - سِقرماق *sïkïrar - sïkïrmak*).

قِقْردِي kïkïrdï قىچقىردى، ۋاقىرىدى. آر قِقْردِي *ər* — *kïkïrdï* ئادەم ۋاقىرىدى، يەنى بىركىمنى ياكى باشقا نەرسىنى يۇقۇرى ئاۋاز بىلەن قىچقىردى (قِقرار - قِقْرماق *kïkïrar - kïkïrmak*). شىېردا مۇنداق كەلگەن:

قُدى قِقْرب اغش تِردِم
يغي قارو كِرش قردم
تقش اِجرا ارش بِردِم
آرن كُورب بشي تِنْدي

*kužï kïkrïp ooux tərdim*
*yaoï karu kirix kurdum*
*tokux iqrə urux bərdim*
*ərən korüp baxï tïodï*

[پەسكە توۋلاپ جەمەت يىغدىم،
دۇشمەنگە قارشى كىرىپ قوردۇم،

آڤ بزندى *əv bəzəndi* — ئوي بېزەلدى. بۇ يەردىكى
«ن - *n*» ھەرپى «ل - *l*» ھەرپىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ
كەلگەن (بزنور - بزنماك *bəzənür - bəzənmək*).

بسندى basïndi بېسىنچاق كوردى. ال آرك بسندى *ol* —
*ərig basïndi* ئۇ (بىر) ئادەمنى بېسىنچاق كوردى ۋە
بوزەك ئەتتى (بسنور - بسنماق *basïnur - basïnmak*).

بشندى boxandï بوشاندى، بوشىدى. قوى بشندى *koy* —
*boxandï* قوي بوشاندى، باغلاقتىن بوشاندى. تكون بشندى
*tügün boxandï* — تۈگۈن، چىگىك بوشىدى. اراغت
بشندى *uraqut boxandï* — ئايال (ئەردىن) بوشاند-
دى، ئەردىن چىقتى. ئارغۇچە، بۇ سوز ساغلام ئەمەس
(بشنور - بشنماق *boxanur - boxanmak*).

بغندى boqundï بوغۇلدى. اَت بغندى *at boqundï* —
ئات بوغۇلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (بغنور - بغنماق
*boqunur - boqunmak*).

بقنغل bakïnoqïl باققىن، قارىغىن. ايش كيدنكا بقنغل *ïx* —
*kəliŋə bakïnoqïl* ئىشنىڭ كەينىگە (ئاخىرىغا) قارىغىن،

جەڭگە كىرىپ ئۇرۇش قىلدىم،
يىگىتلىرىمىنى كورۇپ (دۇشمەن) باشلىرىنى
تىقمۇالدى.]

ئاغدىن پەسكە قاراپ ۋاقىراپ، ئۇرۇق-جەمەتىمنى يىغدىم، دۇشمەنگە قارشى كىرىچ (ئوقيا) قۇردۇم، دۇشمەن بىلەن ئوق ئېتىشىپ راسا جەڭ قىلدىم، دۇشمەن مېنىڭ يىگىتلىرىمنى كورۇپ بېشىنى يۇركىگەن پېتى قاچتى.

**تَكُرْدي** təgürdi تەگدۈردى ~ تەككۈزدى، يەتكۈزدى. اُلْ مَنكا بَكْدِنْ سُوزْ تَكُرْدي — *ol maŋa bəgdin søz təgürdi* ئۇ ماڭا بەگدىن سوز يەتكۈزدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (تَكُرُرْ - تَكُرْماكْ *təgürür - təgürmək*).

**جُكُرْدي** qøkürdi چوكۈردى ~ چوكتۈردى. اُلْ تَڤَى جُكُرْدي — *ol təvə qøkürdi* ئۇ تۆگە چوكۈردى. ئادەمنى تىزلاندۇرۇشقىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (جُكُرُرْ - جُكُرْماكْ *qøkürür - qøkürmək*).

**كِكِرْدي** kəkirdi كېكىردى. آرْ كِكِرْدي — *ər kəkirdi* ئادەم كېكىردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (كَكِرارْ - كَكِرْماكْ *kəkirər - kəkirmək*).

كُوكَرْدِي kəkərdi كوكەردى. كُوكَرْدِي نانِكْ —kəkərdi
nəŋ نەرسە كوكەردى، ئاسمان رەڭگگە كىردى
(كُوكَرُرْ - كُوكَرْماكْ kəkərür - kəkərmək).

كُلَرْدِي kələrdi كول بولدى، كولگە ئايلاندى. كُلَرْدِي
سُوْ kələrdi suv — سۇ كول بولدى (كُلَرُرْ - كُلَرْماكْ
kələrür - kələrmək).

كُلَرْدِي külərdi: اَتْ كُلَرْدِي at külərdi — ئات يېتىۋال-
دى، يەنى ئات قوسىقى ئىسىلىشىن ۋە شۇنىڭدەك
سەۋەپلەردىن ئوزىنى تاشلىۋەتتى (كُلَرُرْ - كُلَرْماكْ külərür-
külərmək). ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: اَرْ اُغْلِي
مُنكاذْماسْ اِتْ اُغْلِي كُلَرْماسْ ər ooqlï muŋażmas —
ئىت ooqlï külərməs ئادەم بالىسى مۇگلىنىۋەرمەس، it
بالىسى يېتىۋەرمەس. يەنى ئىت كۈچۈكى ئوزىنى تاشلاپ
يېتىۋەرمىگەندەك، ئادەم بالىسمۇ قايغۇرۇپ يېتىۋەرمەيدۇ،
بىر ئىلاج قىلىپ ئوزىنى قۇتقۇزىدۇ.

تَمُرْدِي tamurdi قانىدى. اَرْ بُرْنِي تَمُرْدِي ər burnï —
tamurdï ئادەمنىڭ بۇرنى قانىدى.

تُمُرْدِي tomurdi بەلدىدى، دۇگلەك توغرىدى. اَرْ يِغاجْ تُمُرْدِي

ər yïqaq tomurdi — ئادەم دەرەخنى يۇمۇلاق توغرىدى (تمرر ـ تمرماق tomurur – tomurmak).

جمردى qomurdi چومدۇردى. ال انى سققا جمردى ol — ani suvka qomurdi ئۇ ئۇنى سوغا چومدۇردى (جمرر ـ جمرماق qomurur – qomurmak).

جمردى qəmürdi چومدۇردى، چوكتۇردى. بۇ سوز چوڭقۇر-راق چومدۇرگەن مەنىدە ئىشلىتىلدۇ (جمرر ـ جمرماك qəmürür – qəmürmək).

سمردى simürdi سۈمۈردى~سۈمەردى. ال سوتك سمردى ol sütüg simürdi — ئۇ سۈتنى سۈمۈردى. باشقىلار-دىمۇ شۇنداق (سمرر ـ سمرماك simürür – simürmək).

سبردى süpürdi سۈپۈردى. ال اڤ سبردى ol əv süpürdi — ئۇ ئۆي سۈپۈردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (سبرر ـ سبرماك süpürür – süpürmək).

كمردى kəmürdi كېمىردى. ال سنكوك كمردى ol səŋük kəmürdi — ئۇ سۆڭەك كېمىردى (كمرر ـ كمرماك kəmürür – kəmürmək).

تنردى tünərdi كەچ كىردى، قاراڭغۇ چۈشتى. تنردى يير

چۈشتى. يەر (يۈزى)گە قاراڭغۇ — *tünərdi yər*

ۋاقىتقىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (تنرر - تنرماك

.(*tünərür - tünərmək*

تَبْزدى tapuzdi تاپقۇزدى. اُلْ مَنكا سُوز تبزدى — *ol*

*maŋa səz tapuzdi* ئۇ ماڭا سوز (تېپىشماق) تاپقۇزدى

.(*tapuzur - tapuzmak* (تبزر - تبزماق

تتزدم tutuzdum تاپىلدىم، جورىدىم. مَنْ اَنكارْ سُوز

تتزدم *mən aŋar səz tutuzdum* — مەن ئۇنىڭغا سوز تاپە-

لىدىم، يەنى مەن ئۇنىڭغا ئېسىدە تۇتۇشقا ياكى رايە قىلىشقا

*tutuzur* - ئېگىشلىك سوز ئېيتتىم (تتزر - تتزماق

.(*tutuzmak*

تَمْزدى tamuzdi تامغۇزدى ~ تامدۇردى، تېمىتتى. اُلْ سُوْ

تمزدى *ol suv tamuzdi* — ئۇ سۇ تامغۇزدى. باش-

*tamuzur* - قىلاردىمۇ شۇنداق (تمزر - تمزماق

.(*tamuzmak*

كُذَزْدى kəżəzdi كۈزەتتى، كۈتتى، ساقلىدى. اُلْ مَنكا كُذَزدى

*ol maŋa kəżəzdi* — ئۇ ماڭا (بىر نەرسىنى) ساقلىدى.

اُلْ مَنى كُذَزدى *ol məni kəżəzdi* — ئۇ مېنى كۈتتى.

دىمەك بۇ سوز ھەم ساقلىماق، ھەم كۈتمەك مەنىسىدە

ئىشلىتىلىدۇ (كُذَازْرْ ـ كُذَزْماكْ *kөzәzür-kөzәzmәk*).
بۇ سۆزنىڭ ئەسلى «كُوزْ آتّي *kөz atti*» بولۇپ،
بىرەر نەرسىنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن كۆزنى شۇنىڭغا
تاشلىدى (تىكتى) دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. باشقا بىر
شىۋىدە «كُزَتّي *kөzәtti*» دىيىلىدۇ.

بۇ پېئىللاردىكى «ز ـ *z*» ھەرپى قائىدىگە ياتتۇر.
چۈنكى، ئۆتۈمسىز پېئىلنى ئۆتۈملۈككە ئايلاندۇرۇشقا توغرا
كەلسە، شۇ پېئىلنىڭ بۇيرۇق شەكلىنىڭ ئاخىرىغا «ز ـ *z*»
ئەمەس «ر ـ *r*» ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن: «آرْ قَچْتي *әr* —
*kaqti* ئادەم قاچتى» دىگەن جۈملىدىكى «قَچْتي
*kaqti*» ئۆتۈمسىز پېئىل، ئۇنىڭ ئۆتۈملۈك شەكلى
«قَچْرْدي *kaqurdi*» بولىدۇ، «اُلْ آني قَچُرْدي *ol* —
*ani kaqurdi* ئۇ ئۇنى قاچۇردى» دىگەنگە ئوخ ـ
شاش. «آرْ سُوفْ كَچْدي *әr suv kәqdi* — ئادەم سۇ
كەچتى» دىگەن جۈملىدىكى «كَچْدي *kәqdi*» پېئىلى
ئۆتۈمسىز ئىدى، «اُلْ آني كَچُرْدي *ol ani kәqürdi* —
ئۇ ئۇنى كەچۈردى» دىگەندە بۇيرۇق پېئىل ئاخىرىغا
«ر ـ *r*» ھەرپى قوشۇلۇش بىلەن ئۆتۈملۈك پېئىلغا ئايلانغان.
«سُوفْ تَمْدي *suv tamdi* — سۇ تامدى» دىگەن

جۈملىدىكى «تَمْدى *tamdï*» پېئىلىمۇ ئۆتۈمسىز.

تۈركلەرنىڭ «مَنى كُزْتي *mɵni küzti* — مېنى كۈتتى» دېگەن سۆزىگىمۇ مۇشۇ قىياس بىلەن قاراش كېرەك. ئوغۇزلار بەزىدە «ر - *r*» نىڭ ئورنىغا «ز - *z*» نى ئىشلىتىدۇ. مەسىلەن: «ئۇ مالنى ئالدۇردى» دېمەكچى بولسا، «اُلْ تَڤارْ اَلْدُزْدى *ol tavar alduzdï*» دەيدۇ. بۇ سۆزنىڭ ئەسلى «اَلْدى *aldï*» ئىدى.

تَبِشْدي təpixdi تېپىشتى، پۇت تېپىشتى. اُلْ مَنِكْ بِرْلا تَبِشْدي — *ol mənin̡ birlə təpixdi* ئۇ مېنىڭ بىلەن تېپىشتى (تَبِشُور - تَبِشْماكْ *təpixür - təpixmək*).

قَبِشْدي kapïxdï تالاشتى، بولاشتى. اُلْ مَنِكْ بِرْلا تُبِق قَبِشْدي — *ol mənin̡ birlə topïk kapïxdï* ئۇ مېنىڭ بىلەن توپۇق تالاشتى، يەنى مېنىڭ بىلەن چوگەن ئويۇنىدا توپۇق تالاشتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (قَبِشُور - قَبِشْماق *kapïxur - kapïxmak*).

قُبُشْدي kopuxdï قوپۇشتى. اُلْ مَنِكْ بِرْلا قُبُشْدي — *ol mənin̡ birlə kopuxdï* ئۇ مېنىڭ بىلەن قوپۇشۇپ باقتى. قوپۇشتا ياردەملىشىشكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ

(قبشۇر - قبشماق kopuxur - kopuxmak).

كُبْشْدى kөbüxdi يومەشتى. اْل مَنكا تۇن كُبْشْدى ol — maŋa ton kөbüxdi ئۇ ماڭا تون يومشىپ بەردى. يومەشتە بەسلمشكمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (كُبشور - كُبشماك kөbüxür - kөbüxmək).

بِتِشْدى bitixdi پۈتۈشتى، يېزىشتى. اْل مَنكا بِتِكْ بِتِشْدى ol maŋa bitik bitixdi — ئۇ ماڭا خەت پۈتۈشۈپ بەردى. يېزىشتا بەسلمشكمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (بِتِشور - بِتِشماك bitixür - bitixmək).

بِتِشْتِلارْ bitixtilər پۈتۈشتى. اۇلارْ اِكّى بِتِشْتِلار olar ikki bitixtilər — ئۇلار ئىككىسى پۈتۈشتى، يەنى ئۇلار بىر - بىرگە قىلغان داۋاسىدا پۈتۈشتى (بِتِشورلار - بِتِشماك bitixürlər - bitixmək).

تُتُشْدِيلارْ tutuxdilar تۇتۇشتى. اُلارْ اِكّى تُتُشْدِيلار olar ikki tutuxdilar — ئۇلار ئىككىسى (بىر - بىرى بىلەن) تۇتۇشتى. بىر نەرسە باشقا بىر نەرسىگە يېپىشىپ قال- سىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (تُتشور - تُتشماق tutuxur - tutuxmak).

تُتُشْدى tütüxdi تۈتۈشتى. اْل مَنكا كَيِكْ تُتُشْدى ol —

maŋa kəyik tütüxdi ئۇ ماڭا كېيىك تۇتۇشۇپ بەردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. تۇتۇشقا بەسلەشكەنمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. اُلار اِكي تُتُشْديلار olar ikki — tütüxdilər ئۇ ئىككىسى جاڭجاللىشىپ قالدى. سۆزنىڭ ئەسلى ئاۋالقىسى (تُتُشُور - تُتُشماك tütüxür - tütüxmək).

تِتِشْدي titixdī تەتەشتى. اُلْ مَنكا يُونكْ تِتِشْدي —lo maŋa yuŋ titixdī ئۇ ماڭا يۇڭ تەتەشىپ بەردى. تەتەشتا بەسلەشكەنمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. ئىككى كىشى بىر-بىرىنىڭ كىيىمىنى يىرتىشسىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ (تِتِشُور - تِتِشْماق titixur - titixmak). ماقالدا مۇنداق كەلگەن: سُكُشُبْ اُرْشُر اُتْرا تُون تِتِشُور — sөküxüp urxur otra ton titixur سوكۇشۇپ (تىللىشىپ) ئۇرۇشار، ئارىدا تون تەتەلار، يەنى سوكۇشۇشتىن ئۇرۇش چىقىپ، ئارىدا چاپان يىرتىلىدۇ. بۇ ماقال كىشىلەرنى سوكۇشۇش، تىللىشىشتىن ئۆزىنى تارتىشقا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

سَتِشْدي satixdī سېتىشتى. اُلْ مَنكا تَفارْ سَتِشْدي — ol maŋa tavar satixdī ئۇ ماڭا مال سېتىشىپ بەردى. سېتىشتا بەسلەشسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (سَتِشُور - سَتِشْماق satixur - satixmak).

قَتِشْدِی katïxdi قېتىشتى. اُلْ مَنِنْكْ بِرْلا تَلْقانْقا ياغ قَتِشْدِی

ئۇ — *ol məniŋ birlə talkanka yaq katïxdi*

مېنىڭ بىلەن تالقانغا ياغ قېتىشىپ باقتى[1]. قېتىش

(قوشۇش) تا ياردەملىشىشمىكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ

(قَتِشُورْ ـ قَتِشْماقْ *katïxur - katïxmak*).

گَتِشْدِی kətixdi كېتىشتى، ئايرىلىشتى. اُلارْ بِرْ اِكِنْدِیدِنْ

كَتِشْدِی — ئۇلار *olar bir ikindidin kətixdi* بىرى

ئىككىنچىسىدىن ئايرىلدى، يەنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ

كېتىشتى (كَتِشُورْ ـ كَتِشْماكْ *kətixür - kətixmək*).

شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

يَرَغْ بِلْبْ يَغِشْدِی

ارْتَقِلُقِنْ سِكْشْدِی

قِلِنْ قِيبْ كَتِشْدِی

سِرْدا مَنِكْ قِوِیمِی

① بۇ جۈملىنىڭ ئەرەبچىسى ئەسلى تېكىستتا ئۇيغۇن كەل ـ

مەيدۇ. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ئەرەبچە «المباراة ـ بەسلىشىش»

سۆزىنىڭ ئورنىغا «الاعانة ـ ياردەملىشىش» سۆزى ئېلىنىپ

قالغان. بىز تۈزىتىپ تەرجىمە قىلدۇق.

*yaraq bulup yaqıuxdi*
*ortaklikin*[1] *səküxdi*
*kulun kapup kətixdi*
*sürdi*[2] *məniŋ koyumi*

[يۇرسەت تېپىپ يېغىلاشتى،
ئورتاقلىقنى بۇزۇشتى،
قولۇنى بولاپ كېتىشتى،
سۈرۈپ كەتتى قويۇمنى.]

پايدا ئالغاندىن كېيىن، بىرمۇنچە ئەرسىلىرىنى يوشۇرۇۋالغان شېرىك توغرىسىدا شۇنداق دېيىلگەن: ئۇ پۇرسەت تېپىپ قولۇنۇمنى ئوغرىلاپ كەتتى، شېرىكچىلىكنى بۇزدى، قويلىرىمنى ھايداپ كەتتى، مەندىن ئايرىلدى.

لِقِنْ لِكِنْ likin likin بولار «بىلەن» مەنىسىدىكى قوشۇمچىلار بولۇپ، «ل ـ *l*» ھەرپى بەزىدە كەسرە، بەزىدە

---

① بۇ مىسرادىكى «ارتقلقن» سوزىدىن ھېچقانداق مەنە چىقمىغانلىقتىن، بېسىم ئاتالاي ئۇنى «*ortaklikīn*» دەپ تۈزەتكەن. مەھمۇت قەشقەرىمۇ مەنىسىنى «شېرىكچىلىك» دەپ ئىزاھلىغان.

② بۇ مىسرادىكى «سردا» سوزىنىمۇ بېسىم ئاتالاي خاتا يېزىلىپ قالغان، توغرىسى «سردى *sürdi*» بولۇشى كېرەك دەپ ئىزاھلىغان. بىز بولارنى مۇۋاپىق تاپتۇق.

زەممە بىلەن كېلىدۇ. بۇ قوشۇمچە بەزىدە ئەرەپچىدىكى ۋاستىچى باغلىغۇچى مەنىسىدە كېلىدىغان «ب» ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. مەسىلەن: «بِلِكِنْ الغلقا تَكْدِمْ — *bilikligin*[1] *uluqlukka təgdim* بىلىملىك بولۇش بىلەن ئۇلۇغلۇققا ئېرىشتىم»، «اَذْكولُكْنْ كَلْ اِيسِزْلِكِنْ كَلْما — *əzgü-lükün kəl əsizlikin kəlmə* ياخشىلىق بىلەن كەل، يامانلىق بىلەن كەلمە».

بۇ ئىككى قوشۇمچىدا «ق - *k*» ئاساسىي ھەرپ بولۇپ، يۇقۇرىدا كۆرسىتىلگىنىدەك، پەقەت تەركىۋىدە «ك - *k*» كەلگەن ۋە يۇمشاق ئېيتىلىدىغان سۆزلەردىلا «ق - *k*» نىڭ ئورنىغا «ك - *k*» كېلىدۇ، شۇنىڭدەك بۇ قوشۇمچىلار ئۇلانغان سۆزلەردە (قوشۇمچىدىن ئىلگىرى كەلگەن بوغۇمدا) زەممە بولسا «ل - *l*» ھەرپى زەممە بىلەن، كەسرە ياكى ساكىن بولسا كەسرە بىلەن كېلىدۇ.

بِجِشْدِي piqixdi پىچىشتى، كېسىشتى، تىلىشتى. اُلْ مَنِكْ بِرْلا يِغاجْ بِجِشْدِي — *ol məniŋ birlə yiƣaq piqixdi*

---

① بۇ سۆز بۇ يەردە «بِلِكِنْ» شەكلىدە يېزىلغان. بىسىم ئاتالاي-نىڭ ئىزاھاتىغا قارىغاندا، ئەسلى قوليازمىنىڭ ھاشىيىسىدە بۇ سۆز «بِلِكْلِكِنْ *bilikligin*» دەپ تۈزىتىلگەن. بىز كېيىنكىسىنى ئاساس قىلدۇق.

ئۇ مېنىڭ بىلەن ياغاچ كېسىشىپ باقتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. كېسىشتە ياردەملىشىشكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (بِچِشُور - بِچِشْماق *piqïxur - piqïxmak*). ئىككى ئادەم ئايرىلىشىشىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

سُوچُشْدِي süqüxdi چۈچۈكلەشتى، چۈچىدى. سُوچُشْدِي نانْك — *süqüxdi nəŋ* نەرسە چۈچۈكلەشتى (سِچِشُور- سُچِشْماك *süqixür - süqixmək*)①.

سَچِشْدِي səqixdi چېچىشتى. اُلْ مَنكا يَرْماق سَچِشْدِي — *ol maŋa yarmak səqixdi* ئۇ ماڭا يارماق چېچىشىپ بەردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. چېچىشتا بەسلىشىشكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (سَچِشُور - سَچِشْماك - *səqixür* - *səqixmək*).

سُچُشْدِي suquxdi ئىرغىشتى، سەكرەشتى. اَتْلار قَمُغ سُچُشْدِي — *atlar kamuq suquxdi* ئاتلارنىڭ ھەممىسى ئۇركۈپ

① بۇ پېلىنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلىدە «ج - q» ھەربى زەمىلىك كەلگەن، كەلگۈسى زامان ۋە مەستەر شەكىللىرىدە بولسا، كەسرىلىك كەلگەن. مۇشۇ خىلدىكى باشقا پېئىللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ زەمىلىك كېلىشى كېرەك ئىدى، بىز ئەسلىنى ئۆزگەرتمىدۇق.

سەكرەشتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (سجشور - سجشماق
suquxur - suquxmak).

قَجِشْتى kaqīxtī قېچىشتى. اُلارْ بِرْ بِيرْدِنْ قَجِشْتى — olar
bir birdin kaqīxti ئۇلار بىر - بىردىن قېچىشتى (قَجِشور -
قَجِشْماق kaqīxur - kaqīxmak).

قُجْشْدى kuquxdī قۇچاقلاشتى. اُلْ مَنِكْ بِرْلا قُجْشْدى ol —
mənin birlə kuquxdī ئۇ مېنىڭ بىلەن قۇچاقلاشتى
(قُجشور - قُجشْماق kuquxur - kuquxmak).

كَجِشْتى kəqixti كېچىشتى. اُلْ مَنِكْ بِرْلا سُوْ كَجِشْتى
ol mənin birlə suv kəqixti — ئۇ مېنىڭ بىلەن
سۇ كېچىشىپ باقتى (كَجِشُورْ - كَجِشْماكْ - kəqixür -
kəqixmək).

كُجَشْدى küqəxdi كۆچەشتى، تالاشتى. الارْ اِكّى تَفارْ كُجَشْدى
olar ikki tavar küqəxdi — ئۇ ئىككىسى بەسلىشىپ
مال تالاشتى. تالىششتا ياردەملىششكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ
(كُجَشُورْ - كُجَشْماكْ küqxəür - küqəxmək).

بُذْشْدى büzüxdi بېيلەشتى، ئۇسۇل ئوينىشتى. اغلان بُذشْدى
ooƣlan büzüxdi — بالىلار سەكرەپ ئويناشتى

(بۇزشۇر - بۇزشماك büzüxür - büzüxmək).

**بۇزشدى** buzuxdi ئاجراشتى، ئاجرىدى. بۇزشدى نانلك - *bu-zuxdi nəŋ* نەرسە (ئىككى پۇتنى كېرىپ ئاجراتقاند-ەك) ئاجرىدى (بۇزشۇر - بۇزشماق *buzuxur* - *buzuxmak*).

**تىزشدى** tïzïxdi تىيىشتى، چەكلەشتى. ئولار بىر بىرىك تىزشدى — ئۇلار بىر - بىرىنى تىيىش-تى، يەنى بىرەر ئىشتىن ياندۇرۇشتى (تىزشۇر - تىزشماق *tïzïxur* - *tïzïxmak*).

**قَدشدى** kadïxdi قىيىشىپ بەردى. اُل مَنكا تُون قَدشدى — ئۇ ماڭا كىيىم قىيىشىپ بەردى (قَدشۇر① - قَدشماق *kadïxur* - *kadïxmak*). قىيىپ تىكىشتە بەسلىشىشكىمۇ شۇنداق دىيىلىدۇ. قىيىپ تىكىش — چىلق تىكىشتۇر.

**قِدشدى** kïdïxdi جىيەكلىشىپ بەردى. اُل مَنكا بۇرك قِدشدى — ئۇ ماڭا بۆك جىيەكلىد-شىپ بەردى. تورۇك نەرسىنىڭ چورىسىنى تىكىپ چىقىشتا ياردەملىشىش ياكى بەسلىشىشكىمۇ شۇنداق

---

① يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلنىڭ كەلگۈسى زامان شەكلى (قَدشۇر) يېزىلماي قالغان، بىز قوشۇپ قويدۇق.

دېيىلىدۇ (قىدشۇر-قىدشماق kïdïxur - kïdïxmak).

قُدْشْدى koduxdï قويۇشتى، تاشلاپ قويۇشتى. اُلاْر بيرْ بيرْكا ايشْ قُدُشْدي olar bir birgə ïx koduxdï — ئۇلار بىر - بىرىگە ئىش قويۇشتى، يەنى بىر - بىرىگە ئىشىنىپ، ئىشنى قويۇپ قويۇشتى (قُدْشور - قُدْشْماق koduxur - koduxmak).

كُدْشْدي küdüxdi كۈتۈشتى. اُلاْر بيرْ بيرِكْ كُدُشْدي olar bir birig küdüxdi — ئۇلار بىر - بىرىنى كۈتۈشتى (كُدْشور - كُدْشْماك küdüxür - küdüxmək).

بَرِشْدي barïxdï بېرىشتى. اُلاْر بيرْ بيرْكا بَرِشْدي olar bir birgə barïxdï — ئۇلار بىر - بىرىنىڭكىگە بېرىشتى (بَرِشور - بَرِشْماق barïxur - barïxmak). بېرىشىپ تۇرغان ياكى بېرىشتا بەسلەشكەنلىكنى شۇنداق دېيىلىدۇ.

بُرْشْدي bürüxdi بۇرۇشتى ~ پۇرۇشتى، پۇرۇشۇپ بەردى. اُلْ مَنكا بُرْما بُرْشْدي ol maŋa bürmə bürüxdi — ئۇ ماڭا پۇرمە (لىپەز) پۇرۇشۇپ بەردى. مىشە (تېرە خالتا) ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ ئاغزىنى پۇرۇشكىنى شۇنداق دېيىلىدۇ (بُرشور - بُرْشْماك bürüxür - bürüxmək).

بُرُشْدی buruxdi پـۈرلاشتـی، قـورۇلـدی. بُرُشْدی نانڭ — نەرسە پۈرلاشتی، يەنی چىراي تۈرۈلگەنگە *buruxdi nəŋ* ئوخشاش پۈرلاشتی (بُرُشُور - بُرُشْماق *buruxur* - *buruxmak*).

بَرِشْدی bərixdi بېرىشتی. اُلار بیر بیرکا قیز بَرِشْدی — *olar bir birgə kiz bərixdi* ئۇلار بىر - بىرىگە قىز بېرىشتی. ئىككى كىشى بىر - بىرىگە بىرنەرسە بېرىشسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (بَرِشُور - بَرِشْماك *bərixür-bərixmək*).

تُرُشْدی turuxdi تەڭ تۇرۇشتی، قارشى تۇردی. کِچِك الُغ بِرلا تُرُشْدی — *kiqik uluoq birlə turuxdi* كىچىكلەر چوڭلار بىلەن تەڭ تۇرۇشتی، تالاش - تارتىشتا تەڭ تۇردی (تُرُشُور - تُرُشْماق *turuxur* - *turuxmak*). ماقالدا مۇنداق كەلگەن: کِچِك الُغقا تُرُشْماس قِرغوی سُنْكُقُرقا قَرِشْماس — *kiqik uluoqka turuxmas kirquy soŋkurka karixmas* كىچىكلەر چوڭلارغا تەڭ تۇرالماس، قۇرغۇي شۇڭقارغا قارشى چىقالماس، يەنى قۇرغۇي شۇڭقار بىلەن ئېلىشالمىغاندەك، كىچىكلەر ھەرقانچە غەيرەتلىك بولسىمۇ، چوڭلارغا تەڭ تۇرالمايدۇ. چۈنكى چوڭلارنىڭ ھىلىسى ۋە تەدبىرى كۆپ بولىدۇ.

تِرَشْدِی tirəxdi تىرەشتى، تىركەشتى. اُلْ مَنِنْكْ بِرْلا تِرَشْدِی — ol məniŋ birlə tirəxdi — ئۇ مېنىڭ بىلەن تىرەشتى (تىركەشتى). ھەرقانداق نەرسىنى تىرەشتە ۋە دەرۋازىنى دەم بىلەن تىرەپ بېكىتىشتە ياردەملىشىشكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (تِرَشُورْ - تِرَشْماكْ tirəxür - tirəxmək).

تُرُشْدِی türüxdi تۈرۈشتى، تۈرتەكلەشتى. اُلْ مَنْكا بِتِكْ تُرُشْدِی — ol maŋa bitik türüxdi — ئۇ ماڭا كىتاپ تۈرۈشۈپ بەردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (تُرُشُورْ - تُرُشْماكْ türüxür - türüxmək). تۈرۈشتە بەسلىشىشكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

تِرِشْدِی tərixdi تېرىشتى، تېرىشىپ بەردى. اُلْ مَنْكا يِمِشْ تِرِشْدِی — ol maŋa yəmix tərixdi — ئۇ ماڭا يېمىش (مېۋە) تېرىشىپ بەردى. ھەرقانداق نەرسىنى تېرىش - توپلاشتا ياردەملىشىش ۋە بەسلىشىشكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (تِرِشُورْ - تِرِشْماكْ tərixür - tərixmək).

تِرَشْدِی tirəxdi تىرەجىدى. يِلْقِي تُيَغْنْ تِرَشْدِی — yilki tuyaqïn tirəxdi — ئات تۇيىقىنى تىرەپ تۇرۇۋالدى، يەنى ئات تىقىنجىلىقتىن ماڭماي تىرەجەپ تۇرۇۋالدى

(تِرَشُور - تِرَشْماكْ tirəxür - tirəxmək).

**سَرِشْدى** sarïxdï ئوراشتى، يوگەشتى. ئُلْ مَنكا سُفْلُقْ سَرِشْدى — ol maŋa suvluk sarïxdï ئۇ ماڭا سەللە يوگەشتۈپ بەردى. ھەرقانداق نەرسىنى يوگەش ياكى تۇرۇشتە بەسلىشىشكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (سَرِشُور - سَرِشْماق sarïxur - sarïxmak).

**سُرُشْدى** soruxdï شورىدى، ئىچىۋالدى. تُونْ تارِكْ سُرُشْدى — ton tərig soruxdï كىيىم تەرنى ئىچىۋالدى (سُرُشُور - سُرُشْماق soruxur - soruxmak).

**سُرِشْدى** surïxdï سۈرلەشتى، سۈرلۈك تۈسكە كىردى. آنِڭْ يۈزى سُرِشْدى — anïŋ yüzi surïxdï ئۇنىڭ يۈزى سۈرلەشتى (يەنى سۈرلۈك تۈسكە كىردى) (سُرِشُور - سُرِشْماق surïxur - surïxmak).

**سِرِشْدى** sïrïxdï شىرىشتى. قِيزْ آناسِنكا كِذِزْ سِرِشْدى — kiz anasïŋa kiziz sïrïxdï قىز ئانىسىغا كىگىز شىرىشىپ بەردى، يەنى تۇركمەن كىگىز ئۆيلىرىنىڭ يوپۇق ۋە پەردىلىرىنى شىرىشتا ئانىسىغا ياردەملەشتى (سِرِشُور - سِرِشْماق sïrïxur - sïrïxmak).

سۈرشدى sürüxdi سۈرۈشتى، سۈركەشتى، قوغلاشتى؛ سۈرۈشتۈردى. آذغر قسراق برلا سۈرشدى *azoqir kisrak birlə sürüxdi* — ئايغىر بايتال بىلەن سۈركەشتى، يەنى بايتالنى چىشلەپ ئويناشتى. ئايغىر بايتالغا چاپماقچى بولغاندا شۇنداق قىلىدۇ. اُل مَنك برلا سرشدى *ol məniŋ birlə sürüxdi* — ئۇ مېنىڭ بىلەن قوغلاشتى.

اُل اَنْدا اَلِمِن سرشدى *ol anda alïmïn sürüxdi* — ئۇ ئۇنىڭدىن ئېلىشىنى سۈرۈشتۈردى، قەرزىنى بېرىشىنى تەلەپ قىلدى (سرشور - سرشماك *sürüxür* - *sürüxmək*).

قَرِشتى karïxti كىرىشتى، قېرىشتى. بُرى تيشى قَرِشتى *bəri tïxï karïxti* — بۆرىنىڭ چىشى كىرىشتى. بۆرى ئايدا بىر ھەپتە ھېچنىمە يېمەي، ھاۋا يۇتىدۇ، شۇ چاغدا ئۇنىڭ چىشى كىرىشىپ قالىدۇ. تُن كُن برلا قَرِشدى *tün kün birlə karïxdi*① — تۈن كۈن بىلەن قېرىشتى. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

① «قَرِشتى»، «قَرِشدى» سۆزلىرىنىڭ ئىملاسى ئەسلى تېكىستتە مۇشۇنداق ئىككى خىل يېزىلغان.

يَاىْ قِشْ بِلَا قَرِشْتِي
اَرْدَمْ يَاسِنْ قُرِشْتِي
جَرِكْ تُتُبْ كُرَشْتِي
اُقْتَاغْلِي اُتْرُشُورْ

*yay kïx bilə karïxtï*
*ərdəm yasïn kurïxtï*
*qərik tutup kürəxti*
*oktaqalï ətrüxür*

[ياز قىش بىلەن قېرىشتى
ئەردەم ياسىنى قۇرۇشتى،
چېرىك تۇتۇپ كۈرەشتى،
ئوقلاشقىلى تاس قالدى.]

ياز قىش بىلەن قېرىشتى، ئۇلار ھۈنەر ياسىنى قۇرۇپ، بىر - بىرى بىلەن سەپ تارتىپ كۈرەش قىلدى، بىر - بىرىنى ئوققا تۇتماقچى بولۇۋاتىدۇ.

قَرِشْتِيلَارْ karïxtïlar قېرىشتى، قارشىلاشتى؛ قارشى كەلدى.

اِكِّي بَكْلَارْ قَرِشْتِيلَارْ — *ikki bəglər karïxtïlar*

ئىككى بەگ قېرىشتى، قارشىلىشىپ تۇرۇشتى. اُلْ مَنْكَا

يُولْدا قَرِشْتِي *ol maŋa yolda karīxtī* — ئۇ ماڭا

يولدا ئالدىمغا چىقتى (قَرِشُور - قَرِشْماق *karīxur* -

*karīxmak*).

قُرُشْتِي kuruxtī قۇرۇشتى. اُلْ مَنِكْ بِرْلا يا قُرُشْتِي *ol* —

*mənin birlə ya kuruxtī* ئۇ مېنىڭ بىلەن يا قۇرۇ-

شۇپ باقتى. قۇرۇشتا يارداملىشىشقىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ

(قُرُشُور - قُرُشْماق *kuruxur - kuruxmak*).

قُرُشْدِي kuruxdī قۇرىدى. اَتْماكْ قَمُغْ قُرُشْدِي *ətmək* —

*kamuq kuruxdī* نان پۈتۈنلەي قۇرىدى، يەنى ناننىڭ

ھەممە يېرى قۇرىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق

(قُرُشُور - قُرُشْماق *kuruxur - kuruxmak*).

قُرُشْتِي koruxtī قورۇشتى، قوغداشتى. اُلْ مَنْكا قُرُغْ قُرُشْتِي

*ol maŋa koruq koruxtī* — ئۇ ماڭا قورۇق قوغدىشىپ بەردى

(قُرُشُور - قُرُشْماق *koruxur - koruxmak*)①.

قِرِشْدِي kīrīxdī قىرىشتى. اُلْ مَنْكا يِيرْ قِرِشْدِي *ol* —

*maŋa yər kīrīxdī* ئۇ ماڭا يەر قىرىشىپ بەردى. قىرىشتا

---

① بۇ پېئىلنىڭ كەلگۈسى زامان ۋە مەستەر شەكلى يازما نۇسخىدا يېزىلماي قالغان، بىز قوشۇپ قويدۇق.

بەسلىشىشكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (قِرِشُور ـ قِرِشماق
.(kirixur - kirixmak

كَرِشْدى kərixdi كېرىشتى، تارتىشتى. اُلْ مَنكا يِبْ كَرِشْدى
— ol maŋa yip kərixdi ئۇ ماڭا يىپ كېرىشىپ
بەردى. كېرىشتە بەسلىشىشكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ
.(kərixür - kərixmək كَرِشُورْ ـ كَرِشْماكْ)

كَرِشْدى kərixdi تارتىشتى، تالاشتى، تاكاللاشتى.
— ol aniŋ birlə kərixdi اُلْ اَنِكْ بِرْلا كَرِشْدى
ئۇ ئۇنىڭ بىلەن (بىرەر نەرسە ئۈستىدە) تارتىشتى،
تالاشتى. اُلْ اَنِكْ بِرْلا كَرِشْدى ol aniŋ birlə —
kərixdi ئۇ ئۇنىڭ بىلەن تاكاللاشتى، يەنى گەپ تالاشتى
.(kərixür - kərixmək كَرِشُورْ ـ كَرِشْماكْ)

كُرُشْدى kərüxdi كورۇشتى، قاراشتى. اُلْ مَنِكْ بِرْلا
كُرُشْدى — ol məniŋ birlə kərüxdi ئۇ مېنىڭ بىلەن
كورۇشتى. باشقا نەرسىلەرنىڭ بىر ـ بىرىنى كورۇشكىمۇ
شۇنداق دېيىلىدۇ (كُرِشُورْ ـ كُرِشْماكْ kərixür -
.(kərixmək

كُرَشْدى kürəxdi كۈرەشتى. اُلْ مَنكا قارْ كُرَشْدى ol —

maŋa kar küräxdi ئۇ ماڭا قار كۈرىشىپ بەردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. كۈرەشتە بەسلىشىشكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (كُرَشُورْ - كُرَشْماكْ küräxür - küräxmäk).

**كِرِشْدِي** kirixdi كىرىشتى. اُلْ مَنِنْكْ بِرْلا اِيشْقا كِرِشْدِي — *ol mäniŋ birlä ïxka kirixdi* — ئۇ مېنىڭ بىلەن ئىشقا كىرىشتى، يەنى ئۇ بىر ئىشقا كىرىشىشتە مېنىڭ بىلەن بەسلەشتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (كِرِشُورْ - كِرِشْماكْ *kirixür - kirixmäk*).

**بَزَشْدِي** bäzäxdi بېزەشتى. اُلْ مَنكا بَزَكْ بَزَشْدِي — *ol maŋa bäzäk bäzäxdi* ئۇ ماڭا بېزەك بېزىشىپ بەردى. بېزەشتە بەسلىشىشكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (بَزَشُورْ - بَزَشْماكْ *bäzäxür - bäzäxmäk*).

**بُزُشْدِي** buzuxdi بۇزۇشتى. اُلْ مَنكا اَوْ بُزُشْدِي — *ol maŋa äv buzuxdi* ئۇ ماڭا ئۆي بۇزۇشۇپ بەردى. بۇزۇشتا بەسلىشىشكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (بُزُشُورْ - بُزُشْماقْ *buzuxur - buzuxmak*).

**تَزِشْدِي** täzixdi تېزىشتى. اُلارْ اِكِي تَزِشْدِي — *olar ikki täzixdi* ئۇلار ئىككىسى تېزىشتى، بىر - بىرىدىن تېزىشىپ كەتتى (تَزِشُورْ - تَزِشْماكْ *täzixür - täzixmäk*).

تۈزشدى tüzəxdi① تۈزلەشتى. ال مەنكا يېر تۈزشدى — ol maŋa yər tüzəxdi — ئۇ ماڭا يەر تۈزلىشىپ بەردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. بىرەر نەرسىنى تۈزلەشتە بەسلىشىشكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (تۈزشور - تۈزشماك tüzəxür - tüzəxmək).

تىزشدى tizixdi تىزىشتى. ال مەنىڭ بىرلا يىنجو تىزشدى — ol məniŋ birlə yinqü tizixdi — ئۇ مېنىڭ بىلەن ئۈنچە تىزىشىپ باقتى. شېئىر - قوشاق ۋە باشقا نەرسە-لەرنى تىزىشقىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ، بىرەر نەرسىنى تىزىش ئىشىدا ياردەملىشىشكىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (تىزشور - تىزشماك tizixür - tizixmək).

قازشدى kazixdi قېزىشتى. ال مەنكا يېر قازشدى — ol

---

① بۇ سوز بۇ يەردە «تۈزشدى tüzüxdi» شەكلىدە يېزىلىپمۇ، كەلگۈسى زامان ۋە مەستەر شەكىللىرى «تۈزشور - تۈزشماك tüzəxür - tüzəxmək» شەكلىدە يېزىلغان. بىز بۇ سوز-نىڭ يازما نۇسخا 268 - بەتتىكى «تۈزار tüzər» ۋە 308- بەتتىكى «تۈزردى - تۈزرماك tüzərdi - tüzərmək» شەكلىدە يېزىلغانلىغىنى ۋە بۇ جايدىكى مەستەر شەكلىنىڭ ئىملاسىنى، شۇنىڭدەك، بۇ پېئىل تومۇرلىرىنىڭ مەنىسى بىر ئىكەنلىگىنى نەزەردە تۇتۇپ، «tüzəxdi» دەپ ئالدۇق.

*maŋa yər kazixdi* ئۇ ماڭا يەر قېزىشىپ بەردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. قېزىش ئىشىدا بەسلىشىشكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (قَزِشُورْ ـ قَزِشْماقْ *kazixur* ـ *kazixmak*).

كَزِشْدي kəzixdi كېزىشتى. اوُلْ مَنكا① يِيرْ كَزِشْدي *ol* — *maŋa yər kəzixdi* ئۇ مېنىڭ بىلەن يەر يۈزىنى كېزىشتى، يەنى ئۇ مېنىڭ بىلەن جاھان كېزىشىپ باقتى (كَزِشُورْ ـ كَزِشْماكْ *kəzixür* ـ *kəzixmək*).

كُزَشْتي kɵzəxti كۆچىلاشتى. اوُلْ مَنكا اوُتْ كُزَشْتي *ol* — *maŋa ol kɵzəxti* ئۇ ماڭا ئوت كۆچىلىشىپ بەردى. ئوت كۆچىلاشتا بەسلىشىشكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (كُزَشُورْ ـ كُزَشْماكْ *kɵzəxür* ـ *kɵzəxmək*).

بَسِشْدي basïxdi بېسىشتى. اوُلْ مَنكا ايْما بَسِشْدي *ol maŋa* — *oyma basïxdi* ئۇ ماڭا پايپاقلىق بېسىشىپ بەردى، يەنى پايپاق قىلىنىدىغان تۇركىمەن كىگىزى بېسىشىپ بەردى. ھەرقانداق كۆپچۈپ چىققان، پوپۇس بولۇپ تۇرغان نەرسىنى بېسىپ چىڭداشقىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ

---

① بۇ سۆز ئەرەبچىسىگە قارىغاندا «مَنكا» ئەمەس، «مَنِكْ بِرْلا» *maniŋ birlə* ـ مېنىڭ بىلەن» بولىدىغان بولسا، توغرا بولاتتى. بىز ئەسلىنى ئۆزگەرتمىدۇق.

(بَسِشُورْ - بَسِشْماقْ basïxur - basixmak).

بُسُشْدِي pusuxdï پۇسۇشتۇرما قويۇشتى. بَگْلارْ بُسُشْدِي
bəglər pusuxdï — بەگلەر بىر - بىرىگە قارشى پىس-
تۇرما قويۇشتى (بُسُشُورْ - بُسُشْماقْ pusuxur - pusuxmak).

سُسُشْدِي süsüxdi سۈزۈشتى ~ ئۈسۈشتى. اِكّي قُجْنكارْ
سُسُشْدِي ikki koqŋar süsüxdi — ئىككى قوچقار
ئۈسۈشتى (سُسُشُرْ - سُسُشْماكْ süsüxür - süsüxmək).

كَسِشْدِي kəsixdi كېسىشتى. اُلْ مَنْكا يِغاجْ كَسِشْدِي ol —
maŋa yiƣaq kəsixdi ئۇ ماڭا ياغاچ كېسىشىپ بەر-
دى. كېسىش ئىشىدا بەسلىشىشكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ
(كَسِشُورْ - كَسِشْماكْ kəsixür - kəsixmək).

كُسَشْدِي kөsəxdi ئارزۇ قىلىشتى. اَرَنْ قَمُغْ تَفارْ كُسَشْدِي
ərən kamuƣ tavar kөsəxdi — ھەممە ئادەم تاۋار
(مال) ئارزۇ قىلىشتى. مال بىلەن پەخىرلىنىشكىمۇ
شۇنداق دېيىلىدۇ (كُساشُورْ - كُسَشْماكْ kөsəxür -
kөsəxmək).

بُغُشْدِي boquxdï بوغۇشتى. اُلارْ اِكّي بُغُشْدِي olar —

بوغۇشتى (بىر - بىرىنى) ئىككىلەن ئۇلار *ikki boquxdi*
(بغشور - بغشماق *boquxur - boquxmak*).

سَغِشْدى saqïxdi سىغىشتى. اُلارْ اِكّي سُوتْ سَغِشْدى
— *olar ikki süt saqïxdi* ئۇلار ئىككىلەن سۈت
سېغىشتى، سۈت سېغىشتا بەسلەشتى. سېغىشتا ياردەملىشىش-
كىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (سَغِشور - سَغِشماق
*saqïxur - saqïxmak*).

سُغُشْدى sooquxdi سوقۇشقا باشلىدى. اُوذْ سُغُشْدى *ød* —
*sooquxdi* كۈن (ۋاقىت، هاۋا) سوقۇشقا باشلىدى
(سُغُشور - سُغُشماق *sooquxur - sooquxmak*).

تُفِشْدى tüvixdi: اُلْ مَنِكْ بِرْلا اَتْ تُفِشْدى *ol mənin* —
*birlə ət tüvixdi* ئۇ مېنىڭ بىلەن (بەسلىشىپ) زىققا
گۈش ئوتكۈزۈشتى. زىققا گۈش ئوتكۈزۈشتە ياردەملىشىش-
كىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. باشقىلاردىمۇ شۇنداق
(تُفِشور - تُفِشْماك *tüvixür - tüvixmək*).

سَقَشْدى savaxdi ساۋاشتى، ئۇرۇشتى. اُلارْ اِكّي سَقَشْدى
— *olar ikki savaxdi* ئۇلار ئىككىلەن ئۇرۇشتى.
ئوغۇزچە (سَقَشور - سَقَشماق *savaxur - savaxmak*).

سَفِشْدى səvixdi سويۈشتى، ياخشى كورۈشتى. اُلارْ اِكّي

سَڤِشْدِى ئُولار ئِككِيلەن — olar ikki səvixdi سويۇشتى، بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشتى (سَڤِشُور-
سَڤِشْماكْ səvixür - səvixmək).

سُڤِشْدِى suvixdi سۇيۇلۇپ كەتتى، بوشاپ كەتتى.
يُغُرْمِشْ اُونْ سُڤِشْدِى yuqurmix un suvixdi — يۇغۇرۇلغان خېمىر سۇيىنىڭ كۆپلۈكىدىن بوشاپ كەتتى. ھەرقانداق سۇيۇق نەرسە سۇنىڭ چىقلىقىدىن سۇيۇلۇپ كەتسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (سُڤِشُورْ - سُڤِشْماقْ suvixur-suvixmak).

سُڤَشْدِى suvaxdi سۇۋاشتى. اُلْ مَنكا اَڤْ سُڤَشْدِى — ئۇ ماڭا ئوۋ سۇۋىشىپ بەردى. سۇۋاشتا بەسلىشىشكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (سُڤُشُورْ - سُڤَشْماقْ suvaxur - suvaxmak).

قَڤُشْدِى kavuxdi قوۋۇشتى. اَرْكَكْ تِشِيقا قَڤُشْدِى — ərkək tixika kavuxdi ئەركەك خوتۇنغا قوۋۇشتى، يەنى ئۆيلەندى. بۇ سۆز ئەسلىدە بىر نەرسىنىڭ يەنە بىر نەرسىگە ئۇلىنىشى ياكى باغلىنىشى دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: «قَداشْ قَداشْقا قَڤُشْدِى — kadax

*kadaxka kavuxdi* قاياش قاياشقا قوۋۇشتى» دېگەنگە ئوخشاش. ئىككى خان ئارىسىدا يارىشىش ئۈچۈن بولغان ئۇچرىشىشنى «قۇۋۇشت *kavxut*» دېيىش شۇنىڭدىن ئېلىنغان. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: تاغ تاغقا قۇۋۇشماس كىشى كىشىگە قۇۋۇشۇر — *taƣ taƣka kavuxmas kixi kixigə kavuxur* تاغ تاغقا قوۋۇشماس، ئادەم ئادەمگە قوۋۇشۇر (قۇۋۇشۇر - قۇۋۇشماق - *kavuxur* (*kavuxmak*). بۇ سۆزدىكى يۇمشاق ئېيتىلىدىغان «ۋ - *f*» (يەنى «ۋ - *v*») نى «و - ۋاۋ»غا ئالماشتۇرسىمۇ بولىدۇ.

قۇۋۇشدىلار kovuxdilar قوغلاشتى. ئالار بىر ئىكىندىنى قۇۋۇشدىلار — *olar bir ikindini kovuxdilar* ئۇلار بىر - بىرىنى قوغلاشتى (قۇۋۇشۇر - قۇۋۇشماق - *kovuxur* - *kovuxmak*).

بەقىشدى bakïxdi بېقىشتى، قاراشتى. ئالار بىر بىرگا بەقىشدى — *olar bir birgə bakïxdi* ئۇلار بىر - بىرىگە بېقىشتى، يەنى ئۇلار بىر - بىرىگە قىيا باقتى (بەقىشۇر - بەقىشماق *bakïxur - bakïxmak*).

تۇقۇشتى tokuxti ئۇرۇشتى، توقۇنۇشتى. بەگلار تۇقۇشتى

*bəglər tokuxti* — بەگلەر توقۇنۇشتى، ئۇرۇشتى.
باشقىلاردىمۇ شۇنداق (تُقِشُور - تُقِشْماق - *tokïxur* - *tokïxmak*). شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

كُجِى تَنكِى تُقِشْتِى
اُغُش قُونُم اُقِشْتِى
جَرِك تَبا يَقِشْتِى
بِرْكا كَلِب اُچْ اُتار

*küqi təŋi tokïxtī*
*oqux konum okuxtī*
*qərik taba yakïxtī*
*birgə kəlip əq utar*

[كۈچى يەتكۈچە توقۇنۇشتى،
ئۇرۇق - جەمەتىنى چاقىرىشتى،
چېرىك تەرەپكە يېقىنلاشتى،
بىللە كېلىپ ئۆچ ئالار.]

بىر كىشى تەرىپلىنىپ مۇنداق دېيىلگەن: كۈچىنىڭ بېرىچە ئۇرۇشتى، پۈتۈن ئۇرۇق - ئايمىقىنى چاقىرىپ، سەپكە يېقىنلىشىپ ئۇرۇشقا كىرىشتى، ھەممەيلەن توپلىنىپ كېلىپ ئۆچ ئالماقچى.

تقشتي tïkïxti تىقىلىشتى. كشي اڤدا تقشتي — *kixi əvdə tikixti* كىشىلەر ئۆيگە تىقىلىشتى، تىقما - تىقماق بولۇپ كەتتى (تقشور - تقشماق *tïkïxur - tïkïxmak*).

چقشدي qakïxdi چېقىشتى. ال منكا چقماق چقشدي — *ol maŋa qakmak qakïxdi* ئۇ ماڭا چاقماق چېقىشىپ بەردى. چېقىشتا بەسلىشىشكىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ (چقشور - چقشماق *qakïxur - qakïxmak*).

جقشدي qïkïxdï چىقىشتى. الار اكي اڤدن جقشدي — *olar ikki əvdin qïkïxtï* ئۇلار ئىككىسى ئۆيدىن چىقىشتى، يەنى ئۆيدىن چىقىشتا بەسلەشتى. چىقىشتا ياردەملىشىشكىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ (جقشور - جقشماق *qïkïxur - qïkïxmak*).

سقشدي sokuxdï سوقۇشتى. ال منكا توز سقشدي — *ol maŋa tuz sokuxdi* ئۇ ماڭا تۇز سوقۇشۇپ بەردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. سوقۇش - يانچىشتا بەسلىشىشكىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ (سقشور - سقشماق *sokuxur - sokuxmak*).

سقشدي sïkïxdï سىقىشتى. ال منكا ازم سقشدي — *ol*

ئۇ ماڭا ئۈزۈم سىقىشىپ بەردى. *maŋa üzüm sikïxdï*

بىرەر نەرسىنى سىقىش ئىشىدا بەسلىشىشكىمۇ[1] شۇنداق

دېيىلىدۇ (سىقىشۇر - سىقىشماق *sïkïxur - sïkïxmak*). كىشى

سىقىشدى — كىشىلەر سىقىلىشىپ كەتتى، *kixi sïkïxdï*

يەنى قىستىلىشىپ كەتتى.

قَقِشْدى kakïxdi قېقىشتى، ئاچچىقلاندى. ئارَنْ قَمُغْ قَقِشْدى

*ərən kamuoı kakïxdï* — كىشىلەر بىر - بىرىگە

ئاچچىقلاندى، بىر - بىرىنى (چەتكە) قېقىشتى.

قَقِشْدى kakïxdi قېقىشتى، ئۈرۈشتى. اُلَرْ اِكِى بَشْرا قَقِشْدى

*olar ikki baxra kakïxdï* — ئۇلار ئىككىسى (بىر -

بىرىنىڭ) بېشىغا ئۈرۈشتى (قَقِشُرْ - قَقِشْماق - *kakïxur*

*kakïxmak*).

بَكِشْدى bəkixdi بەكىشتى، بېكىدى، چىگدى. بَكِشْدى ناڭ

*bəkixdi nəŋ* — نەرسە بېكىدى، چىگدى (بَكُوشُرْ -

① بۇ يەردىكى ئىككىنچى جۈملىنىڭ ئەرەبچىسىدە «المباراة — بەسلىشىش» سۆزىنىڭ ئورنىغا «الاعانه — ياردەملىشىش» سۆزى يېزىلىپ قالغان. كەلتۈرۈلگەن مىساللاردا بۇ سۆز كۆپىنچە «المباراة» بولۇپ كەلگەچكە، بىز ئۇزىنىپ تەرجىمە قىلدۇق.

بَكِشْماكْ bəkixmək ـ bəkixür[1]).

بُكُشْدى büküxdi بۆكۈشتى ~ پۆكۈشتى. اُلْ مَنكا تال
بُكُشْدى — ol maŋa tal büküxdi ئۇ ماڭا تال پۆكۆ-
شۆپ بەردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (بُكُشُورْ ـ بُكُشْماكْ
büküxür ـ büküxmək). بۇ سوز قاتتىق «ك ـ k» بىلەن
تەلەپپۇز قىلىندۇ.

بُكُشْدى bøgüxdi بوگۈشتى ~ بوكۈشتى، توسۇشتى. اُلْ مَنكا
سُوڤ بُكُشْدى bøgüxdi — ol maŋa suv bøgüxdi ئۇ ماڭا
سۇ بوگۈشۈپ (باغلىشىپ) بەردى. سۇ بوگۈشتە بەسلىشىش ـ
كىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (بُكُشُورْ ـ بُكُشْماكْ bøgüxür ـ
bøgüxmək).

تَكِشْدى təgixdi تېگىشتى، ئۆچراشتى. اُلارْ اِكّى بَكّكا
تَكِشْدى — olar ikki bəgkə təgixdi ئۇلار ئىككى
بەگكە ئۇچراشتى، يەنى بەگنىڭ ئالدىغا دەۋالىشىپ
باردى.

تَكِشْدى təgixdi تېگىشتى، تەگدى. مَنِكْ اَلكِمْ تُرْسقا تَكِشْدى

① يازما نۇسخىدا بۇ سوز «بكوشر» شەكلىدە يېزىلغان بولسىمۇ،
بىز «ك ـ k» ھەرپىنى كەسرىلىك قىلىپ، «bəkixür» دەپ
ئالدۇق.

*mənin əlikim taruska təgixdi* — مېنىڭ قولۇم تو-
رۇسقا تەگدى (تَكِشُورْ - تَكِشْماكْ *təgixür - təgixmək*).
ماقالدا مۇنداق كەلگەن: مُوشْ يَقْرِيقا تَكِشْماسْ اَيُرْ كِشِي
نَنكِي يَرَشْماسْ *mux yakrika təgixməs ayur kixi* —
*nəni yaraxmas* مۇشۇك قوزۇقنىڭ چاۋا ياققا تېگەلمەي،
كىشىنىڭ مېلى (ماڭا) ياراشماس دەر. بۇ ماقال تىلىگەن
نەرسىسىگە ئېرىشەلمەي قالغاندا، ئۇ نەرسە ماڭا لازىم
ئەمەس، دەيدىغان كىشىلەرگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

**تُكُشْدِى** tügüxdi تۈگۈشتى. اُلْ مَنِكْ بِرْلا تُكُونْ تُكُشْدِى
*ol mənin birlə tügün tügüxdi* — ئۇ مېنىڭ بىلەن
(بەسلىشىپ) تۈگۈن تۈگۈشتى. تۈگۈشتە ياردەملىشىشكىمۇ
شۇنداق دېيىلىدۇ (تُكُشُورْ - تُكُشْماكْ *tügüxür* -
*tügüxmək*).

**تُوكُشْدِى** tөgüxdi ياڭچىشتى. اُلْ مَنِكْ بِرْلا تُوزْ تُوكُشْدِى
*ol mənin birlə tuz tөgüxdi* — ئۇ مېنىڭ بىلەن تۇز
ياڭچىشىپ باقتى. باشقىلارغىمۇ ۋە ياڭچىشتا ياردەملىشىش-
كىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ (تُوكُشُرْ - تُكُشْماكْ *tөgüxür*-
*tөgüxmək*).

**تِكِشْتِى** tikixti تىكىشتى. اُلْ مَنِكا تُونْ تِكِشْتِى — *ol*

ئۇ ماڭا تون تىكىشىپ بەردى. maŋa ton tikixti

باشقىلاردىمۇ شۇنداق (تِكِشۇر - تِكِشماك - tikixür

.[1](tikixmək

تِكِشْدى tügixdi تۇگۈشتى، تۇرۇشتى. اُلْ مَنكا تُرْماك

تُرْماك[2] تِكِشْدى ol maŋa türmək tügixdi — ئۇ

ماڭا تۇرمەل تۇرۇشۇپ بەردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق

.[3](tügixür - tügixmək تِكِشۇر - تِكِشماك)

تُكُشْدى təgüxdi سوقۇشتى، سوقۇشۇپ بەردى. اُلْ مَنكا تَرِغ

تُكُشْدى ol maŋa tariq təgüxdi — ئۇ ماڭا ئاشلىق

سوقۇشۇپ بەردى. بۇغداي دانلىرىنى سوقۇپ چۇشۇرۇشتە

بەسلىشىشكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. سۇ توكۇشكىمۇ مۇشۇ

---

[1] يازما نۇسخىدا بۇ پېشلىق كەلگۈسى زامان ۋە مەستەر شەكلى يېزىلماي قالغان، بىز قوشۇپ قويدۇق.

[2] بىزچە، بۇ يەردە كەلگەن ئىككى «تُرْماك» سوزىنىڭ بىرى ئارتۇق.

[3] يازما نۇسخىدا «تِكِشْدى، تِكِشۇر، تِكِشماك» سوزلىرىدىكى «ت - ɪ» ھەرپىگە ھەرىكە قويۇلمىغان، بىز بۇ سوزنى تۇرمەل، چوچۇرە، مانتا تۇگۈشتىكى «تۇگمەك» پېلى دەپ تونۇپ، «tügixdi» دەپ ترانسكرىپسىيە بەردۇق.

سۆز ئىشلىتىلىدۇ① (تُكُشُورْ - تُكُشْماكْ tøgüxür - tøgüxmək).

جِكِشْدی qəkixdi چېكىشتى. اُلْ مَنكا جِكِكْ جِكِشْدی ol— maŋa qəkik qəkixdi ئۇ ماڭا چېكىت چېكىشىپ بەردى. چېكىت چېكىشتە بەسلىشىشكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (جِكِشُورْ - جِكِشْماكْ qəkixür - qəkixmək).

سِكِشْدی sikixdi سىكىشتى. اَرْ اُراغُتْ بِرْلا سِكِشْدی ər— uraqut birlə sikixdi ئەر خوتۇن بىلەن سىكىشتى. بۇ سۆز جىنسىي مۇناسىۋەت قىلغۇچى (ئەر بىلەن ئايال - نىڭ) هەر ئىككىلىسىگە ئوخشاش قوللىنىلىدۇ (سِكِشُورْ - سِكِشْماكْ sikixür - sikixmək).

سُكُشْدی søküxdi سوكۇشتى، تىللاشتى. اُلارْ اِكّی سُكُشْدی — ئۇلار ئىككىسى تىللاشتى olar ikki søküxdi (سُكُشُورْ - سُكُشْماكْ søküxür - søküxmək).

سُكُشْدی søküxdi سوكۇشتى: اُلْ مَنكا تُونْ سُكُشْدی ol— maŋa ton søküxdi ئۇ ماڭا تون سوكۇشۇپ بەردى.

① ئاپتور بۇ يەردە «توكۇش» بىلەن «توگۇش (سوقۇش)» دېگەن مەنىنىڭ يېزىقتا «تُكُشْدی» دېگەن بىرلا شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتسا كېرەك.

ئوي ۋە باشقا نەرسىلەرنى بۇزۇشتا ياردەملىشىشكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (سُكُشُورْ ـ سُكُشْماكْ ـ *søküxür* *søküxmək*). سوكۇشتە بەسلىشىشكىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ.

بِلِشْدِي bilixdi بىلىشتى، تونۇشتى. اُلْ مَنِكْ بِرْلا بِلِشْدِي — *ol məniŋ birlə bilixdi* ئۇ مېنىڭ بىلەن تونۇشتى (بِلِشُورْ ـ بِلِشْماكْ *bilixür* ـ *bilixmək*).

بُلُشْدِي buluxdï تېپىشتى، تېپىۋېلىشتى. اُلارْ اِكّي بيرْ بيرِكْ بُلُشْدِي — *olar ikki bir birig buluxdï* — ئۇلار ئىككىسى بىر ـ بىرىنى تېپىشتى (بُلُشُورْ ـ بُلُشْماقْ *buluxur* ـ *buluxmak*).

بُلُشْدِي boluxdï بولۇشتى. اُلْ مَنكا بُلُشْدِي — *ol maŋa boluxdï* ئۇ ماڭا بولۇشتى، ماڭا يان باستى، ماڭا زىتلاشقان كىشى بىلەن مېنى دەپ ئېيتىشتى (بُلُشُورْ ـ بُلُشْماقْ *boluxur* ـ *boluxmak*).

تَلِشْدِي təlixdi تېششتى. اُلارْ اِكّي تامْ تَلِشْدِي — *olar ikki tam təlixdi* ئۇلار ئىككىسى تام تېشىشىپ باقتى. باشقىلارغىمۇ ۋە بىرەر نەرسىنى تېشىشتە ياردەملىشىشكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (تَلِشُورْ ـ تَلِشْماكْ *təlixür* ـ *təlixmək*).

تِلِشْدِي tilixdi تىلىشتى. اُلْ مَنكا يِرْنداقْ تِلِشْدِي — *ol maŋa* —

*yarindak tilixdi* ئۇ ماڭا يېرىنداق① (قىيىش) تىلىش-
تى، تىلىشىپ بەردى. تىلىشتا ياكى يېرىشتا بەسلىشىش-
كىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ(تِلِشُورْ - تِلِشْماكْ - *tilixür*
*tilixmək*).

تِلَشْدى tiləxdi تىلەشتى، ئىمزىدەشتى. اُلْ مَنِكْ بِرْلا نَنْكْ
تِلَشْدى *ol məniŋ birlə nəŋ tiləxdi* — ئۇ مېنىڭ
بىلەن نەرسە تىلەشتى، يەنى ئۇ مېنىڭ بىلەن يوتكەن
نەرسىنى تەلەپ قىلىشتا، ئىمزىدەشتە بەسلەشتى
(تِلاشُورْ - تِلَشْماكْ *tiləxmək* - *tiləxür*).

جَلِشْدى qalïxdi چاك كەتتى، ئاجرىدى. قَبُغْ جَلِشْدى
*kapuoq qalïxdi* — ئىشىك چاك كەتتى. تەگىنىنىڭ يېرى-
ڭى ياكى ئىككەر ياپسالىرى ئاجراپ كەتسىمۇ شۇنداق
دېيىلىدۇ (جَلِشُورْ - جَلِشْماقْ *qalïxmak* - *qalïxur*).

جَلِشْدى qalïxdi چېلىشتى. اُلْ مَنِكْ بِرْلا جَلِشْدى — *ol*
*məniŋ birlə qalïxdi* ئۇ مېنىڭ بىلەن چېلىشتى

① «يېرىنداق» سوزى ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەشقەر شېۋىسىدە هازىر
«تاسما، قىيىش» مەنىسىدە ئەمەس، «يېرىلغان ياغاچ پارچە-
سى» دىگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ.

(جَلِشُورْ ـ جَلِشْماق *qalïxur-qalïxmak*)①.

**جِلَشْدِی** qïlaxdï نەملەشتى، شلاشتى. اُلْ مَنكا اُتْ جِلَشْدِی — ئۇ ماگا ئوت (ھەلەپ) *ol maŋa ot qïlaxdï* نەملشپ بەردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. بۇ سوزنىڭ ئەسلى توت ھەرپلىك بولسىمۇ، مۇشۇنداق ئىشلىتىلىدۇ (جيلَشُورْ ـ جيلَشْماق *qïlaxur-qïlaxmak*).

**سَلِشْدِی** salïxdï سىلىشتى، سىلكىشتى. الُارْ اِكّى يِينْكْ سَلِشْدِی — ئۇلار ئىككىسى *olar ikki yəŋ salïxdï* يەڭ سىلكىشتى. چېلىشتا ئىككى كىشىنىڭ بەل تۇتۇشۇپ، ئوڭ ۋە سولغا سىلكىشىشكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (سَلِشُورْ ـ سَلِشْماق *salïxur-salïxmak*). بۇ سوز ئەسلىدە ئىككى كىشى ئارىسىدا چاپان ۋە باشقا نەرسىلەرنى سىلكىش مەنىسىنى بىلدۇرىدۇ.

**سُلْشْدِی** soluxdï سولاشتى. ياشْ سُلْشْدِی *yax soluxdï* — ئوتياش سولاشتى. ھەرقانداق مېۋە ياكى كوكتاتقا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ سولىشىپ قېلىشىغىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (سُلْشُورْ ـ سُلْشْماق *soluxur-soluxmak*).

---

① يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلنىڭ كەلگۈسى زامان ۋە مەستەر شەكلى بېرىلمىگەن، بىز قوشۇپ قويدۇق.

قَلِشْدِى **kalïxdi** سەكرەشتى، ئورەدەشتى. اَتْ اَذْغِرْ قَلِشْدِى *at ażoqïr kalïxdi* — ئات - ئايغىرلار سەكرەشتى (قَلِشُورْ - قَلِشْماقْ *kalïxur - kalïxmak*). ئىككىيلەن بىر-بىرىنى كەينىدە قالدۇرۇشتا بەسلەشمەۋ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ①.

قِلِشْدِى **kïlïxdi** قىلىشتى. اُلْ مَنْكا اِيشْ قِلِشْدِى *ol maŋa ïx kïlïxdi* — ئۇ ماڭا ئىش قىلىشىپ بەردى. ئىش قىلىشتا بەسلىشىشكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (قِلِشُورْ - قِلِشْماقْ *kïlïxur - kïlïxmak*).

قُلُشْدِى **koluxdi** سوراشتى. اُلارْ اِكّى قِيزْ قُلُشْدِى *olar ikki kïz koluxdi* — ئۇلار ئىككىسى قىز سوراشتى، يەنى قۇدىلاشماقچى بولدى. ئىككى كىشىنىڭ بىر-بىرىدىن بىرەر نەرسە سورىشى، ئۆتۈنۈشىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

تُونْكُرْ قَدِنْ بِلُشْتِى
قِرِقِنْ تَقِى قُلُشْتِى

---

① بۇ جۈملىنىڭ ئەرەبچىسى «اذاباري الرجلان في الترك خلقا – كىشىلەر خەلقنى تەرك ئېتىشتە بەسلەشتى» دەپ يېزىلىپ قالغان. بىز «خلقا» ئەمەس، «خلفا – كەينىدە قالدۇرۇش» بولۇشى كېرەك دەپ پەرەز قىلدۇق.

آمدي تشم قمشتي
آلتي ترمتايمني

*tüŋür kazïn boluxtï*
*kïrkïn taki koluxtï*
*əmdi tïxïm kamaxtï*
*altï turumtayïmnï*

[قارشى قۇدا بولۇشتى،
قىزنى تېخى سوراشتى،
ئەمدى چىشىم قاماشتى،
تۇرۇمتايىمنى ئېلىپ قاچتى.]

گېپىدە تۇرمىغان كىشى توغرىسىدا شائىر شۇنداق دەيدۇ: ئۇ مېنىڭ بىلەن قۇدىلاشماقچى بولۇپ، قىزىمنى سوراتتى، مەنمۇ ئۇنىڭ قىزىنى سوراتتىم. كېيىن ۋەدىسىدە تۇرمىدى، ھەتتا «تۇرۇمتاي» دىگەن قۇلۇمنى ئېلىپ قاچتى، بۇنىڭغا چىشلىرىم غىچىرلاپ كەتتى.

كَلِشْدِي بَرِشْدِي kəlixdi barïxdï كەلدى - باردى قىلىش-تى. اُلْ مَنكا كَلِشْدِي بَرِشْدِي — *ol maŋa kəlixdi barïxdï* ئۇ مېنىڭ بىلەن كەلدى - باردى قىلىشتى، ئۇ مېنىڭكىگە كەلدى، مەن ئۇنىڭكىگە باردىم، يەنى بېرىش-

كېلىش قىلىشتۇق (كَلِشُورْ - كَلِشْماكْ - kəlixür
(kəlixmək).

كُلِشْدى külixdi كومۇشتى. اُلْ مَنكا اُلُكْ كُلِشْدى ol —
maŋa əlüg külixdi ئۇ ماڭا ئۆلۈك كومۇشۇپ بەردى
(كُلِشُورْ - كُلِشْماكْ külixür - külixmək).

كُلُشْدى külüxdi كۆلۈشتى. بُذُونْ قَمُغْ كُلُشْدى bożun —
kamuq külüxdi خەلقنىڭ ھەممىسى كۆلۈشتى
(كُلُشُورْ - كُلُشْماكْ külüxür - külüxmək).

تَمِشْدى tamïxdï تېمىشتى، تامچىدى ~ تامچىلىدى. سُوقْ
تَمِشْدى suv tamïxdï — (مۇزدىن) سۇ تېمىشتى. باشقە-
قىلاردىمۇ شۇنداق (تَمِشُورْ - تَمِشْماقْ - tamïxur
(tamïxmak).

جُمُشْدى qomuxdï چومۇشتى. اُلْ مَنِكْ بِرْلا سُقْقا جُمُشْدى
ol məniŋ birlə suvka qomuxdï — ئۇ مېنىڭ بىلەن
سۇغا چومۇشۇپ باقتى (جُمُشُورْ - جُمُشْماقْ - qomuxur
(qomuxmak). بۇ سوز «جُمُشْدى - جُمُشُورْ - جُمُشْماقْ

«qəmüxdi - qəmüxür - qəmüxmək»① دەپمۇ ئېيتىلىدۇ، بۇ يەنىمۇ چوڭقۇر چومۇشكەن مەنىنى بىلدۇرىدۇ.

**قَمَشْدى** kamaxdi قاماشتى. تِيش قَمَشْدي — tïx kamaxdi چىش (چۈچۈك بىمەي ۋە شۇنىڭدەك نەرسىلەرنى يېيىشتىن) قاماشتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (قَمشور - قَمشماق kamaxur - kamaxmak).

**قُمِشْدى** komuxdi قىمىشتى ~ قومىشتى، بىرىلىپ كەتتى. اُلاژ ايشقا قُمِشْدىلاژ — olar ïxka komuxdïlar ئۇلار ئىشقا قومىشتى، بىرىلىپ كەتتى، قىزغىن كىرىشتى. بۇ سوزنىڭ ئەسلى سۇ ھەر تەرەپتىن قايناپ دولقۇنلاندى، دىگەن مەنىدىكى «سوۋ قمشدى suv komuxdi» سوزىدىن ئېلىنغان (قمشور - قمشماق komuxur - komuxmak)②.

---

① ئىزاھلاپ كەلتۈرۈلگەن بۇ پېئىلنىڭ مەستەر شەكلى بۇ يەردە «جمشماق» شەكلىدە يېزىلىپ قالغان، لېكىن بازما نۇسخىنىڭ 311-بېتىدە خۇددى شۇ مەنىدە «جمرماك» قىلىپ يېزىلغان، شۇڭا بىز «qəmüxmək» دەپ ئالدۇق.

② بۇ پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلىدە «م - m» ھەرپى بىر يەردە زەممىلىك، بىر يەردە كەسرىلىك كەلگەن، بىز ئۇنىڭ زەممىلىك شەكلىنى ئاساس قىلدۇق.

كُمُشْدى kəmüxdi كومۈشتى. اُلْ مَنكا نانْكْ كُمُشْدى — ol

maŋa nəŋ kəmüxdi ئۇ ماڭا نەرسە كومۈشۈپ بەردى

(كُمِشُورْ - كُمِشْماكْ kəmixür kəmixmək)①.

گَمِشْدى kəmixdi تاشلىدى. اُلْ نانْكْ كَمِشْدى — ol nəŋ

kəmixdi ئۇ نەرسە تاشلىدى، يەنى بىر نەرسىنى

ئېتىۋەتتى (كَمِشُورْ - كَمِشْماكْ kəmixür - kəmixmək).

ماقالدا مۇنداق كەلگەن: آذْكُولُكْنى سُوقْ آذاقِنْدا كَمِشْ

بَشِنْدا تِلا — əżgülükni suv ażakīnda kəmix

baxīnda tilə ياخشىلىقنى سۇنىڭ ئايىغىغا تاشلا، بېشىدىن ئىزلە، يەنى قىلغان ياخشىلىقىنى سۇنىڭ تېگىگە تاشلىۋەتسىمۇ، يۈزىگە لەيلەپ چىقىدۇ. بۇ ماقالنىڭ يەكلىكنى (نانىنى) ئوستەڭنىڭ تېگىگە تاشلىساڭ، ئۇستىدىن تاپىسەن دېگەن مەنىسىمۇ بار.

تَنُشْتى tanuxti سوز تونۇشتى، جېكىلەشتى. اُلارْ اِكّى سُوزْ

تَنُشْتى — olar ikki səz tanuxti ئۇلار ئىككىسى سوز

---

① بۇ پېيىلنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلىدە «م - m» ھەرپى زەمەلىك كەلگەن، كەلگۈسى زامان ۋە مەستەر شەكىللىرىدە بولسا كەسرىلىك كەلگەن. مۇشۇ خىلدىكى باشقا پېئىللارغا ئاساسلانغاندا ئۇنىڭ زەممىلىك كېلىشى كېرەك ئىدى، بىز ئەسلىنى ئۆزگەرتمىدۇق.

تونۇشتى، گەپ تونۇتتى، يەنى تېيەتلىرىنى بىر - بىرىگە
(ئېيتىپ) پىكىر ئېلىشتى. بۇنىڭ ئەسلى «تنودي *tanudï*»
دۇر (تنشور - تنشماق *tanuxur - tanuxmak*).

تنشدي tanïxdï تېنىشتى. الار مني تنشدي *olar alïmnï*[1] —
*tanïxdï* ئۇلار ئېلىشىدىن تېنىشتى، يەنى
قەرزلىرىدىن تېنىۋېلىشتى (تنشور - تنشماق *tanïxur* -
*tanïxmak*).

سنشدي sunuxdï سۇنۇشتى. الار اكي اتماك سنشدي
*olar ikki ətmək sunuxdï* — ئۇلار ئىككىسى نان
سۇنۇشتى، يەنى بىر - بىرىگە نان ئۇزاتتى. باشقىلاردىمۇ
شۇنداق (سنشور - سنشماق *sunuxur - sunuxmak*). سۇ-
نۇشتا بەسلىشىشكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

قنشدي kunuxdï تارتىۋېلىشتى. الار اكي تفار قنشدي
*olar ikki tavar kunuxdï* — ئۇلار ئىككىسى مالى-
رىنى تارتىۋېلىشتى، يەنى بىر - بىرىنىڭ مېلىنى تارتىۋې-
لىشتى. تارتىۋېلىشتا بەسلىشىش ياكى ياردەملىشىشكىمۇ

---

① بېسىم ئاتالاي بۇ جۈملىدىكى «مني *məni*» سۆزى «المني *alïmnï*» دىگەن سوزنىڭ خاتا يېزىلىپ قېلىشى بولسا كېرەك دەپ ئىزاھلايدۇ. جۈملىنىڭ ئەرەپچىسى بۇ ئىزاھنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بىز شۇ بويىچە تۈزەتتۇق.

مۇشۇ سوز ئىشلىتىلمىدۇ (قىنشۇر ـ قىنشماق kunuxur - kunuxmak).

قِنشْدِی kïnïxdi مەپتۇن بولدى، بېرىلدى. يِگِتْلارْ اِيشْقا قِنشْدِی — يىگىتلەر ئىشقا yigitlər ixka kïnïxdi بېرىلىپ كەتتى، قىزغىن كىرىشتى. بىرەر ئىشقا زوقلىنىپ كىرىشكەنلىكنى شۇنداق دېيىلىدۇ (قِنشْوْر ـ قِنشْماقْ kïnïxur-kïnïxmak).

بۇ باپنىڭ قائىدىسى: بۇ باپتىكى «ش ـ x» ھەرپى بىر قانچە مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ پېئىللارنىڭ تومۇرى ئىككى ھەرپلىكتۇر. مەسىلەن: «ارْ تَفارْ قبْتِي — ئادەم مال تالىدى، بۇلىدى» ər tavar kaptï، «اُلْ اَنِي تَبْدِي — ئۇ ئۇنى تەپتى» ol anï təpdi دېگەندىكىدەك. بۇ جۈملىلەردىكى «قبْتِي kapti — تالدى»، «تَبْدِي təpdi — تەپتى» پېئىللىرىغا «ش ـ x»نى قوشساق، «اُلْ مَنِكْ بِرْلا تُبِقْ قَبِشْدِي ol məniŋ birlə topïk kapuxdï -- ئۇ مېنىڭ بىلەن توپۇق (توپ) تالاشتى»، «اُلْ مَنِكْ بِرْلا تَبِشْدِي ol məniŋ birlə təpixdi — ئۇ مېنىڭ بىلەن تېپىشتى» بولىدۇ ـ دە، ئىش ـ ھەركەتنىڭ ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق كىشى ئارىسىدا

بولغانلىغىنى بىلدۈرىدۇ.

مۇنداق پېئىللار توت خىل مەنىنى ئىپادىلەيدۇ:

بىرىنچىسى، بىرەر ئىش - ھەركەتتە ياردەملىشىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: «اُلْ مَنكا تُونْ تِكْشْدى *ol maŋa ton tikixdi* — ئۇ ماڭا تون تىكىشىپ بەردى»، «اُلْ مَنكا بِتِكْ بِتِشْدى *ol maŋa bitik bitixdi* — ئۇ ماڭا كىتاب (خەت) يېزىشىپ بەردى».

ئىككىنچىسى، بىرەر ئىش - ھەركەتتە كىمنىڭ ماھىر، كىمنىڭ چەبدەس، كىمنىڭ كۈچلۈك ۋە كىمنىڭ پەملىك-لىگىنى كورسىتىشتە بەسلىشىشنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: «اُلْ مَنِكْ بِرْلا جَلِشْدى *ol məniŋ birlə qalixdi* — ئۇ مېنىڭ بىلەن چېلىشتى (چېلىشتا قايسىمىز ماھىر، قايسىمىز كۈچلۈك دەپ چېلىشىپ باقتى)»، «اُلْ مَنِكْ بِرْلا يا قُرْشْدى *ol məniŋ birlə ya kuruxdi* — ئۇ مېنىڭ بىلەن يا قۇرۇشتى (يا قۇرۇشتا قايسىمىز كۈچلۈك دەپ بەسلەشتى)».

ياردەملىشىش مەنىسى بىلەن بەسلىشىش مەنىسى ئارىسىدىكى پەرق مۇنداق: ئەگەر مەزكۇر پېئىلنىڭ ئال-دىدا «مَنكا *maŋa* — ماڭا» سوزى كەلسە، «ياردەملە-شىش» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر مەزكۇر پېئىلنىڭ ئالدىدا «مَنِكْ بِرْلا *məniŋ birlə* — مېنىڭ بىلەن»

دېگەن سۆز كەلسە، «بەسلەشمەش» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۆچىنچىسى، بۇ «ش - x» ھەرپى «ل - l» ھەرپىگە قوشۇلۇپ، ئىسىملارغا ئۇلىنىپ كەلسە، قىماردا، بەيگىدە، ئوق ئېتىشتا بىرەر نەرسىنى تىككەنلىكنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: «اُيْنادِمْ آتْلَشو — *oynadim atlaxu* ئات تىكىشىپ ئويىنىدىم»؛ «اُيْنادِمْ آلْتُنْلَشو — *oynadim altunlaxu* ئالتۇن تىكىشىپ ئويىنىدىم» دېگەندەك. بۇمۇ بىر خىل بەسلەشمەشتۇر.

تۆتىنچىسى، يۇقۇرىدىكى مەنىلەرنىڭ ھېچقايسىسىنى بىلدۈرمەي، ئادەتتىكى پېئىل مەنىسىنىلا بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: «اُلْ كَمِشْدِي نانِكِنْ — *ol kəmixdi nəŋin* ئۇ نەرسىسىنى تاشلىدى»، «اُلْ آنِكْ بِرْلا كَرِشْدِي — *ol aniŋ birlə kərixdi* ئۇ ئۇنىڭ بىلەن تارتىشتى» دېگەندەك. بۇ قائىدىنى ئۆزەك چۈشىنىۋال.

تَرِقْتي tarikti تارايدى، تارلاشتى. يِرْ تَرِقْتي — *yər tarikti* يەر تارايدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (تَرِقار - تَرِقْماق *tarikar-tarikmak*).

تُرُقْتي turukti تۇرۇپ قالدى، يىغلىدى، ئۇيىدى. قانْ تُرُقْتي — *kan turukti* قان ئۇيۇپ قالدى. ياردا يىرىڭ ۋە

سىرىق سۇ يىغىلىپ قالسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (تۇرۇقار - تۇرۇقماق *turukar - turukmak*).

سۇرۇقتى soruktï سورېقى قىلىندى، سۇرۇشتۇرۇلدى. يىتۇك سۇرۇقتى *yitük*① *soruktï* — يوقىتىلگەن نەرسىنىڭ سورېقى قىلىندى، يوقىتىلگەن نەرسە سۇرۇشتۇرۇلدى (سۇرۇقار - سۇرۇقماق *sorukar - sorukmak*).

قارىقتى karïktï قار ئېلىپ كەتتى، قاردا قاماشتى. ئەر كۆزى قارىقتى *ər közi karïktï* — ئادەمنىڭ كۆزىنى قار ئېلىپ كەتتى (قارىقار - قارىقماق *karïkar - karïkmak*). بۇ سۆز «قار» سۆزىدىن ئېلىنغان بولسا، ئۇنىڭ يېزىلىشى «قارىقتى *karïktï*» بولۇپ، مەنقۇس بابىغا كىرىدۇ. ئەگەر «كۆز

① بۇ سۆز يازما نۇسخىدا «يىتۇل» شەكلىدە يېزىلىپ قالغان. توغرىسى «يىتۇك *yitük*» بولۇشى لازىم. چۈنكى يازما نۇسخا 339 - بەت 8 - قۇردا «يىتۇك بۇلندى *yitük bulundi* — يوقىتىلگەن نەرسە تېپىلدى»، 524 - بەت 16 - قۇردا «ئەر يىتۇك سوردى *ər yitük sordi* — ئادەم يوقىتىلگەن نەرسىنى سۇرۇشتۇردى» دېگەن جۈملىلەر بار.

قارىچۇغى» دىگەن مەنىدىكى «قَرَق *karak*» سوزىدىن ئېلىنغان بولسا، بۇ پېئىل «سەھەھ» بابىغا كىرىدۇ (قَرِقار - قَرِقْماق *karïkar - karïkmak*).

بَسِقْتى basïkti بېسىلدى، باستۇرما بولدى. كِشى يَغِىقا بَسِقْتى — *kixi yaqïka basïkti* كىشى دۇشمەن تەرىدىن بېسىلدى، باستۇرما قىلىندى (بَسِقار - بَسِقْماق *basïkar - basïkmak*). بۇ سوزنىڭ ئەسلى «س - *s*» نىڭ تەكرارلىنىشى بىلەن ئېيتىلىدىغان «بَسِّقتى *bassïkti*» دۇر.

بُسُقْتى pusukti پىستۇرمىغا چۈشۈپ قالدى. اَرْ بُسُقْتى *ər pusukti* ئادەم پىستۇرمىغا چۈشۈپ قالدى، تۇتۇلدى (بُسُقار - بُسُقْماق *pusukar - pusukmak*).

تُسُقْتى tusukti شىيا بولدى، پايدا قىلدى. بُو اُوتْ مَنْكا تُسُقْتى — *bu ot maŋa tusukti* بۇ ئوت (دورا) ماڭا پايدا قىلدى (تُسُقار - تُسُقْماق *tusukar - tusukmak*).

تَشِقْتى taxïktï① چىقتى، تاشقىرى چىقتى. اَرْ اَفْدِن تَشِقْتى

---

① يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلنىڭ ھەر ئۈچىلا شەكلىدە سوز بېشىدىكى «ت - *t*»، ھەرپى ھەم فەتھىلىك، ھەم كەسرىلىك يېزىلغان. بىز بۇ پېئىلنىڭ ھازىرقى تۈركىي تىللاردىكى ئوقۇلۇشىنى نەزەردە تۇتۇپ، فەتھەنى ئىناۋەتلىك ھېسابلىدۇق.

*ər əvdin taxikti* — ئادەم ئۆيدىن چىقتى. ياغما، توخسى، قىپچاق، يابباقۇ ۋە بىرقىسىم تۈركمەنلەر شۇنداق دەيدۇ، كۆپچىلىك تۈركلەر «جقْتي *qikti*» دەيدۇ (تَشقْتي - تَشقار - تَشقْماق - *taxikti* - *taxikar* - *taxikmak*).

تَتقْتي tatikti تاتلاشتى. تۆرْك تَتقْتي *türk tatikti* — تۈرك تاتلاشتى، تۈرك پارسلاشتى.

تُتقْتي totukti تاتلاشتى ~ داتلاشتى. قِلج تُتقْتي *kiliq totukti* — قىلىچ داتلاشتى، قىلىچنى دات باستى (تُتقار - تُتقْماق *totukar* - *totukmak*)①.

تَلقْدي tilikdi پاراڭلاشتى، ئۇچۇر ئالدى؛ تىلغا قالدى. كِشي مَنكْ بِرْلا تَلقْدي *kixi məniŋ birlə tilikdi* — كىشى مېنىڭ بىلەن پاراڭلاشتى، مېنىڭدىن ئۇچۇر ئالدى. اُلْ اَرْ اِيسِزْ تَلقْدي *ol ər əsiz tilikdi* — ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ئەسكى ئىشلىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ تىلىغا قالدى. بۇ سۆزنىڭ بىرىنچى مىسالدىكىسى ئوغۇزچە

---

① يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلنىڭ ئىككىنچى ھەرپى ھەر ئۈچىلا شەكلىدە ھەم زەممىلىك، ھەم كەسرىلىك يېزىلغان. بىز زەممىنى ئىنا - ۋەتلىك ھېسابلىدۇق.

بولۇپ، توركلەر بۇنى بىلمەيدۇ (تَلِقارْ - تَلِقْماق *tilikar - tilikmak*)①.

**تَغِقْتِي** taqikti تاغلاشتى. اَجْكُو تَغِقْتِي *əqkü taqikti* — ئۆچكە تاغلاشتى، يەنى ياۋايىلىشىپ كەتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (تَغِقارْ - تَغِقْماق *taqikar - taqikmak*).

**جَفِقْتِي** qavikti داغق چىقاردى، نام - شوھرەت تاپتى. اَرْ جَفِقْتِي *ər qavikti* — ئادەم داغق چىقاردى، يەنى نام چىقاردى (جَفِقارْ - جَفِقْماق *qavikar - qavikmak*).

**جِنِقْتِي** qinikti چىنغا چىقتى، راستقا چىقتى. سُوزْ جِنِقْتِي *soz qinikti* — سوز چىنغا چىقتى، يەنى خەۋەر راستقا چىقتى (جِنِقارْ - جِنِقْماق *qinikar - qinikmak*).

**كِرِكْتِي** kirikti كىرلەشتى ~ كىرلەندى. تُونْ كِرِكْتِي *ton kirikti* — تون كىرلەشتى، كىر بولۇپ قالدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (كِرِكارْ - كِرِكْماكْ *kirikər - kirikmək*).

---

① بۇ سوزدە «ت - *t*» ھەرپى ھەم فەتھەلىك، ھەم كەسرىلىك يېزىلغان. بىز كەسرىنى توغرا تاپتۇق.

سِيزِكْتِمْ səziktim سەزدىم؛ گۇمان قىلدىم. بُو اِيشِغْ انكارْ سِيزِكْتِمْ — bu ixiq aŋar səziktim — بۇ ئىشنى ئۇنىڭدىن گۇمان قىلدىم (سِزْكارْمَنْ - سِزِكْماكْ - səzikərmən - səzikmək).

كُزُكْتِي küzükti كۆز كىردى، كۆزگە ئورۇلدى. يِلْ كُزُكْتِي — yil küzükti — يىل (مەۋسۇم) كۆزگە ئورۇلدى (كُزْكارْ - كُزُكْماكْ küzükər - küzükmək).

بُلُكْتِي bəlükti بولۇندى، بۆلەكلەرگە ئايرىلدى. قُوي بُلُكْتِي — koy bəlükti — قويلار (توپلارغا) بولۇندى (بُلْكارْ - بُلُكْماكْ bəlükər - bəlükmək). ھەرقانداق ھايۋاننىڭ توپ - توپ بولۇپ، بولۇنۇپ تۇرۇشىنى شۇنداق دېيىلىدۇ.

جُلُكْتِي qülükti چاتاقلاشتى، پەرىشان بولدى، خاراپ بولدى. اَرْ اِيشِي جُلُكْتِي — ər ïxi qülükti — ئادەمنىڭ ئىشى چاتاقلاشتى (جُلْكارْ - جُلُكْماكْ qülükər - qülükmək). شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

تِينِي يَما اُجُكْتِي

اَرِي اَتِي اِجِكْتِي

ايشي تقي جلكتي

سوزن انك كيم تتار

*tïnï yəmə əqükti*
*əri atï iqikti*
*ïxï takï qülükti*
*səzin anïŋ kim tutar*

[تىنىقىمۇ ئۆچۈپ كەتتى،
ئادەم ـ ئاتلىرى قولىغا چۈشتى،
ئىشىمۇ چاتاق بولدى،
ئۇنىڭ سۆزىنى كىم ئاڭلار.]

بىر تۇتقۇن توغرىسىدا شۇنداق دېيىلگەن:

ئۇ قولغا چۈشكەچ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى؛ ئات ۋە ئادەملىرىنى تاپشۇرۇپ بەردى، ئۆزىنىڭ ھالى خاراپ بولدى، ئەمدى ئۇنىڭ سۆزىگە كىم قۇلاق سالىدۇ؟

بۇ سۆزلەردە «ق ـ *k*» ۋە «ك ـ *k*» ھەرپلىرى ئىككى خىل خىزمەت ئۆتەيدۇ: بىرى، ئىش ـ ھەركەتنىڭ يېگىلگۈچى ئۈستىگە چۈشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

«بَسِقْتِي اَرْ» — *basiktï ər* ئادەم بېسىلدى، ئادەم

دۇشمەن تەرىپىدىن بېسقتۇرۇلدى»، بۇ سوزنىڭ ئەسلى «بسدى *basdi*» ئىدى. «تونْ كِرِكْتي *ton kirikti* — تون كىرلەشتى، كىر تونىنىڭ ئۈستىگە ئورناشتى» دىگەندەك. ئىككىنچىسى، بۇ مەنىدە كەلمەي، يەنىلا مەزكۇر پېلىنىڭ ئەسلى مەنىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: «آر بَلِقْتي *ər balïktï* — «ئادەم يارىلاندى» (بَلِقارْ-بَلِقْماقْ *balïkar - balïkmak*). «آر جُلُكْتي *ər qülükti* — ئادەم خاراپ بولدى (پەرىشان ھالەتكە چۈشتى)» دىگەندەك.

بِتِلْدي bitildi پۈتۈلدى، يېزىلدى. بِتِكْ بِتِلْدي *bitik bitildi* — كىتاپ پۈتۈلدى (بِتِلُورْ-بِتِلْماكْ *bitilür - bitilmək*).

تَبِلْدي təpildi تېپىلدى. تَبِلْدي يِيرْ *yər təpildi* — يەر (پۇت بىلەن) تېپىلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (تَبِلُورْ-تَبِلْماكْ *təpilür - təpilmək*).

تُبُلْدي topuldi تېشىلدى. اوُتْ تُبُلْدي *ɛt topuldï* — توشۇك تېشىلدى (تُبُلُورْ-تُبُلْماقْ *topulur - topulmak*).

تُبُلْدي topuldi يەشتى، ساىلدى. آرْ تونِنْ تُبُلْدي *ər tonïn* —

topuldï ئادەم تونىنى يەشتى، يەنى كىيىمىنى سالدى. ئوغۇزچە (تبُلُوْر - تبُلْماق topulur-topulmak).

تَبُلْدى tapuldi تېپىلدى. تَبُلْدى نانْكْ tapuldi naŋ — نەرسە تېپىلدى، يەنى يوشۇرۇلغان نەرسە تېپىلدى (تَبُلُور - تَبُلْماق tapulur - tapulmak).

جَبِلْدى qapïldi چېپىلدى، چاپلاندى، سۇۋالدى. اَنِكْ اَڤى جَبِلْدى anïŋ əvi qapïldi — ئۇنىڭ ئۆيى سۇۋالدى، يەنى سېغىز لاي بىلەن ئىنچىكە سۇۋاق قىلىندى (جَبِلُرْ - جَبِلْماق qapïlur - qapïlmak). ئادەمنىڭ بويىنى چېپىشقىمۇ ئۆيغۇرچىدا شۇنداق دەيدۇ.

سَبِلْدى sapïldi سېپىلدى. يِبْ يِكْناكا سَبِلْدى yïp yignəgə sapïldï — يىپ يىڭنىگە سېپىلدى.

سَبِلْدى sapïldi سېپىلدى، ئەگەشتى. اغُلْ اَتاسِنكا سَبِلْدى oqul atasïŋa sapïldï — ئوغۇل ئاتىسىغا سېپىلدى، يەنى ئەگىشىۋالدى، ئارقىسىدىن قېتىلىۋالدى (سَبِلُرْ - سَبِلْماق sapïlur - sapïlmak).

قَبِلْدى kapïldi قاۋالدى ~ قامالدى. اَرْ اَڤْدا قَبِلْدى ər əvdə kapïldi — ئادەم ئۆيدە قامالدى.

قَپِلْدى kapīldi بۇلاندى، بۇلاپ كېتىلدى. ئَنِڭ تۇنى قَپِلْدى — ئۇنىڭ تونى (كىيىمى) بۇلاندى anïŋ tonï kapīldi (قَپِلُور ـ قَپِلْماق kapïlur - kapïlmak).

كُبُلْدى kəbüldi يومىلدى، يومەپ تىكىلدى. ئَنِڭ تونى كُبُلْدى — ئۇنىڭ تونى يومەپ تىكىلدى anïŋ tonï kəbüldi (كُبُلُرْ ـ كُبُلْماكْ kəbülür - kəbülmək).

تُتُلْدى tutuldi تۇتۇلدى. كَيِكْ تُتُلْدى — kəyik tutuldi كېيىك تۇتۇلدى. باشقىلار دىمۇ شۇنداق (تُتُلُورْ ـ تُتُلْماق tutulur - tutulmak).

تَتِلْدى tatïldi تېتىلدى. آش تَتِلْدى ax tatïldi — ئاش تېتىلدى، تېتىپ كۆرۈلدى. باشقىلار دىمۇ شۇنداق (تَتِلُورْ ـ تَتِلْماق tatïlur - tatïlmak).

تِتِلْدى tïtïldi تىتىلدى. اَتْ پِشِپْ تِتِلْدى — ət pïxïp tïtïldi ئەت (گۆش) پىشىپ تىتىلدى. كىيىم كونراپ، تىتىلىپ كەتسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (تِتِلُورْ ـ تِتِلْماق tïtïlur - tïtïlmak).

تَيِتْلْدى tətildi تېتىكلەندى، زىرەك بولدى، ئەقىلگە كىردى.

ئُغلانْ تَيتِلْدِي *ooqlan tətildi* — بالا ـزىرەك بولدى، يەنى ئەقىلگە كىردى (تَيتِلُورْ ـ تَيتِلْماكْ *tətilür* ـ *tətilmək*).

سَتِلْدِي satïldï — *tavar satïldï* تَڤارْ سَتِلْدِي. سېتىلدى. تاۋار (مال) سېتىلدى (سَتِلُورْ ـ سَتِلْماقْ *satïlur* ـ *satïlmak*).

قَتِلْدِي katïldï قېتىلدى، قوشۇلدى. آرْبا اُگُرْ بِرْلا قَتِلْدِي — *arpa ügür birlə katïldï* ئارپا تېرىق بىلەن قېتىلدى. ھەرقانداق نەرسە باشقا بىرەر نەرسىگە قېتىلسا ياكى قوشۇلسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. مەسىلەن: آرْ اُراغُتْقا قَتِلْدِي — *ər uraqutka katïldï* — ئەر كىشى خوتۇنغا قوشۇلدى، يەنى خوتۇن بىلەن جۈپلەشتى (قَتِلُورْ ـ قَتِلْماقْ *katïlur* ـ *katïlmak*).

قُتَلْدِي kutaldï قۇتالدى، قۇتلۇق بولدى. قُتَلْدِي آرْ *kutaldï ər* — ئادەم قۇتلۇق بولدى، بەخت تاپتى. بۇ سۆز «قُتْ آلْدِي *kut aldï* — بەخت تاپتى» دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان (قُتالُرْ ـ قُتَلْماقْ *kutalur* ـ *kutalmak*).

قُتُلْدِي kutuldï قۇتۇلدى؛ يەنگىدى، بوشاندى. آرْ اَمْگَكْتِنْ

قتلْدى *ər əmgəktin kutuldi* — ئادەم جاپا ـ ئەمگەك ـ تىن قۇتۇلدى (قتلر ـ قتلْماق *kutulur - kutulmak*).

اُراغْتْ قتلْدى *uraqut kutuldi* — خوتۇن يەنگىدى، يەنى تۇغۇت جاپاسىدىن قۇتۇلدى.

بۇ پېيىلنىڭ تۇزۇلۇشىنى ئىككى خىل چۈشەندۈرۈش مۇمكىن: بىرى، سوزنىڭ ئەسلى «قرْتلْدى *kurtuldi* — قۇتۇلدى» بولۇپ، بۇ يەردە بىر ھەرپ چۈشۈرۈپ قالدۇرۇلغان؛ ئىككىنچىسى، «بەخت تاپتى» دىگەن مەنىدىكى «قتْ بلْدى *kut buldi*» دىگەن سوزلەردىن قۇرالغان.

بِجِلْدى pïqïldï پىچىلدى، تىلىندى، كېسىلدى. يِغاج بِجِلْدى *yïqaq piqïldï* — ياغاچ كېسىلدى، باشقىلاردىمۇ شۇنداق (بجِلور ـ بجِلْماق *piqïlur - piqïlmak*).

سَجِلْدى saqïldï چېچىلدى. يرْماقْ سَجِلْدى *yarmak saqïldï* — يارماق چېچىلدى، ھەرقانداق نەرسە چېچىلسىمۇ شۇنداق دىيىلىدۇ (سَجِلور ـ سَجِلْماقْ *saqïlur - saqïlmak*).

سُجُلْدى suquldï چۇچۇلدى، يەشتى؛ ئوستى، ئۆندى.

ارْ تونِنْ سُجُلْدى *ər tonin suquldi* — ئادەم تونىنى

(كىيىمىنى) چۈچۈلىدى، يەشتى. قويىنىمىڭ تېرىسى سويۇل-
سىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (سىجلور - سىجلماق suqulur -
suqulmak). شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

يغمر يغب سجلدى
ترلك ججاك سجلدى
ينجو قابى اجلدى
جندان يبار يغرشور

*yaqmur yaqïp saqïldï*
*türlüg qəqək suquldï*
*yinqü kapï aqïldï*
*qïndan yïpar yuqruxur*

[يامغۇر يېغىپ چېچىلدى،
تۈرلۈك چېچەك ئۈندى،
ئۈنچە قېپى ئېچىلدى،
سەندەل - ئىپار يۇغۇرۇلۇر].

باھار تەسۋىرلىنىپ شۇنداق دېيىلگەن: يامغۇر
يېغىپ تامچىلىرى چېچىلدى، تۈرلۈك گۈل - چېچەكلەر
ئۈسۈپ چىقتى، ئۈنچە - مارجان قاپلىدى، يەنى ئاق

چىچەكلەر ٴىچىلدى، خۇددى سەندەل بىلەن ٴىپار يۇغۇ-
رۇلغاندەك خۇشپۇراق چىچىلماقتا.

سَرِلْدى sərildi سەنتۇرۇلدى، دەلدەگشىدى. آرْ سَرِلْدى ər — sərildi (مەس) ٴادەم سەنتۇرۇلدى، ياكى دەلدەگشىپ يۇرۇپ، يىقىلىشقا ٴاز قالدى (سَرِلْرْ - سَرِلْماكْ sərilür - sərilmək). ھەرقانداق نەرسىنىڭ دەلدەگشىپ يىقىلاي دىيىشىگىمۇ مۇشۇ سوز ٴىشلىتىلىدۇ.

سَرِلْدى sarïldi: بَكْ آنكارْ آرِلْدى سَرِلْدى bəg aŋar ərildi sarïldi بەگ ٴۇنىڭغا ٴاچچىقلاندى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (سَرِلْرْ - سَرِلْماقْ sarïlur - sarïlmak).

سُرُلْدى sürüldi سۇرۇلدى. آتْ سُرُلْدى at sürüldi — ٴات سۇرۇلدى، يەنى ھەيدەلدى. آرْ سُرُلْدى ər — sürüldi ٴادەم سۇرگۇن قىلىندى، قوغلاندى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

سُرُلْدى sürüldi سۇرۇلدى، سۇرۇپ (سۇركەپ) ٴىزىلدى. مُنْجُقْ سُرُلْدى monquk sürüldi — مونچاق سۇرۇپ ٴىزىلدى. نەرسىلەرنىڭ سۇرۇلۇپ ٴۇپرىشىشىمۇ شۇنداق دىيىلىدۇ. بۇ پېيىل ھەم ٴوتۇملۇك، ھەم ٴوتۇمسىز بولۇپ كېلىدۇ (سُرُلْرْ - سُرُلْماكْ sürülür - sürülmək).

سَرِلْدی sarīldi ئورالدی، یوگەلدی، یوگىشۋالدی. یِشِغ یِغاچقا سَرِلْدی *yixīq yīqaqka sarīldī* — ئاغامچا دەرەخكە یوگەلدی. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (سَرِلُر - سَرِلْماق (*sarīlur - sarīlmak*).

سِرِلْدی sīrīldi یۇقتی، یۇقۇشتی، چاپلاشتی. یاغ ئەلِكّكا سِرِلْدی — *yaqı əlikkə sīrīldī* — یاغ قولغا یۇقتی. ئۇنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بىر - بىرىگە یاكی قولغا چاپلاشسىمۇ شۇنداق دیيىلىدۇ (سِرِلُر-سِرِلْماق (*sīrilur - sīrīlmak*).

سُزُلْدی süzüldi سۈزۈلدی. سُوڤ سُزُلْدی *suv süzüldi* — سۇ سۈزۈلدی. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (سُزُلُر - سُزُلْماك (*süzülür - süzülmək*).

شَشِلْدی xəxildi شىشىلدی ~ يىشىلدی. تُكُون شَشِلْدی — *tügün xəxildi* — تۈگۈن يېشىلدی. تۈگۈن بىرەر كىشى تەرىپىدىن يېشىلسىمۇ شۇنداق دیيىلىدۇ. دېمەك، بۇ پېئىل ھەم ئۆتۈملۈك، ھەم ئۆتۈمسىز بولۇپ كېلىدۇ (شَشِلُر - شَشِلْماك *xəxilür - xəxilmək*).

سِشِلْدی sīxildi ئېسىلدی، كۆپتى، كۆپچۈدى؛ ئىششىدی.

بِشغ تَرِغ سِشِلْدي *pixiq tariq sixildi* — پـەشـشـق
بۇغداي ئېسىلدى، يەنى سۇدا قاينىتىپ پىشۇرۇلغان بۇغ-
داي قازانغا ياتقۇسىز دەرىجىدە ئېسىلىپ كەتتى. ھەر-
قانداق نەرسە ئۆزى تۇرغان يەرگە سىغمىغۇدەك دەرىجىدە
كـوپـجـۇپ كەتسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (سِشِلُرْ - سِشِلْماقْ
.(*sixilur* - *sixilmak*

سَغِلْدي *saqildi* سېغىلدى. سُوتْ سَغِلْـدي *süt* —
*saqilur* سۇت سېغىلدى (سَغِلُرْ - سَغِلْماقْ - *saqildi*
.(*saqilmak*

سُغُلْدي *soquldi* سوغۇلدى. سُوُقْ سُغُلْدي *suv soquldi* —
سۇ سوغۇلدى. سۇتنىڭ ئازىيىپ ياكى تاۋتىلىپ قېلىشى-
غىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (سُغُلُرْ - سُغُلْماقْ - *soqulur*
.(*soqulmak*

سَڤُلْدي *savuldi* سوۋىلدى، ساگگىلدى، ئاغدى، مايىل بولدى.
كُونْ سَڤُلْدي *kün savuldi* — كۈن ساگگىلدى، سوۋىلد-
دى. كُنْكُلُومْ انكارْ سَڤُلْدي *kønlüm aŋar savuldi* —
كوڭلۈم ئۇنىڭغا ئاغدى، يەنى مايىل بولدى. ھەرقانـداق
نەرسە ئۆز ئورنىدىن ئاغسا ياكى سوۋىلىسىمۇ شۇنـداق

دېيىلىدۇ (سَقْلُر ـ سَقْلْماق *savulur - savulmak*).

سُقْلْدى suvaldï سۇغىرىلدى، سۇلاندى. تَرِغ سُقْلْدى — *tariq suvaldï* زىرائەت سۇغىرىلدى. ھەرقانداق نەرسىگە سۇ سىپىلسىمۇ (سۇلانسىمۇ) شۇنداق دېيىلىدۇ (سُقْلُر ـ سُقْلْماق *suvalur - suvalmak*).

سُقْلْدى suvaldï سۇۋالدى. اَقْ سُقْلْدى — *əv suvaldï* ئۆي سۇۋالدى (سُقْلُر ـ سُقْلْماق *suvalur - suvalmak*).

سُقْلْدى① sokuldï سوقۇلدى. تُوز سُقْلْدى — *tuz sokuldï* توز سوقۇلدى (سقلر ـ سقلماق *sokulur - sokulmak*).

سُقْلْدى sukuldï سۇقۇلدى، سۇقۇپ قويۇلدى. تَقار اَفْكا سُقْلْدى — *tavar əvgə sukuldï* مال ئۆيگە سوقۇپ قويۇلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (سقلر ـ سقلماق *sukulur - sukulmak*).

سِقْلْدى sikildï سىقىلدى. اُزُم سِقْلْدى — *üzüm sikildï* —

---

① بۇ سوز يازما نۇسخىدا يوقۇرقى «سقلدى» سوزىدىن ئاۋال كەلگەن. بىز لوغەتنىڭ تۈزۈلۈش تەرتىۋى بويىچە، بۇ سوزنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ قويدۇق.

تۈزۈم سقىلدى، ھەرقانداق نەرسە سىقىلسا ياكى قىسىلـ
سىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (سىقىلۇر ـ سىقىلماق ـ sikilur
sikilmak).

**سۆكۈلدى** sökuldi سوكۇلدى. تون سۆكۈلدى ـــ ton sökuldi
تون سوكۇلدى، يەنى كىيىمنىڭ تىككىشلىرى سوكۇلدى.
بىنا (ئۆي ـ ئىمارەت) چۇۋۇلسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ
(سۆكۈلۈر ـ سۆكۈلماك sökülür ـ sökülmək).

**سۆكۈلدى** sögüldi قاقلاندى، كاۋاپ قىلىندى. ئار[①] ات سۆكۈلدى
ـــ گوش كاۋاپ قىلىندى. ər ət sögüldi باشقىلار ـ
دىمۇ شۇنداق (سۆكۈلۈر ـ سۆكۈلماك sögülür ـ sögülmək).

**سىكىلدى** sikildi سىكىلدى. ئۇراغۇت سىكىلدى ـــ uraɤut
sikildi خوتۇن سىكىلدى (سىكار ـ سىكىلماك sikilür ـ
sikilmək).

---

① بىسىم ئاتالاي بۇ جۈملىدىكى «ئار ər» سۆزىنى ئارتۇقچە
يېزىلىپ قالغان دەپ ھېساپلايدۇ. دەرۋەقە، «سۆكۈلدى sögüldi»
پېئلى مەجھۇل پېئل بولغانلىقتىن، جۈملىدە ئىگە تەلەپ قىـ
لىنمايتتى. شۇڭا بىز «گوش قاقلاندى، كاۋاپ قىلىندى» دەپ
تەرجىمە قىلدۇق. ئەرەبچىدە بۇ جۈملە «شوى اللحم ـــ گوش
قاقلاندى» دەپ ئىزاھلانغان.

سِنَلْدی sïnaldi سىنالدى. ايش سِنَلْدی — *ïx sïnaldi*
ئىش سىنالدى (سِنَلُرْ - سِنَلْماق *sïnalur - sïnalmak*).

تِذِلْدی tïzïldi تىزىلدى، چەكلەندى. آرْ ايشْ‌تَنْ تِذِلْدی
— *ər ixtan tïzïldi* ئادەم ئىشتىن تىزىلدى، ئۆزىنى
تارتتى. بىركىمنى ئىشتىن تىزدۇرسىمۇ (چەكلىسىمۇ)
شۇنداق دېيىلىدۇ. دېمەك، بۇ پېئىل ھەم ئۆتۈملۈك، ھەم
ئۆتۈمسىز بولۇپ كېلىدۇ (تِذِلُرْ - تِذِلْماق *tïzïlur -*
*tïzïlmak*).

تَرِلْدی tarïldi تېرىلدى؛ چېچىلدى. تَرِغْ تَرِلْدی
— *tarïq tarïldi* ئاشلىق تېرىلدى. باشقىلاردىمۇ شۇن-
داق (تَرِلُرْ - تَرِلْماق *tarïlur - tarïlmak*). تَرِلْدی ئانِنْكْ
— *tarïldi nəŋ* نەرسە چېچىلدى.

تَرَلْدی taraldi تارالدى. سَچْ تَرَلْدی — *saq taraldi*
چاچ تارالدى (تَرَلُرْ - تَرَلْماق *taralur - taralmak*).

تُرُلْدی turuldi زېرىكتى، دىققەتتى. آرْ ايشْ‌تِنْ تُرُلْدی
— *ər ïxtïn turuldi* ئادەم ئىشتىن دىققەتتى، زېرىك-
تى. ئادەم ئاماقتىن ھېيىپ (چاقاپ) كەتسىمۇ شۇنداق
دېيىلىدۇ (تُرُلُرْ - تُرُلْماق *turulur - turulmak*).

تِرِلْدِي tirildi تىرىلدى. اُلُكْ تِرِلْدِي *ölüg tirildi* —
ئۆلۈك تىرىلدى (تِرِلُرْ - تِرِلْماكْ *tirilür - tirilmək*).

تَرِلْدِي tərildi تېرىلدى، يىغىلدى. بُذُونْ تَرِلْدِي *bozun* —
*tərildi* خەلق يىغىلدى. يَرْماقْ تَرِلْدِي *yarmak* —
*tərildi* يارماق يىغىلدى، توپلاندى. باشقىلاردىمۇ شۇند-
اق (تَرِلُرْ - تَرِلْماكْ *tərilür - tərilmək*).

تُرُلْدِي türüldi تۈرۈلدى، تۈرتەكلەندى. بِتِكْ تُرُلْدِي *bitik*—
*türüldi* پۈتۈك (كىتاپ) تۈرۈلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق
(تُرُلُرْ - تُرُلْماكْ *türülür - türülmək*).

تُزُلْدِي tüzüldi تۈزەلدى، تەكشىلەندى؛ ئوڭشالدى. يِرْ تُزُلْدِي
*yər tüzüldi* — يەر تۈزەلدى. ايشْ تُزُلْدِي *ix* —
*tüzüldi* ئىش تۈزەلدى، ئوڭشالدى (تُزُلُرْ - تُزُلْماكْ
*tüzülür - tüzülmək*).

تِزِلْدِي tizildi تىزىلدى. يِنْجُو تِزِلْدِي *yinqü tizildi* —
ئۈنچە تىزىلدى. شېئىر - قوشاق تۈزۈلسە، شۇنىڭدەك
ھەرقانداق بىر نەرسە ئۈزلۈكسىز تىزىلسىمۇ شۇنداق
دېيىلىدۇ. بۇ پېئىل ھەم ئۆتۈملۈك، ھەم ئۆتۈمسىز بولۇپ

كېلىدۇ (تِزِلُرْ ـ تِزِلْماك tizilmək tizilür ـ).

**تُسُلْدِى** tusuldi ياقتى، پايدا قىلدى، قامـلاشتى. بُو اُتْ اَنكار تُسُلْدِى — bu ot aŋar tusuldi بۇ ئوت (دورا) ئۇنىڭغا پايدا قىلدى. ھەرقانداق بىر نەرسە باشقا بىر نەرسىگە ياقسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. بۇنىڭ ئەسلى «تُسو بُلْدِى tusu boldi» دۇر (تُسُلُرْ ـ تُسُلْماق ـ tusulur tusulmak).

**تَشِلْدِى** təxildi تېشىلدى. قابْ تَشِلْدِى kap təxildi — قاپ (تۇلۇم) تېشىلدى. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

قانى اَقِبْ يُشُلْدِى
قاپى قَمُغْ تَشِلْدِى
اُلُكْ بِلا قُشُلْدِى
تُغْمِشْ كُنى اُشْ بَتار

*kanï akip yuxuldï*
*kapï kamuƣ təxildi*
*ɵlüg bilə koxuldï*
*tuƣmïx küni ux patar*

[قىپنى ئېقىپ توكۆلدى،
قىپى پۆتۆنلەي تېشىلدى،
ئۆلۆك بىلەن قوشۆلدى،
تۆققان كۆنى (قۆياشى) ئەمدى پاتىدۆ.]

ئۆلتۆرۆلگۆچى توغرىسىدا شۆنداق دېيىلىدۆ: گويىاكى قاپ (تۆلۆم) تېشىلىپ، ئۆنىڭغا قاچىلانغان نەرسە ئېقىپ كەتكەندەك ئۆنىڭ قېنى ئاقتى؛ ئۆ ئەمدى ئۆلۆشكە يېقىنلاشتى ۋە مۆشۆ سائەتتە ئۆنىڭ قۆياشى پېتىۋاتىدۆ، يەنى دولىتى ۋە هاياتى ئاياقلىشىۋاتىدۆ (تَشِلُر① ـ تَشِلْماكْ təxilmək ـ təxilür).

تُشَلْدى tөxəldi سىلىندى. تُشَكْ تُشَلْدى tөxək tөxəldi — توشەك سىلىندى (تُشَلُرْ ـ تُشَلْماكْ tөxəlmək ـ tөxəlür)②.

تِشَلْدى tixəldi بىلەندى، بىسى ئۆتتىكلىتىلدى، چىشى چىقىرىلدى، چېكىلدى. اُرْغاقْ تِشَلْدى — orqak tixəldi ئوغاق بىلەندى، يەنى ئوغاقنىڭ بىسى ئۆتتىكلىتىلدى. تَكِرْمانْ تِشَلْدى — tagirmən tixəldi

① يازما نۆسخىدا بۆ پېئىلنىڭ كەلگۆسى زامانى ئورنىغا ئۆتكەن زامانى بېرىلىپ قالغان، بىز ئۆزگەرتىپ كەلگۆسى زامانىنى بەردۆق.

② يازما نۆسخىدا بۆ پېئىلنىڭ كەلگۆسى زامانى ۋە مەسدىرى بېرىلمىگەن، بىز قوشۆپ قويدۆق.

ئۈگمەن (تېشى) چېكىلدى. ھەرە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش-لارنىڭ چىشلىرى ئىتتىكلىشىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (تِشَلُرْ - تِشَلْماكْ *tixəlür - tixəlmək*).

**تَغِلْدى taqïldi** گاللاشتى، ياندى. اُقْ بَشَقِى تَشْقا تَكِبْ تَغِلْدى — *ok baxakï taxka təgip taqïldï* — ئوق باشقى تاشقا تېگىپ گاللاشتى، يەنى ئۇچى يېنىپ كەتتى. شۇنىڭدەك، بىسى بار ھەرقانداق نەرسىنىڭ قاتتىق نەرسىگە ياكى تاشقا تېگىپ گاللىشىپ قېلىشىغىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (تَغِارْ - تَغِلْماقْ *taqïlur - taqïlmak*).

**تَقِلْدى takïldi** تاقالدى، ئوتكۈزۈلدى. اَتْ شِيشْقا تَقِلْدى — *ət xïxka takïldï* — گوش شىشقا (زىققا) ئوتكۈزۈلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (تَقِارْ - تَقِلْماقْ *takïlur - takïlmak*).

**تُقُلْدى tokuldi** ئۇرۇلدى؛ توقۇلدى؛ سوقۇلدى. اَرْ تُقُلْدى — *ər tokuldï* — ئادەم ئۇرۇلدى. بُوزْ تُقُلْدى — *bøz tokuldï* — بوز ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر توقۇلدى. قِلِجْ تُقُلْدى — *kïlïq tokuldï* — قىلىچ سوقۇلدى. پىچاق

سوقۇلسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. «ار تقلدی *ər tokuldi* —

ئادەم ئۆرۆلدى» ئىبارىسى ئوغۇزچىدۇر (تقلر - تقلماق

*tokilur - tokilmak*).

**تقلدی** tikildi تىقىلدى، چىڭدالدى. كندكا اون تقلدی

*kəndükkə un tikildi* — كوندۈككە ئۇن تىقىلدى

(چىڭدالدى)، سىلىندى. اڤكا كشی تقلدی *əvgə kixi* —

*tikildi* ئۆيگە كىشى تىقىلدى، ئۆيدە كىشى تىقما-

تىقماق بولۇپ كەتتى. ھەرقانداق نەرسە يەر تارلىق

قىلىپ قىستىلىپ كەتسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ

(تقلور - تقلماق *tikilur - tikilmak*).

**تكلدی** təküldi توكۈلدى. سوڤ تكلدی *suv təküldi* —

سۇ توكۈلدى. بۇغداي ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش چېچىلىدىغان،

توكۈلىدىغان ئۇۋاق-تۈۋەك نەرسىلەرنىڭ باشقا نەرسىلەر

ئۈستىگە توكۈلۈشىگىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (تكلر - تكلماك

*təkülür - təkülmək*). بۇ پېئىل ھەم ئۆتۈملۈك، ھەم

ئۆتۈمسىز بولۇپ كېلىدۇ.

**تكلدی** tügüldi تۈگۈلدى. تكون تكلدی *tügün* —

*tügüldi* تۈگۈن تۈگۈلدى. تۈگۈن باشقا بىر كىم تەرەد-

پىدىن تۈگۈلسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (تكلر - تكلماك

(tügülür - tügülmək). بۇ پىل ھەم تۇتۇلۇك، ھەم
تۇتۇمسىز بولۇپ كېلىدۇ.

**تُكُلْدى** **tügüldi** تۆگۈلدى، تىقىلدى. آش بغزدا تكلدى
— ax boquzda tügüldi — ئاش بوغۇزدا تۆگۈلۈپ
قالدى، تىقىلىپ قالدى (تكلر - تكلماك - tügülür
(tügülmək.

**تَكِلْدى** **təgildi** تۇتۇلدى. انك كوزى تكلدى — aniŋ kəzi
təgildi ئۇنىڭ (بىر) كۆزى تۇتۇلدى، كۆرمەس بولۇپ
قالدى (تكلر - تكلماك təgilür - təgilmək).

**تِكِلْدى** **tikildi** تىكىلدى. يغاچ تكلدى — yïqaq tikildi —
دەرەخ تىكىلدى. بىرەر نەرسە ئۆرە تىكلەنسە شۇن-
داق دېيىلىدۇ (تكلر - تكلماك tikilür - tikilmək).

**تَنُلْدى** **tanuldï** تونۇلدى، تونۇپ بېرىلدى، سەمىگە سېلىندى،
تاپىلاندى. انكار سوز تنلدى — aŋar səz tanuldï —
ئۇنىڭغا سۆز تونۇلدى، گەپ ئېيتىپ بېرىلدى. باشقىلار-
دىمۇ شۇنداق (تنلور - تنلماق tanulur - tanulmak).

**تِنِلْدى** **tinildi** تىنسۇبلىندى، ئارام ئېلىندى. امكاكتن
تنلدى əmgəktin tinildi — جاپا-ئەمگەكتىن ئارام

ئېلىندى. بۇ ئۆتۈمسىز پېئىلدىن ياسالغان مەجھۇل پېئىل شەكلىدۇر. بۇ تىلدا مۇنداق مىساللار كۆپ. ئەرەپچىدە ئۆتۈمسىز پېئىللاردىن مەجھۇل پېئىل ياسالمايدۇ. تۈركچىدە بولسا كۆپلەپ ياسىلىدۇ. مەسىلەن: «اَفْكا بَرِلْدِي *əvgə barïldï* — ئۆيگە بېرىلدى»، «تاغدِنْ اِنِلْدِي *taqdïn ïnïldï* — تاغدىن (پەسكە) چۈشۈلدى» دېگەنلەرگە ئوخشاش (تِنِلُرْ - تِنِلْماقْ *tïnïlur - tïnïlmak*).

**بُرُلْدِي** bürüldi بۈرۈلدى ~ پۈرۈلدى، پۈرلەشتى. بِتِكْ بُرُلْدِي *bitik bürüldi* — پۈتۈك (خەت) پۈرلەشتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (بُرُلُرْ - بُرُلْماكْ *bürülür - bürülmək*).

**بِرِلْدِي** bərildi بېرىلدى. آنكارْ يَرْماقْ بِرِلْدِي *aŋar yarmak bərildi* — ئۇنىڭغا يارماق بېرىلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (بِرِلُورْ - بِرِلْماكْ *bərilür - bərilmək*).

**بَزَلْدِي** bəzəldi بېزەلدى. اَفْ بَزَلْدِي *əv bəzəldi* — ئۆي بېزەلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (بَزَلُورْ - بَزَلْماكْ *bəzəlür - bəzəlmək*).

بۇزلدى buzuldï بۇزۇلدى، خاراپ بولدى. ئاق بۇزلدى *av buzuldï* ئوي بۇزۇلدى. باشقىلار تەرىپىدىن بۇزۇلسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (بۇزلر - بۇزلماق *buzulur - buzulmak*). بۇ پېئىل ھەم ئۆتۈملۈك، ھەم ئۆتۈمسىز بولۇپ كېلىدۇ.

ئار بۇزلدى *ər buzuldï* — ئادەم خاراپ بولدى.

بۇغلدى booquldï بوغۇلدى. ئار بۇغلدى *ər booquldï* — ئادەم بوغۇلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (بۇغلر - بۇغلماق *booqulur - booqulmak*).

بقلدى bakïldï بېقىلدى، قارالدى. يېرگا بقلدى *yərgə bakïldï* — يەرگە بېقىلدى، قارالدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (بقلر - بقلماق *bakïlur - bakïlmak*).

تۇقلدى bukuldï پۈكۈلدى، يىغىۋېلىندى. ئاداق تۇقلدى *azak bukuldï* — ئاياق پۈكۈلدى، (سۇنۇلغان ئاياق يىغىۋېلىندى) (تۇقلر - تۇقلماق *bukïlur - bukïlmak*).①

---

① يازما نۇسخىنىڭ مۇشۇ يېرىدە بۇ پېئىلنىڭ يېزىلىشىدا مۇجمەللىك بار، بۇنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى «تۇقلدى *tukuldï*» دەپ يېزىلغان بولسىمۇ، كەلگۈسى زامان ۋە مەستەر شەكلى «تقلر - تقلماق» شەكلىدە ئاۋال «ت - ب» بىلەن

بُكُلْدى bükuldi بۇكۇلدى ~ پۈكۈلدى، ئېگىلدى. بُتِق بُكُلْدى — butik büküldi — پۈتاق پۈكۈلدى. بىركىم تەرىپىدىن پۈكۈلسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (بُكُلُر - بُكُلْماك bükülür - bükülmək). شۇنىڭدەك ھەرقانداق نەرسىنىڭ پۈكۈلۈشىگىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ. بۇ پېئىل ھەم ئوتتۇملۇك، ھەم ئوتتۇمسىز بولۇپ كېلىدۇ①.

يُكُلْدى bøgüldi بوگۇلدى ~ بوكۇلدى، توسۇلدى. سُوڤ يُكُلْدى suv bøgüldi — سۇ بوگۇلدى، يەنى سۇ بوگۇلۇپ

---

يېزىلىپ، كېيىن ئۈستىدىكى ئىككى چېكىت سىزىۋېتىلگەن، ئاندىن «ب - b» قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، ئاستىدىكى بىر چېكىت يەنە سىزىۋېتىلگەن. بىز بۇ پېئىلنىڭ ئاددى دەرىجىسى يازما نۇسخا 272 - بەتتە «بُقْدى» شەكلىدە يېزىلغانلىقىنى ئېتىۋارغا ئېلىپ، بۇ يەردىكى مەجھۇل دەرىجىسىنى «بُقُلْدى bukuldi» دەپ ئالدۇق.

① بۇ سوزنىڭ ئەرەبچىسى «اِنْقَطَمَتْ — ئۈزۈلدى» ئە-مەس، «اِنْعَطَفَتْ — پۈكۈلدى» بولۇشى كېرەكلىكى توغرىسىدا بېسىم ئاتالاي مۇۋاپىق ئىزاھ بەرگەن. بىز ھازىرقى تۈركى تىللاردىمۇ بۇ سوزنىڭ «ئۈزۈلۈش» مەنىسىدە كەلمەيدىغانلى-قىنى نەزەردە تۇتۇپ، بېسىم ئاتالاينىڭ پىكرىنى مۇۋاپىق دەپ تونۇدۇق ۋە «پۈكۈلدى» دەپ تەرجىمە قىلدۇق.

كوپەيتىلدى (بكلۈر - بكلماك *bøgülür - bøgülmək*)[①].

**جۈلدى** qøzüldi چوجۇلدى ~ سوزۇلدى. يب جۈلدى *yip qøzüldi* — يىپ (تانا) سوزۇلدى. شىرنا ۋە سپغىز (سقىچ)غا ئوخشاش قويۇق نەرسىلەرنىڭ سوزۇلۇشىغىمۇ «جۈلدى *qøzüldi*» دېيىلىدۇ (جۈلر - جۈلماك *qøzülür - qøzülmək*). بۇ سوز ئىككى مەخرەج ئارىسىدىكى «ژ - z» بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

**جغلدى** qïqïldi چىگىلدى. ارىغ جغلدى *artïq*[②] — *qïqïldi* ئارتىق (يۇك) ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر چىگىلدى (جغلر - جغلماق - *qïqïlur* *qïqïlmak*).

**جقلدى** qakïldi چېقىلدى. جقماق جقلدى — *qakmak*

---

① يازما نۇسخىدا بۇ بىرىكمە باش ھەرپى «ي» يېزىلىپ قالغان. يازما نۇسخا 273 - بەتتە بۇ پېئىلنىڭ ئاددى دەرىجىسى «ب» بىلەن «بكدى *bøgdi*» دەپ بېرىلگەن. شۇڭا بىز باش ھەرپىنى «ب - *b*» بىلەن ئالدۇق.

② يازما نۇسخىدا بۇ مىسالدىكى ھەر ئىككىلا سوزگە ھەرىكە قويۇلمىغان. بىز بۇ يەردىكى «ارىغ» شەكلىنى «ارتغ *artïq*— ئارتىق (تېڭىق، يۇك)» دەپ تونۇدۇق ۋە بۇ جۈملىنى «*artïq qïqïldï*» دەپ ئالدۇق.

چاقماق چېقىلدى. تاشقا بىر نەرسە ئۇرۇلۇش *qakildi* بىلەن ئوت چىقسا، «تاش جَقِلْدِى *tax qakildi*» دە-يىلىدۇ. سُوزْ قُلاقْا جَقِلْدِى *søz kulakka qakildi* — سۆز قۇلاققا چېقىلدى، يەنى يەتكۈزۈلدى، قۇيۇلدى (جَقِلُرْ - جَقِلْماق *qakilur - qakilmak*). شېئىردا مۇنـ-داق كەلگەن:

يُگُرْدِى كَفَلْ اَتْ
جَقِلْدِى قِزِلْ اُتْ
كُيُرْدِى اَرُتْ اُتْ
سَقْرَبْ اَنِنْ ارتنور

*yügürdi kəvəl at*
*qakildi kizil ot*
*kəyürdi arut ot*
*saqrap anin ərtənür*

[يورغا ئات يۈگۈردى،
قىزىل ئوت چېقىلدى،
قۇرۇق ئوتنى كۆيدۈردى،
چاچراپ ئۇنىڭ بىلەن ئورتىنەر.]

ئاتنىڭ يۈگرىشى تەسۋىرلىنىپ شۇنداق دېيىلىدۇ:
يورغا ئات چاپقاندا ئۇنىڭ تۇياقلىرىدىن ئوت چاقناپ،
قۇرۇق ئوت-چۆپلەر كۆيۈپ كەتتى.

**جِقِلْدِى** qïkïldï چىقىلدى. اَفْدِنْ جِقِلْدِى — *əvdin qïkïldï* ئۆيدىن چىقىپ كېتەلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (جِقُلْر - جِقِلْماق *qïkïlur - qïkïlmak*).

**جَكِلْدِى** qəkildi چېكىلدى، چېكىت قويۇلدى. بِتِكْ جَكِلْدِى — *bitik qəkildi* خەتكە چېكىت قويۇلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (جَكِلُرْ - جَكِلْماكْ *qəkilür - qəkilmək*).

**جِكِلْدِى** qəgildi چېگىلدى، چېگىشلەندى. تُكُونْ جِكِلْدِى — *tügün qəgildi* تۈگۈن چېگىلىپ قالدى. ئاغامچا چېگىشلەنسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (جِكِلُورْ - جِكِلْماكْ *qəgilür - qəg'lmək*).

**قَجِلْدِى** kaqïldï قېچىلدى. اُلُمْدِنْ قَجِلْدِى — *ölümdin kaqïldï* ئۆلۈمدىن قېچىلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (قَجِلُورْ - قَجِلْماقْ *kaqïlur - kaqïlmak*).

**قَدِلْدِى** kadïldï قېيىلدى، قېيىپ تىكىلدى. تُونْ قَدِلْدِى — *ton kadïldï* تون قېيىلدى (قَدِلُرْ - قَدِلْماقْ *kadïlur - kadïlmak*).

**قِرِلْدی** karïldi قىتىلدی، قوشۇلدی، ئارىلاشتی. بیرْ نانىڭ بیرْكا قَرِلْدی bir nəŋ birgə karïldi — بىر نەرسە بىر نەرسىگە قىتىلدی. ئوغۇزچە. تۇركلەر «قَتِلْدی قَرِلْدی» «katïldï karïldï» شەكلىدە ئىككى سوزنی قوشۇپ قوللىنىدۇ. (قَرِلُرْ - قَرِلْماق karïlur - karïlmak).

**قُرُلْدی** koruldï قورۇلدی، تارتىشتی. اَرْ اَلِكی قُرُلْدی ər əliki koruldï — ئادەمنىڭ قولی تارتىشتی. پۇت تارتىشىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

**قُرُلْدی** kuruldï قۇرۇلدی. یا قُرُلْدی ya kuruldï — یا قۇرۇلدی (قُرُلُرْ - قُرُلْماق kurulur - kurulmak).

**قِرِلْدی** kïrïldï قىرىلدی. قِرِلْدی نانىڭ — kïrïldï nəŋ نەرسە قىرىلدی، يەنی نەرسىنىڭ پوستی ئېلىنىپ ئىشلىتىلدی شۇنىڭدەك. (قِرِلُرْ - قِرِلْماق kïrïlur - kïrïlmak). قارْ قِرِلْدی kar kïrïldï — قار (يەردىن) قىرىلدی، قار كۆرەلدی. اَرْ قِرِلْدی ər kïrïldï — ئادەمنىڭ ھالدىری ئېلىندی، شۇنىڭ بىلەن كەمبەغەللەشتی.

**قَزِلْدی** kazïldï قېزىلدی. اَرِقْ قَزِلْدی arïk kazïldï —

ئېرىق قېزىلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (قَزِلُرْ - قَزِلْماقْ kazilur – kazilmak).

قِزِلْدِي kizildi دەككە بېرىلدى. آرْ يَزُقْتِنْ قِزِلْدِي — ər yazuktin kizildi ئادەم قىلمىشىنىڭ جاجىسىنى يەدى، دەككە يەدى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق يامان ئىشنى قىلمايدىغان بولدى (قِزِلُرْ - قِزِلْماقْ kizilur - kizilmak).

قِسِلْدِي kisildi قىسىلدى. آلِكْ قَبُغْقا قِسِلْدِي — əlik kapuƣka kisildi قول ئىشىككە قىسىلدى. ھەرقانداق نەرسە ئىككى نەرسىنىڭ ئارىسىدا قىسىلىپ قالسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (قِسِلُرْ - قِسِلْماقْ kisilur - kisilmak).

قُشُلْدِي koxuldi قوشۇلدى. بِيرْ نانِكْ بِيرْكا قُشُلْدِي — bir nəŋ birgə koxuldi بىر نەرسە بىر نەرسىگە قوشۇلدى. باشقا بىر نەرسە بۇنىڭغا قوشۇلسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (قُشُلُرْ - قُشُلْماقْ koxulur - koxulmak).

«يِيرْ قُشُلْدِي yir koxuldi — قوشاق قوشۇلدى» دېيىلىشىمۇ شۇنىڭدىن ئېلىنغان.

قِقِلْدِي kakildi قېقىلدى. بَشْرا قَقِلْدِي — baxra kakildi باشقا قېقىلدى (قَقِلُرْ - قَقِلْماقْ kakilur -

(kakilmak — خارلانغاندا «قەقلدى سقلدى kakildı سوقولدى - قىقىلدى» دەيىشمۇ شۇنىڭدىن sokuldi ئېلىنغان.

**قمۇلدى** kamuldi يانپاشلىدى، ياتتى. ئەر قمۇلدى ər kamuldi — ئادەم يانپاشلىدى (قمۇلور - قمۇلماق kamulur - kamulmak).

**كەچلدى** kəqildi كېچىلدى. سوۋ كەچلدى suv kəqildi — سۇ كېچىلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (كەچلۈر - كەچلماك kəqilür - kəqilmək).

**كۈچەلدى** küqəldi زورلۇق قىلىندى، تارتىۋېلىندى. ئەر تەۋارى كۈچەلدى ər tavarï küqəldi — ئادەمنىڭ مېلى زورلاپ تارتىۋېلىندى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (كۈچالۈر - كۈچالماك küqəlür - küqəlmək).

**كەذلدى** kəžildi كېيىلدى. تون كەذلدى ton kəžildi — تون كېيىلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (كەذلۈر - كەذلماك kəžilür - kəžilmək).

**كەرلدى** kərildi كېرىلدى، سوزۇلدى. ئەر كەرلدى ər — ئادەم (ئەسنەپ) كېرىلدى. ارق كەرلدى kərildi

uruk kərildi — ئاغامچا سوزۇلدى. ئاشلانغان تېره،
خام تېره ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر كېرىلىدۇ
شۇنداق دېيىلىدۇ (كَرِلُرْ - كَرِلْماك - kərilür
kərilmək).

كُرُلْدى kərüldi كورۇلدى. كُرُلْدى نانْك kərüldi nəŋ—
نەرسە كورۇلدى (كُرُلُرْ - كُرُلْماك kərülür - kərülmək).

كِرِلْدى kirildi كىرىلدى. اَفْكا كِرِلْدى əvgə kirildi —
ئويگە كىرىلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (كِرِلُرْ - كِرِلْماك
kirilür - kirilmək).

كَسِلْدى kəsildi كېسىلدى. كَسِلْدى نانْك kəsildi nəŋ —
نەرسە كېسىلدى (كَسِلُرْ - كَسِلْماك kəsilür - kəsilmək).

كُسُلْدى kosüldi ئۇزالدى، ئۇزىتىلدى، سوزۇلدى. آرْ آذَقْ
كُسُلْدى ər azaki kosüldi① — ئادەمنىڭ ئايىغى ئو-

---

① بۇ باپ مەجھۇل پېئىللار بابى، شۇنىڭدەك مەنتىقىي جەھەتتىن قارىغاندا، بۇ جۈملىدە «آرْ ər» ۋە «اَذَقْ azak» سۆز-لەرنىڭ مەجھۇل پېئىل «كُسُلْدى kosüldi» گە بىرلا ۋاقىتتا ئوتتۇملۇك تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا بۇ توغرىدا بېسىم ئاتالاي ئىزاھ بېرىپ، بۇ يەردىكى

زىتىلدى (كُسلُر ـ كُسلُماك kəsülür - kəsülmək)• ماقالدا
مۇنداق كەلگەن: يغرقندا ارتق اذق كسلسا اشيور - yoqur —
kanda artuk azak kəsülsə üxiyür يوتقاندىن
ئارتۇق پۇت سوزۇلسا توشۇيدۇ• بۇ ماقال كىشىلەرنى
ھەددىدىن ئېشىپ كەتمەسلىككە ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ•

كَڤْلدى kəvildi ئاجىزلىدى• ارْ كُوجي كَڤلْدي ——
küqi kəvildi ئادەمنىڭ كۈچى ئاجىزلىدى، ئادەم
ئاجىزلاشتى• شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

تكْرا اقْب اكْرليمْ
اتين تشْب يكْرايمْ

---

«ارْ ər» سوزىنى «الْ ol» بولۇشى كېرەك، دەيدۇ (تۈركچە II توم 137 - بەتكە قاراڭ). بىزچە بۇ يەردە «اذق azak» سوزىنى «الْ ol» سوزى بىلەن ئېنىقلاش ھاجەتسىز. ئەرەبچە «رجل ـــ ئايىغى، پۇتى» دىگەن ئىزاھ بويىچە ھەمدە مۇشۇ سوزنىڭ ئاخىرىدىكى سوزگە مىسال قىلىنغان «ارْ كُوجي كَڤلْدي ər küqi kəvildi ــ ئادەمنىڭ كۈچى ئاجىزلىدى» دىگەن جۈملىدىن قارىغاندا، بۇ جۈملىنىڭ توغرىسى «ارْ اذقي كسلدي ər azaki kəsüldi ــ ئادەمنىڭ ئايىغى سۇندۇلدى، ئۈزۈلدى» بولسا كېرەك.

اَرْسلَنْلَيُو كُكْرَلِمْ

كُوجِي اَنِنْ كَفِلْسُونْ

*təgrə avïp əgrəlim*
*attïn tüxüp yügrəlim*
*arslanlayu kəkrəlim*
*küqi anïn kəvilsün*

•

[چورىسىنى ئولىشىپ قورشايلى،
ئاتتىن چۈشۈپ يۈگرەيلى،
ئارسلاندەك ھوكۇرەيلى،
كۈچى شۇنىڭ بىلەن ئاجىزلاشسۇن.]

دۈشمەننىڭ چورىسىنى قورشىۋالايلى، ئاتتىن چۈ-
شۈپ يۈگرەيلى، ئارسلاندەك ھوكۇرەيلى، شۇنىڭ بىلەن
ئۇنىڭ كۈچى ئاجىزلاشسۇن.

**مَنِلْدِي** manïldi مانىلدى ~ مىلەندى. اَتْماكْ سِرْكاكا مَنِلْدِي
*ətmək sirkəgə manïldi* — نان سىركىگە مىلەندى.
باشقىلاردىمۇ شۇنداق (مَنِلُرْ - مَنِلْماقْ - *manïlur*
*manïlmak*).

**مُنَلْدِي** münəldi: تُونْ مُنَلْدِي *ton münəldi* — تون ئۇۋ-

نى ئېلىندى، يەنى تونىنىڭ چورىسى ۋە ئىۋىنى كېسىد-
ۋېتىلدى (مۈنەلۈر - مۈنەلمەك *münəlür - münəlmək*).

مۈنۈلدى münüldi مىنىلدى. ئات مۈنۈلدى *at münüldi* —
ئات مىنىلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (مۈنۈلۈر - مۈنۈلمەك
*münülür - münülmək*).

قائىدە: بۇ قىسىم «ل - *l*» قوشۇمچىسىغا ئاساس-
لانغان. «ل - *l*» قوشۇمچىسى ئۈچ خىل ۋەزىپىنى
ئۆتەيدۇ.

بىرىنچىسى: ئىككى ھەرپلىك پېئىل «ل - *l*» قو-
شۇلۇش بىلەن ئۈچ ھەرپلىككە ئايلىنىپ، مەجھۇل مەنى-
سىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: «يا قۇرۇلدى *ya kuruldi* —
يا قۇرۇلدى»، «ئەر ئۇرۇلدى *ər uruldi* — ئادەم ئۇرۇل-
دى» دېگەندەك. بۇ پېئىللار ئەسلى «قۇردى *kurdi* —
قۇردى»، «ئۇردى *urdi* — ئۇردى» بولۇپ، ئۇز ئالدىغا
بىر باپنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئىككىنچىسى: ئۆتۈمسىز پېئىللاردىن مەجھۇل پېئىل
ياسىلىدۇ. ئەرەپ تىلى قائىدىسىدە مۇنداق ئەھۋال يوق.
مەسىلەن: «ئول نەڭ كۆرۈلدى *ol nəŋ kərüldi* — ئۇ

نەرسە كورۇلدى»[1]، «اُلْ يِيرْكا بَرِلْدِي ol yərgə barïldi — ئۇ يەرگە بېرىلدى» دىگەندەك.

بەزىدە بۇ ھەرپ (قوشۇمچە) ئوزىدىن كېيىن كەلگەن ھەرپكە ماسلىشىدۇ[2]. مەسىلەن: «بِتِكْ بِتِنْدِي bitik bitindi — پۈتۈك پۈتۈلدى، كىتاپ يېزىلدى»، «آرْ اِتِنْدِي ər itindi — ئادەم سىيپىلدى، سۈرۈلدى» دىگەندەك. بۇ پېئىللار «بِتِلْدِي bitildi»، «اِتِلْدِي itildi» شەكلىدىمۇ كېلىدۇ.

ئۈچىنچىسى: ئوز ئالدىغا مۇستەقىل بىر پېئىل ياسىلىدۇ. مەسىلەن: «اُلُكْ تِرِلْدِي ølüg tirildi — ئولۈك تىرىلدى»، «سُوتْ سُغُلْدِي süt soqüldi — سۈت سوغۇلدى»، «سُوڤْ سُزُلْدِي suv süzüldi — سۇ سۈزۈلدى» دىگەندەك.

---

① «كُرُلْدِي körüldi — كورۇلدى» پېئىلى قاندائقتۇر ئوتتۇمىسىز پېئىللارنىڭ مەجھۇل دەرىجىسىگە مىسال قىلىپ ئېلىنغان. بۇ پېئىلنىڭ ئەسلى ئوتتۇملۇق ھېساپلىنىدۇ. بۇ نۇقتىغا بىزنىڭ ئاتالاي دىققەت قىلغان ۋە مۇۋاپىق ئىزاھ بەرگەن.

② بۇ مىساللاردا مەجھۇل دەرىجىنى بىلدۈرىدىغان «ل - l»نىڭ ئوزىدىن كېيىن كەلگەن ھەرپكە ماسلىشىش ئەھۋالى كورۈنمەيدۇ. بۇ يەردە «ل - l» ئورنىغا «ن - n» قوشۇمچىسىنى قوللىنىشقا بولىدىغانلىقى كوزدە تۇتۇلسا كېرەك.

تَبِنْدِمْ tapindim تېپىندىم؛ بويسۇندۇم، خىزمەت قىلدىم.

مَنْ تَنْكْرِيكا تَبِنْدِمْ *mən təŋrigə tapïndïm* — مەن تەڭرىگە تېپىندىم، ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى تۇتتۇم.

اُلْ بَكْكا تَبِنْدِي *ol bəgkə tapïndï* — ئۇ بەگكە خىزمەت قىلدى. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

اُكْرَنْ اَنِكْ بِلِكِنْ كُنْدا اَنكَارْ بارُو
قُتْقِلِقِنْ تَبِنغِلْ قُذْغِلْ كُفَزْ نارُو

*øgrən anïŋ bilikin kündə aŋar baru*
*kotkïlïkïn tapïnqïl kožqïl kevəz nərü*

[كۈندە ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭ بىلىمىنى ئۆگەن، مۇلايىملىق بىلەن (ئۇنىڭغا) خىزمەت قىل، ھاكاۋۇرلۇقنى نېرى قوي.]

ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ شۇنداق دەيدۇ: بىلىملىك ۋە ھېكىم ئادەمگە يولۇقساڭ، ھەر كۈنى ئۇنىڭ يېنىغا بار، ئۇنىڭدىن كەمتەرلىك بىلەن ئىلىم-ھېكمەت ئۆگەن، تەكەببۇرلۇقنى نېرى تاشلا (تَبِنُورْ - تَبِنْماقْ *tapïnur –tapïnmak*).

تَبِنْدِي təpindi دېيىشتى. اَرْ اَتِنْ تَبِنْدِي *ər atïn təpindi* —

ئادەم ئېتىنى دېۋىتتى. ھەرقانداق نەرسە پۇت بىلەن قىمىرلىتىلسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (تېپىنۇر - تېپىنماك *təpinür* - *təpinmək*).

**بىتىندى** bitindi خەت پۈتۈۋاتقاندەك كورۇندى، خەت يېزىدۋاتقاندەك كورۇندى. ئەر بىتىك بىتىندى *ər bitik bitindi* — ئادەم پۈتۈك (خەت، كىتاپ) پۈتۈۋاتقاندەك كورۇندى. باشقا بىر كىمنىڭ ياردىمىسىز ئوزى يالغۇز پۈتۈۋالسىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (بىتىنۇر - بىتىنماك *bitinür* - *bitinmək*).

**بۇتندى** putandï پۇتالدى. يىغاچ بۇتندى *yïɣaq putandï* — ياغاچ يەنى دەرەخ (شاخلىرى) پۇتالدى. ئادەم ياغاچنى پۇتاۋاتقاندەك كورۇنسىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (بۇتنۇر - بۇتنماق *putanur* - *putanmak*).

**بىچىندى** piqïndï پىچىۋاتقاندەك كورۇندى. ئەر ئۆزىڭا ئات بىچىندى *ər øziŋə ət piqïndï* — ئادەم ئوزىگە گوش پىچىۋاتقاندەك كورۇندى. بۇ ئىشنى يالغۇز قىلىۋالسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (بىچىنۇر - بىچىنماق *piqïnur* - *piqïnmak*).

**بۈرۈندى** büründi پۈركەندى. ئوراغۇت يىغرقان بۈرۈندى *uraɣut*—

ئايال يوتقان پۈركەندى. باشقا *yooqurkan büründi*
نەرسە پۈركەنسىمۇ شۇنداق دىيىلىدۇ (بۈرنۈر ـ بۈرنماك
*bürünür* ـ *bürünmək*).

**بَرِنْدى** barïndi يۈردى، كەتتى. اُراغْتِنْ قانْ بَرِنْدِي *ura-qutlin kan barïndi* ئايالدىن قان (خۇن) كەتتى،
تومۇردىن خۇن يۈرۈشتى، بۇ ھىيىز قىنى كىلىدىغان
تومۇردۇر (بَرِنُورْ ـ بَرِنْماقْ *barïnur* ـ *barïnmak*).

**بَرِنْدى** barïndi بىر نۆۋاتقاندەك كورۈندى، كېتىپ بارغاندەك
كورۈندى. أَرْ أَفْكا بَرِنْدى *ər əvgə barïndi* — ئادەم
ئۆيگە كېتىپ بارغاندەك كورۈندى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق
(بَرِنُورْ ـ بَرِنْماقْ *barïnur* ـ *barïnmak*).

پېئىللارنىڭ بۇ قىسمى ئەرەپچىدىكى «تَفاعُلْ» مەنە-
سىنى ئىپادىلەيدۇ، يەنى ئەمىلىيەتتە بىر ئىشنى ئىشلە-
مەيدىغان بولسىمۇ ئىشلەۋاتقاندەك، ئىشلەيدىغاندەك كورۇ-
نۈشنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: «تَصامَّ الرَّجُلُ — ئادەم گاس
بولۇۋالدى، ئۆزىنى گاس قىلىپ كورسەتتى»، «تَماوَتَ —
ئۆزىنى ئۆلگەن قىلىپ كورسەتتى» دىگەنگە ئوخشاشلار.

**بَزَنْدى** bəzəndi بېزەندى ~ بېزەلدى، ياساندى. اُراغُتْ
بَزَنْدى *uraqut bəzəndi* — ئايال بېزەندى، ياساندى.

ئىشنىڭ ئاخىرىنى ئويلىغىن (بَقِنُورْ - بَقِنْماق - bakinur - bakinmak).

بقندى bukundi پۈكۈۋالدى، يىغىۋالدى. آرْ آذاقِنْ بقندى — ئادەم ئايىغىنى يىغىۋالدى ər azakin bukundi (بقنور - بقنماق bukunur - bukunmak).①

تَكِنْدى təgindi: چېگىلچىدە خاقانغا ياكى بەگكە بىر كىشىنىڭ كەلگەنلىكى خەۋەر بېرىلگەندە «اُلْ تَكِنْدى ol təgindi — ئۇ ھازىر بولدى، كورۇشۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى» دېيىلىدۇ. كەتسىمۇ «اُلْ تَكِنْدى ol təgindi» دېيىلىدۇ. ئوغۇزلار بۇ سۆزنى ياقتۇرمايدۇ (تَكِنُورْ - تَكِنْماكْ təginür - təginmək).

تُكُنْدى tügündi تۈگۈندى، تۈگۈۋالدى. اُلْ تُكُونْ تكوندى — ئۇ تۈگۈننى (ئۆزى) تۈگۈۋالدى ol tügün tügündi. تۈگۈن تۈگۈۋاتقاندەك كورۇنسىمۇ مۇشۇنداق

① يازما نۇسخىدا بۇ سۆزگە زە ئۇنىڭ كەلگۈسى زامان شەكلى بىلەن مەستەرىگە ھېچقانداق ھەرىكە قويۇلمىغان. سۆزنىڭ بىرىنچى ھەرپىدىمۇ چېكىت يوق. بىز بۇ پېئىلنىڭ يازما نۇسخا 272 - بەتتىكى ئاددى دەرىجىسى ۋە 334 - بەتتىكى مەجھۇل دەرىجىسىگە قاراپ، «bukundi» دەپ ئالدۇق

دېيىلىدۇ (تۈگۈنۈر ـ تۈگۈنمەك tügünür - tügünmək).

بۇلۇندى bulundï تېپىلدى. يىتۈك بۇلۇندى yitük[1] bulundï — يوقالغان نەرسە تېپىلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (بۇلۇنۇر ـ بۇلۇنماق bulunur - bulunmak).

بىلىندى bilindi بىلىندى، چۈشىنىلدى. ئەر ئىشىن بىلىندى ər ïxïn bilindi — ئادەم ئىشىنى بىلىندى (بىلىنۈر ـ بىلىنمەك bilinür - bilinmək). ئەر يازۇقىن بىلىندى ər yazukïn bilindi — ئادەم گۇناھىنى بىلىندى، يەنى گۇناھىنى ئېتىراپ قىلدى.

تۇتۇندى tutundï تۇتۇلدى، تۇتۇۋالدى؛ تۇتاشتى. كۈن تۇتۇندى kün tutundï — كۈن تۇتۇلدى. ئاي تۇتۇندى ay tutundï — ئاي تۇتۇلدى. بەگ مەنى ئوغۇل تۇتۇندى bəg məni oqul tutundï — بەگ مېنى ئوغۇل تۇتۇۋالدى، ئوغۇل قىلىۋالدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. ئەر كەيىك تۇتۇندى ər kəyik tutundï — ئادەم (يالغۇز

[1] يازما نۇسخىدا بۇ سۆزنىڭ ئىملاسى ئېنىق ئەمەس، ئاستى ۋە ئۈستىدە بىرقانچە چېكىت ۋە كەسرە بەلگىلىرى قويۇلغان. بىز ئەرەبچە مەنىسىگە ئاساسەن، «يىتۈك yitük» دەپ ئالدۇق.

ئۆزى) كېيىك تۇتۇۋالدى. ھەرقانداق نەرسە ئۆزى يالـ
غۇز بىر نەرسىنى تۇتۇۋالسىمۇ مۇشۇنداق دېيىلىدۇ.
اوت تتندى *ot tutundi* — ئوت تۇتاشتى (تتنور- تتنماق *tutunur - tutunmak*). شېردا مۇنداق كەلگەن:

اذك اتى تتونب
ابكا يرك قغرلور

*üzik oti tutunup*
*əpkə yürək koqrulur*

[ئىشق ئوتى تۇتىشىپ،
ئۆپكە - يۈرەك قورۇلار (كويەر).]

مۇھەببەتنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دەيدۇ: ئىشـق ئوتى تۇتىشىش بىلەن يۈرەك ۋە ئۆپكە ھەم ئۇنىڭ ئوپـ
چورىسى كويۇپ قورۇلدى.

ال اقرتا تتندى *ol avurta tutundi* — ئۇ ئىنىگانا تۇتۇندى (تۇتتى)، ال منى اتكجى تتندى *ol məni ətükqi tutundi* ئۇ مېنى خانغا ئۇتۇنۇش قىلغۇچى (ئۇتۇنگۇچى) تۇتۇۋالدى، ئارىچى قىلدى. بۇنىڭ مەنىسى

يۇقۇرقىدەك①.

تِتِنْدِى titindi تىكىلدى، تىمىك قارىدى. اُلْ اَنَكَرْ تِتِنْدِى — ol aŋar titindi — ئۇ ئۇنىڭغا تىكىلدى، ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: اَنِكْ يُوزِنِكا تِتِنُو بَقْسا بُلْماس — aniŋ yüziŋə titinü baksa bolmas ئۇنىڭ يۈزىگە تىكىلىپ قارىسا بولماس، يەنى ئۇنىڭ گۈزەللىكىدىن يۈزىگە تىكىلىپ قارىغىلى بولمايدۇ (تِتِنُورْ ـ تِتِنْماكْ titinür - titinmək).

تُدُنْدِى todundi تويۇندى. اَرْ تُدُنْدِى — ər todundi ئادەم تويۇندى، تويغاندەك كۆرۈندى. تويسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (تُدُنُورْ ـ تُدُنْماقْ todunur - todunmak).

تِذِنْدِى tizindi تىنىندى، چەكلەندى. اَرْ اِيشْتِنْ تِذِنْدِى — ər ixtin tizindi ئادەم ئىشتىن تىنىندى (تِذِنُورْ ـ تِذِنْماقْ tizinur - tizinmak).

① يازما نۇسخىدا بۇ يەردىكى «ئوت تۇتاشتى» مەنىسىدىكى مىسال «اُوتْ تُتَنْدِى ot tutandi» شەكلىدە، كەلگۈسى زامان ۋە مەستەرى «تُتَنُورْ ـ تُتَنْماقْ tutanur - tutanmak» شەكلىدە بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن كېيىنكى شېئىردا بۇ سۆز «تُتُونُبْ tutunup» شەكلىدە كەلگەن، بىز كېيىنكىسىنى ئاساس قىلىپ ترانسكرىپسىيە بەردۇق.

تَرَنْدی tarandi تاراندی، تاردی. اُلْ سَچِنْ تَرَنْدی *ol* —
*saqïn tarandï* ئۇ تاراندی، ئۇ (باشقىلارنىڭ ياردە-
مىسىز) چېچىنى تاردى (تَرانُرْ-تَرَنْماقْ - *taranur*
*taranmak*).

تَرِنْدی tarïndi تېرىتۆالدى، تېرىيدىغانىدەك كورۇندى. اَرْ تَرِغْ
تَرِنْدی *ər tarïq tarïndï* — ئادەم ئاشلىق تېرىيدىد-
ىغانىدەك كورۇندى. يالغۇز ئۆزى تېرىتۆالسىمۇ شۇنداق
دېيىلىدۇ (تَرِنُورْ-تَرِنْماقْ *tarïnur-tarïnmak*).

تَرُنْدی tarundi سىقىلدى، تارلىق ھېس قىلدى، ئىچى پۇشتى.
اَرْ اِيشْتا بِشْتِي تَرُنْدی *ər ïxta puxtï tarundï* —
ئادەم ئىشتا سىقىلدى (تَرُنُورْ-تَرُنْماقْ - *tarunur*
*tarunmak*).

تُرُنْدی :turundi اُلْ مَنْكا اُتْرُو تُرُنْدی *ol maŋa utru* —
*turundï* ئۇ ماڭا ئۇتتۇرا تۇردى. ئۇددۇلىدا تۇرسا ۋە
تاقابىل كەلسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (تُرُونُرْ-تُرُنْماقْ
*turunur - turunmak*).

تُرُنْدی türündi تۈرۈۋالدى، تۈرتەكلەندى، تۈردى. اَرْ اُوزْ
بِيتِكِنْ تُرُنْدی *ər öz bitikin türündi* — ئادەم ئۆز

پۈتۈگىنى (خېتىنى) تۈرۈۋالدى (ترنور - ترنماك *türünür* - *türünmək*).

**تَرِنْدي** tirəndi تىرەندى، تىرەجىدى، ئۆزىنى تارتتى، داجەدى. ئَرْ اِيشْتِن تَرِنْدي *ər ixtin tirəndi* — ئادەم ئىشتىن ئۆزىنى تارتتى. ھەرقانداق نەرسىدىن ئۆزىنى تارتىسا ۋە تارتىنىسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. اُلْ تامقا تَرِنْدي *ol tamka tirəndi* — ئۇ تامغا تىرەندى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (تِرانُرْ - تَرِنْماكْ *tirənür* - *tirənmək*).

**تَرْنْدي** tərindi تېرىۋالدى، يىغىۋالدى. اُلْ اُوزِنكا يَمِشْ تَرِنْدي *ol ɵziŋə yəmix tərindi* — ئۇ ئۆزىگە يېمىش (مېۋە) تېرىۋالدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (تِرِنُرْ - تِرِنْماكْ *tərinür* - *tərinmək*).

**تُرْنْدي** turundi ئورۇقلىدى، جۇدىدى. اَتْ تُرْنْدي *at turundi* — ئات ئورۇقلىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (ترنور - ترنماق *turunur* - *turunmak*).

**تُرْنْدي** turundi تۈرۈۋالدى، توختىۋالدى. اَرْ اِيشتا تُرْنْدي *ər ixta turundi* — ئادەم ئىشتا تۈرۈۋالدى (ترنور - ترنماق *turunur* - *turunmak*).

تَزِنْدِى tәzindi تېزىپ كېتىدىغاندەك كورۈندى. اُلْ تَزِنْدِى ol tәzindi — ئۇ تېزىپ كېتىدىغاندەك كورۈندى (تَزِنُرْ - تَزِنْماك tәzinür - tәzinmәk).

تِزِنْدِى tizindi تىزدى، تىزىۋالدى. اُراغُتْ يِنْجُوسِنْ تِزِنْدِى uraqut yinqüsin tizindi — خوتۇن ئۈنچىسىنى تىزىۋالدى (تِزِنُرْ - تِزِنْماك tizinür - tizinmәk).

تُشَنْدى tuxandi چۈشەلدى ~ چۈشالدى، كالۋۇلاشتى. اَرْ آذاقى تُشَنْدى әr azaki tuxandi — ئادەمنىڭ ئايىغى كالۋۇلاشتى، يەنى ئادەمنىڭ ئاياقلىرى قورقۇنچتىن بىر-بىرىگە چوە شتى. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: اَرْسْلَنْ كُكْرَسا اَتْ آذاقى تُشالِرْ arslan kөkrәsә at azaki tuxa'ir — ئارسلان ھوكۇرسە ئات ئايىغى كالۋۇلىشىدۇ (چۈشىلىپ قالىدۇ). بۇ ماقال ئۆزىدىن كۈچلۈككە تاقابىل تۇرماقچى بولغان ئاجىزنىڭ كۈچلۈك يېقىنلاشقاندا، ئۇنىڭ ھەيۋىسىدىن ئاياقلىرىنىڭ تىترىشىگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ (تُشانُرْ - تُشَنْماق tuxanur - tuxanmak).

تُشَنْدى tөxәndi توشەك ~ چۈشەك سېلىۋالدى. اُلْ اُوزِنْكا تُشاكْ تُشَنْدى ol өziŋә tөxәk tөxәndi — ئۇ ئۆزىگە

توشەك سىلىڭالدى (تشانر - تشنماك *təxənür - təxənmək*).

**تقندى** təvindi ئۈۋىلدى. آر الكن اقندى تقندى *ər əlikin uvundi təvindi* ئادەم قولىنى ئۈۋۈلاپ كەتتى، ئادەم قايغۇرغىنىدىن ياكى ئۈياتقىنىدىن قولىنى ئۈۋىلدى (تقنور - تقنماك *təvinür - təvinmək*).

**تقندى** tokindi توقۇندى، سوقۇلدى، ئۈرۈلدى. آر تامقا تقندى *ər tamka tokindi* — ئادەم تامغا سوقۇلدى. آر تقندى *ər tokindi* — ئادەم بىر نەرسىگە ئۈرۈلۈپ كەتتى. ئوغۇزچە. قلج تقندى *kiliq tokindi* — قىلىچ سوقۇلدى (تقنور - تقنماق *tokinur - tokinmak*).[1]

**تقندى** tokundi سويۇۋالدى. تقم تقندى *tokum tokundi* — سوقۇم سويۇۋالدى، ئۇ ئۆزىگە سوقۇم سويۇۋالدى (تقنور - تقنماق *tokunur - tokunmak*).

**تقندى** tikindi تىقىۋالدى، چىگداپ تىقىۋالدى. آر يونڭ تغارقا تقندى *ər yuŋ taqarka tikindi* — ئادەم يۇڭنى

① يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلنىڭ كەلگۈسى زامان ۋە مەستەر شەكلى بېرىلمىگەن. بىز قوشۇپ قويدۇق.

تاغارغا چىگداپ تقۋالدى. آش تقندى *ax tikindi* —
ئاشنى چىگقاپ يىدى. بۇ سوز بىرسىگە غەزەپلەنگەندە
ئىيتىلىدۇ (تقنۇر ـ تقنماق *tikinur – tikinmak*).

تلندى tәlindi تىشلدى، ئىچىلدى. تام تلندى *tam* —
*tәlindi* تام تىشلدى (تلنر ـ تلنماك *tәlinür – tәlinmәk*).
شىېردا مۇنداق كەلگەن:

كُجندى بلاكم
يغودى تيلاكم
تلندى بليكم
تكرب انكر جرتلور

*küqәndi bilәkim*
*yaqudi tilәkim*
*tәlindi bilikim*
*tәgrüp aŋar qәrtilür*

[بىلىكىم كۈچەندى،
تىلىكىم يېقىنلاشتى،

بىلىمى بۇلۇڭى ئېچىلدى،
ئۇنىڭغا يېتىپ يوقۇلىدۇ.]

بىلىگىم كۈچەندى، ئىلىم - ھېكمەت ھەققىدە ئۇرغۇن نەرسىلەر يازغىنىم ئۇچۈن ئۇ زورۇقتى؛ ئەمدى ئىلىم - ھېكمەتنىكى مۇرادىم يېقىنلاشتى، كۆكسۈمدە ئىلىم - ھېكمەت بۇلاقلىرى ئېچىلدى، زامان مېنى مۇشۇ يەرگە يەتكۈزگىنىدە، ئۆمرۈممۇ ئاخىرلىشىۋاتىدۇ①.

**تِلِنْدِي** tilindi تىلىندى. تَرِي تِلِنْدِي *təri tilindi* — تېرە تىلىندى، يەنى تېرە ئۆزۈلۈنۈپ قېيىشتەك تىلىندى (تِلِنُورْ - تِلِنْمَاكْ *tilinür - tilinmək*).

**تَمِنْدِي** tamïndi تېمىتىۋالدى. اُلْ اُوزِنْكَا يَاغْ تَمِنْدِي *ol — ɵziŋə yaq tamïndi* ئۇ ئۆزىگە ياغ تېمىتىۋالدى (تَمِنُورْ - تَمِنْمَاقْ *tamïnur - tamïnmak*).

**قَبِنْدِي** qapïndi چاۋدى ~ ساۋدى، قامچىلىدى. اَرْ اَتِنْ

---

① بۇ شېئىرنىڭ ئەرەبچىسىدە بېيىتىم ئاتالاينىڭ ئىزاھىچە «مەعْصِي — بىلەك» سۆزىدىن كېيىنكى «نَظْلِمَ — زورۇقتى، زۇلۇم قىلىندى» دېگەن سۆز «نظلم» شەكلىدە خاتا كۆچۈرۈلۈپ قالغان. بىز «نَظُلِمَ»نى توغرا تېپىپ، شۇ بويىچە تەرجىمە قىلدۇق.

قايغى دۇپىۇرلىدى. اغلان تگرشدى oqlan tigrəxdi —
بالا ئوسۇپ يېتىلدى، چوك بولدى (تگرشور - تگرشماك
tigrəxür - tigrəxmək).

جقرشتى qïkraxtï غىچىرلىدى ~ غۇچۇرلىدى. تيش جقرشتى tïx qïkraxtï — چىش غىچىرلىدى. ھەرقانداق نەرسە غىچ - غىچ قىلىۋەرسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (جقرشور - جقرشماق qïkraxur - qïkraxmak).

جركشتى qərkəxti سەپ تارتىشتى. اكى سو جركشتى ikki sü qərkəxti — ئىككى قوشۇن سەپ تارتىشتى. شېھردا مۇنداق كەلگەن:

كلسا ابنك تركنم
ايتلگمت تركنم
ترلمغى تركنم
امدي جرك جركشور

*kəlsə abaŋ tərkənim*
*ətilgəmət tərkünüm*

جَبِنْدی *ər atïn qapïndï* — ئادەم ئېتىنى قامچىلىدى.

آرْ سُفْدا جَبْدی *ər suvda qapdï* — ئادەم سۇدا

(چاۋاپ) ئۈزدى. بۇنىڭ «جَبِنْدی *qapïndï*» شەكلىمۇ بار

(جَبِنُورْ - جَبِنْماقْ *qapïnur - qapïnmak*).

جَقِنْدی qakïndï چاقىدىغاندەك كۆرۈندى. آرْ اُزِنْكا جَقْماقْ

جَقِنْدی *ər ozïŋə qakmak qakïndï* — ئادەم ئۆزى

ئۈچۈن چاقماق چاقىدىغاندەك كۆرۈندى (جَقِنُورْ - جَقِنْماقْ

*qakïnur - qakïnmak*).

جَكِنْدی qəkindi چېكىۋالدى، چېكىت قويۇۋالدى. آرْ بِتِكْ

كا جَكِكْ جَكِنْدی *ər bitikkə qəkik qəkindi* —

ئادەم خەتكە چېكىت قويۇۋالدى (جَكِنُورْ - جَكِنْماكْ

*qəkinür - qəkinmək*).

جَكِنْدی qəgindi چىگىۋالدى. اُلْ يُوكُنْ جَكِنْدی *ol yükün* —

*qəgindi* ئۇ يۈكىنى چىگىۋالدى (جَكِنُورْ - جَكِنْماكْ

*qəginür - qəginmək*).

جَلِنْدی qalïndï چېلىندى، ئاڭلاندى؛ ئورۇلدى، چالدى

(يىقىلدى)• آتْ جَلِنْدى — *at qalïndi* (ئوت - بوغۇز-
قىلىق ئاچارلىغىدىن) ئات ئورۇۋقلىدى• سُوزْ بَكْ قُلاقِنكا
جَلِنْدى *qalïndi kulakïŋa bəg səz* — سوز بەگنىڭ
قۇلىغىغا چىلىندى، ئاڭلاندى• باشقىلاردىمۇ شۇنداق• ئو-
غۇزچە• آرْ اوزِنْ يِيرْكا جَلِنْدى *ər əzin yərgə qalïndi* —
ئادەم ئۆزىنى يەرگە چالدى، تاشلىدى (يىقىلدى) ياكى يىقىل-
غاندەك كورۇندى (جَلِنُورْ - جَلِنْماقْ *qalïnur - qalïnmak*)•

**جِلَنْدى** qïlandi نەملەندى• جِلَنْدى نَانِكْ *qïlandi nəŋ* —
نەرسە نەملەندى• بۇنىڭ ئەسلى «جيلَنْدى *qïlandi*»
دۇر (جيلَنُورْ - جيلَنْماقْ *qïlanur - qïlanmak*)• آتْ
جِلَنْدى — *at qïlandi* ئات تەرلىدى (تەرگە چىلاندى)•

**سَپِنْدى** sapïndi سىپىۋالدى، ئوتكۈزۈۋالدى• اِشْلارْ يِكْنا سَپِنْدى
*ixlər yignə sapïndi* — خوتۇن يىڭنىگە يىپ
سىپىۋالغاندەك كورۇندى، ئەمەلىيەتتە بۇ ئىشنى ئۆزى
قىلمىغان بولسىمۇ قىلغاندەك كورۇندى (سَپِنُورْ - سَپِنْماقْ
*sapïnur - sapïnmak*)•

**سَتِنْدى** satïndi ساتىدىغاندەك كورۇندى• آرْ آتِنْ سَتِنْدى

ساتىنىۋالىدەك ئېتىنى ئادەم — *ər atin satindi*
كورۇندى(سَتنۇر - سَتنماق *satinmak* - *satinur*).

**سَجِنْدى** **saqindi** چېچىۋالدى. آرْ اُوزِنكا سُوْ سَجِندى
ئادەم ئۆزىگە سۇ چېچىۋالدى — *ər əzinə suv saqindi*
(سجِنُور - سَجِنْماق *saqinmak* - *saqinur*).

**سُجِنْدى** **süqündi** تەمىنى تېتىدى، مەززە قىلدى. آرْ سُوزْكا
سُجِنْدى ئادەم سۆزگە مەززە — *ər səzgə süqündi*
قىلدى، سۆزگە بېرىلىپ كېتىپ، ئۆزىنىڭ ئىشىدا چولىسى
تەگمىدى (سُجِنُور - سُجِنْماك *süqinmək* - *süqinür*).

سُوزْكا سُجِنْسا بِلِن بَرِيرْ *bulun süqinsə səzgə* —
*barir* سۆزگە مەززە قىلسا، تۇتقۇن بولۇر. سۆزنىڭ
تاتقىدا مەززە قىلغان تۇتقۇن بولىدۇ. بۇنىڭ بىر ھىكا-
يىسى بار. بۇ ماقال سۆزگە قىزىقىپ ئىشنى تاشلىۋېتە-
دىغان كىشىگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

**سَرِنْدى** **sarindi** يوگەندى، پۈركەندى؛ ئورالدى. آرْ سُفْلُقِن
سَرِنْدى ئادەم سەللىسىنى — *ər suvlikin sarindi*
يوگىدى. اُراغُتْ بُرُنْجُكْ سَرِنْدى *uraqut bürünqük*—
*sarindi* خوتۇن پۈركەنچىسىنى پۈركەندى (سَرِنُورْ -

سَرِنْماق *sarīnur - sarīnmak*). بىر كىم ھەرقانداق بىر
نەرسىنى پۇركىنىۋالسا ياكى كىيىۋالسا، يوگىنىۋالسىمۇ
شۇنداق دېيىلىدۇ.

**سَرِنْدى** sarīndi بېرىلدى، قېتىقىنىپ كىرىشتى، يېپىشتى.

ئَرْ ئىشقا سَرِنْدى *ər ixka sarīndi* — ئادەم ئىشقا
قېتىقىنىپ كىرىشتى، يېپىشتى، يەنى ئادەم ئۆزىنى
تىللىگەن، ئىرادە قىلغان ئىشنى تېپىۋالغان قىلىپ
كورسەتتى (سَرِنُورْ - سَرِنْماقْ *sarīnur - sarīnmak*).

**سۈرۈندى** süründi سۈرۈندى، سۈركەندى؛ قاشلىدى.

كىشى ئۆز يېنىن سۈرۈندى *kixi øz yənin süründi* —
كىشى ئۆز ئەت - يېنىنى قاشلىدى (سۈرۈنور - سۈرۈنماك
*sürünür - sürünmək*). قاتتىق بىر نەرسە سۈركىلىپ،
ئېزىلىسىمۇ ياكى ئۆپرىسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

**سۈزۈندى** süzündi سۈزۈلدۈرىدىغاندەك كورۈندى. ئَرْ ئۆزىنگا
سۇۋْ سۈزۈندى *ər øziŋə suv süzündi* — ئادەم ئۆ-
زىگە سۇ سۈزۈلدۈرىدىغاندەك كورۈندى (سۈزۈنور - سۈزۈنماك
*süzünür - süzünmək*).

**سِيزِنْدى** səzindi سەزدى، گۇمانلاندى، گۇمان قىلدى.

اُلْ آنكار سيزِكْ سيزِنْدِى — ol aŋar səzik səzindi

ئۇ ئۇنىڭغا گۇمان قىلدى (سيزنور - سيزنماك - səzinür - səzinmək).

سَسِنْدى səsindi ئىنتىلدى. آرْ قُلِنْ اُرْغالى سَسِنْدى — ər kulïn urqali səsindi ئادەم قولىنى ئۇرغىلى ئىنتىلدى، دىۋەيلىدى. ئات باغلاقتىن بوشىنىپ كېتەي دېسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (سَسِنُور - سَسِنْماكْ səsinür - səsinmək).

سُسُنْدى süsündi ئۈسىدىغاندەك كۆرۈندى. آرْ باشِنْ تامْقا سُسُنْدى — ər baxïn tamka süsündi ئادەم بېشىنى تامغا ئۈسىدىغاندەك كۆرۈندى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (سُسُنُور - سُسُنْماكْ süsünür - süsünmək).

سَغِنْدى saqïndi ساغىدىغاندەك كۆرۈندى. آرْ قُويِنْ سَغِنْدى — ər koyïn saqïndi ئادەم قويىنى ساغىدىغاندەك كۆرۈندى (سَغِنُور - سَغِنْماقْ saqïnur - saqïnmak).

سُغُنْدى soqundi سوقتۇندى، توگدى. آرْ سُغُنْدى — ər soqundi ئادەم سىقتۇندى، توگدى (سُغُنُور - سُغُنْماقْ soqunur - soqunmak).

سُغُنْدى suqundi سۇغۇندى، سۇ سالدى. آرْ سُغُنْدى — ər

ər suqundi — ئادەم سۇغۇندى (سۇ سالدى)، يەنى سۇيدۇك ۋە شۇنىڭدەك نەرسىلەردىن بوشاندى (سغنور - سغنماق suqunur - suqunmak).

سِغِنْدى siqindi سىغىندى، كىرىۋالدى. كَيِكْ تُرْغْقا سِغِنْدى kəyik turaqka siqindi — كېيىك تۇراقىقا (پاناجايغا) كىرىۋالدى. باشقا بىرەر جايغا كىرىۋالغان ھەرقانداق نەرسە ئۈچۈنمۇ مۇشۇنداق دېيىلىدۇ. مَنْ تَنْكْرِيكا سِغِنُورمَنْ mən tənrigə siqinurmən — مەن تەڭرىگە سىغىنىمەن (سِغِنُورْ - سِغِنْماقْ siqinur - siqinmak).

سَفْنْدى səvündi سۆيۈندى. اَرْ سَفْنْدى ər səvündi — ئادەم سۆيۈندى (سَفْنُورْ - سَفْنْماكْ səvünür - səvünmək). شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

سَفْنْمَكِلْ يُنْدْ اُكُرْ اَذْغِرْ اَتِنْ
اَلْتُنْ كُمُشْ بُلْنَبَنْ اَغِي تَفَارْ

*səvünməgil yund ügür azqir atan*[1]
*altun kümüx bulnapan aqi tavar*

① بۇ سۆز يازما نۇسخىدا «اَتِنْ» شەكلىدە يېزىلغان. بروككېلمان بۇ سۆزنى «atan» دەپ ئوقۇغان. بىسىم ئاتالاي

[ئۇيۇر يىلقا، ئايغىر - ئاتان بىلەن سويۇنمىگەن،
ئالتۇن، كۇمۇش، ئىپەك ماللارنى تاپساڭمۇ.]

ئۇيۇر يىلقا، ئايغىر ۋە ئاتان توگىلەر بىلەن، (شۇنىڭدەك) ئالتۇن، كۇمۇش، يىپەك ماللارغا ئىگە بولۇش بىلەن سويۇنۇپ كەتمە، ئۇلارنى ئوزەڭ ئۇچۇن خەيرلىك ئىشلارغا ئىشلەتكىن.

سَغِنْدى saoqindi ئويلىدى، نىيەت قىلدى. اُلْ مَنكا اَذْكُو سَغِنْدى *ol maŋa əzgü saoqïndi* — ئۇ ماڭا ياخشىلىق قىلىشنى ئويلىدى، مەن ئۇچۇن ياخشى نىيەتتە بولدى. سوز بىلەن ياردەم قىلسىمۇ شۇنداق دىيىلىدۇ (سَغِنُور - سَغِنْماق *saoqïnur - saoqïnmak*).

سَقِنْدى sakindi ساقلاندى، ئېھتىيات قىلدى. اُلْ مِنْدِن سَقِنْدى *ol məndin sakïndi* — ئۇ مەندىن ساقلاندى، يەنى ئېھتىيات قىلدى، بۇ يەردىكى «ق - *k*» ھەرپى ئالدىنقى سوزدىكىدىن قاتتىقراقتۇر (سَقِنُور - سَقِنْماق *sakïnur - sakïnmak*).

سُقِنْدى sukundi سۇ قۇيۇلدى، يۇيۇندى، يۇدى. اُرا غُتْ

«*atan*» (ئۇنىڭ بىلەن) دەپ ئوقۇغان. بىز «*anïn*» دەپ ئوقۇشنى مۇۋاپىق تاپتۇق.

بَشِن سُقُنْدی *uraqut baxin sukundi* — خوتۇن بېشىنى يۆگىدى. ئۈچ تىلىدا (سُقُنُور ـ سُقُنْماق *sukunur* ـ *sukunmak*)①.

سُكُنْدی sөkündi يۆكۈندى، چوكتى، تىزلاندى. اَرْ بَكْكا سُكُنْدی *ər bəgkə sөkündi* — ئادەم بەگكە يۆكۈندى.

سُكُنْدی sөkündi سوكۇۋاتقاندەك كۆرۈندى. اُلْ تونِنْ سُكُنْدی *ol tonïn sөkündi* — ئۇ تونىنى سوكۇۋاتقاندەك كۆرۈندى (سُكُنُور ـ سُكُنْماك *sөkünür* ـ *sөkünmək*).

سَالِنْدی salïndi سېلىندى، ساڭگىلىدى. يِنْجُو قُلاقِنْ سَلِنْدی *yinqü kulakïn salïndi* — ئۈنچە قۇلاقتىن ساڭگىلىدى. ھەرقانداق نەرسە ساڭگىلىسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (سَلِنُور ـ سَلِنْماق *salïnur* ـ *salïnmak*).

قَبِنْدی kapïndi بۇلاۋاتقاندەك كۆرۈندى؛ داردى. اَرْ تَڤارْ قَبِنْدی *ər tavar kapïndi* — ئادەم تاۋار (مال) بۇلاۋاتقاندەك كۆرۈندى (قَبِنُور ـ قَبِنْماق *kapïnur* ـ

① يازما نۇسخىدا بۇ سۆزنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ھەرپلىرى ھەم زەممىلىك، ھەم كەسرىلىك قىلىپ ھەرىكىلەنگەن. بىز زەممىلىك شەكلىنى ئاساس قىلدۇق.

kapïnmak). اغلان يل قپندى — oqlan yəl kaïpndï

بالىغا يەل داردى.

قتندى katïndi قېتىۋاتقاندەك كورۈندى. ال تلقانقا ياغ

قتندى — ol talkanka yaq katïndï ئۇ تالقانغا ياغ

قېتىۋاتقاندەك كورۈندى (قتنور - قتنماق - katïnur

.(katïnmak

قتندى kutandï قۇتاندى، بەختلىك بولدى. قتندى نانك

— kutandï nəŋ نەرسە قۇتاندى، ئەرسە قۇتلۇق بولدى

(قتانر - قتنماق kutanmak - kutanur)①.

قجندى kaqïndi قېچىۋاتقاندەك كورۈندى. ال مندن قجندى

— ol məndin kaqïndï ئۇ مەندىن قېچىۋاتقاندەك

كورۈندى (قجنر - قجنماق kaqïnmak - kaqïnur).

قرندى korundï قورۇندى، ئېچىندى، قىيىندى. آر تقارنكا

① يازما نۇسخىدا بۇ پېتىلنىڭ ئىككىنچى ھەرپىگە چېكىتمۇ، ھەرىكىمۇ قويۇلمىغان. بىز يازما نۇسخا 329 - بەتتىكى «قتلدى kutaldï»، يەنى «قت الدى kut aldï» سوزىنىڭ ئە-رەپچە ئىزاھىغا ئاساسەن، بۇ ئىككى سوزنىڭ يىلتىزىنى بىر ھېساپلاپ، «kutanmak - kutanur - kutandï» دەپ ئالدۇق.

قۆرندى ər tavarïŋa korundï — ئادەم مېلىغا قورۇندى

(قۆرىنور - قۆرنماق korïnur - korïnmak).

قۆرندى kurundï قۇرۇندى، ئۆزىنى قۇرۇتۇۋالدى. ئار قۆرندى — ər kurundï ئادەم (يۇيۇنغاندىن كېيىن) قۇرۇندى (قۆرنور - قۆرنماق kurïnur - kurïnmak).

قِرندى kïrïndï قىرىۋاتقاندەك كورۇندى. ال نانكنى قِرندى — ol nəŋni kïrïndï ئۇ بىر نەرسىنى قىرىۋاتقاندەك كورۇندى (قِرنور - قِرنماق kïrïnur - kïrïnmak).

قَزندى kazïndï قېزىۋالدى. ال اوزنكا قذغ قَزندى — ol ozïŋə kuzuq kazïndï ئۇ ئۆزىگە قۇدۇق قېزىۋالدى. قۇدۇق قېزىۋاتقاندەك كورۇنسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (قَزنور - قَزنماق kazïnur - kazïnmak).

قۆزندى kozandï بېزەندى، ياساندى، پەدەز قىلدى. اراغت بزندى قۆزندى — uraqut bəzəndi kozandï خوتۇن بېزەندى، ياساندى (قۆزانر - قۆزنماق kozanur - kozanmak).

قِسندى kïsïndï قىسىندى، قىزغاندى، بېخىللىق قىلدى.

آر تڤارن قسندى *ər tavarïn kïsïndi* — ئادەم مېلنى (چقم قلشتن) قسندى، بېخللق قلدى. سۈيدۈگى قستاپ كېتپ، قسۋالغان كشگمۇ شۇنداق دېيلدۇ (قسنور - قسنماق *kïsïnur - kïsïnmak*).

**قشندى** kaxandï سېيدى. اَت قشندى *at kaxandï* — ئات ۋە باشقا هايۋان سېيدى. لېكن بۇ سوز پەقەت ئاتقا خاستۇر (قشنور - قشنماق *kaxanur - kaxanmak*).

**قۇلندى** kolundï تېلەندى، سورالندى. آر نانك قۇلندى *ər nəŋ kolundï* — ئادەم بر نەرسە تېلەندى (قۇلنور - قۇلنماق *kolunur - kolunmak*).

**قلندى** kïlïndi: آر تگما قلنج قلندى *ər təgmə kïlïnq kïlïndi* — ئادەم كورگەنلا ئشنى قلۋەردى. بر كم هەددىدن ئاشماقچى بولساء ئۇنىڭغا «أُكُش قلنما — تولا هەددىڭدن ئاشما» — *ɵküx kïlïnma* دېيلدۇ (قلنور - قلنماق *kïlïnur - kïlïnmak*).

**گجندى** kəqündi كېچىۋاتقاندەك كورۈندى. آر سۇق گجندى *ər suv kəqündi* — ئادەم سۇ كېچىۋاتقاندەك

كورۇندى (كَجنُوْر ـ كَجنْماك kəqünür ـ kəqünmək).

كُجَنْدى küqəndi كۆچەندى؛ زورلۇق قىلدى. اَتْ كُجَنْدى — ئات كۆچەندى، (ئېغىر يۈك كوتەرگەندىلىكتىن) ئات كۆچىنىپ كەتتى. اُلْ اَنِكْ تَڤارِنْ كُجَنْدى — ئۇ ئۇنىڭ مېلىغا زورلۇق قىلدى. at küqəndi — ol aniŋ tavarin küqəndi بۇ پېئىل بىرىنچى مىسالدا ئوتتۇمسىز، ئىككىنچىسىدە ئوتتۇملۇكتۇر (كُجانُور ـ كُجَنْماك küqənür ـ küqənmək).

كِجِنْدى kiqindi قىچىشتى، يولدىن چىقتى. اُراغُتْ كِجِنْدى — uraǫut kiqindi خوتۇننىڭ قىچىغى تۇتتى، يولدىن چىقتى، بۇزۇلدى. «كِجِنْما kiqinmə — سۇركەنمە» دېگەن سوز مۇشۇنىڭدىن ئېلىنغان. بۇنىڭ ئەسلى «اَتْ كِجِنْدى — ət kiqindi بەدەن قىچىشتى» دۇر (كِجِنُورْ ـ كِجِنْماك kiqinür ـ kiqinmək).

كِرِنْدى kirindi كىردى، كىرىۋالغاندەك كورۇندى. اَرْ سُڤْدا كِرِنْدى — ər suvda kirindi ئادەم سۇغا كىردى (يۇيۇندى). اَرْ اَڤْكا كِرِنْدى — ər əvgə kirindi

ئادەم ئۆيگە كىرىۋاتقاندەك كورۇندى (كِرِنُور - كِرِنْماكْ kirinür - kirinmək).

**كُرُنْدِي kəründi** كورۇندى، ئۇچراشتى. اُلْ بَكْكا كُرُنْدِي ol bəgka kəründi — ئۇ بەگكە كورۇندى، بەگ بىلەن ئۇچراشتى. تاغْ كُرُنْدِي taq kəründi — تاغ كورۇندى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. ئۇزاقتىن قارا كورۇم كورۇنگەن ھەرقانداق نەرسىگە مۇشۇنداق دېيىلىدۇ (كُرُنُورْ - كُرُنْماكْ kərünür - kərünmək).

**كُزُنْدِي kəzündi** كورۇندى. كُزُنْدِي نانْكْ kəzündi nəŋ — نەرسە كورۇندى. ئارغۇچە.

بۇ يەردە شۇنداق بىر قائىدە باركى، بۇ سوز «كُوزْ — كوز» kəz سوزىدىن ئېلىنغان بولۇپ، ئارغۇلار بۇيرۇق شەكلى بىلەن ئوتكەن زامان شەكلىنى پەرقلەندۈرىدۇ. ئۇلار بۇيرۇق شەكلىدە «ر - r» بىلەن «كُرْ — كور» kər دەيدۇ، ئوتكەن زامان شەكلىدە «ز - z» بىلەن «كُزُنْدِي» kəzündi» دەيدۇ (كُزُنُرْ - كُزُنْماكْ kəzünür - kəzünmək).

**كَسِنْدِي kəsindi** كېسىۋالدى. اُلْ اُوزِنْكا اَتْ كَسِنْدِي ol əziŋə ət kəsindi — ئۇ ئوزىگە گوش كېسىۋالدى.

باشقىلاردىمۇ شۇنداق (كەسىنۇر - كەسىنماك - kəsinür
kəsinmək).

كۆشندى kɵxündi سايىدىدى، سايىگە ئالدى. ئەر كۈنگا كۆشندى — ər küngə kɵxündi ئادەم كۈندىن ئۆزىنى سايىگە ئالدى. شۇنىڭدەك، بىر كىمدىن ئۆزىنى دالدىغا ئالسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (كۆشىنۇر - كۆشىنماك kɵxinür - kɵxinmək).

كۈۋەندى küvəndi ماختاندى، پەخىرلەندى. ئول مەنىڭ بىرلا كۈۋەندى — ol məniŋ birlə küvəndi ئۇ مېنىڭ بىلەن ماختاندى (كۈۋەنۇر - كۈۋەنماك küvənür - küvənmək).

كۈلۈندى külündi بوشاشتى، ئېغىرلاشتى. ئەر ئەلىكى ئازاقى كۈلۈندى — ər əliki azaki külündi ئادەمنىڭ قول-ئايىغى بوشاشتى، يەنى ئادەمنىڭ قول-ئايىغى (ئىشتىن ياكى يۈرۈش-مېڭىشنىڭ كۆپلۈكىدىن خۇددى باغلاپ قويۇلغاندەك) ئېغىرلاشتى (كۈلۈنۇر - كۈلۈنماك - külünür külünmək).

كۆمۈندى kɵmündi كومۇۋاتقاندەك كورۇندى. ئەر تقارىن

كۆمۈندى ər tavarīn kəmündi — ئادەم مېلىنى كومۇۋاتقان-
دەك كورۈندى (كۆمنۈر - كۆمنمەك kəmünür - kəmünmək).
بۇ قىسىمدىكى پېئىللاردا بىرقانچە تۈرلۈك مەنىلەر
ئىپادىلىنىدۇ:
بىرىنچى، ئىشلىگۈچىنىڭ بىر ئىشنى باشقىلارنىڭ يار-
دىمىسىز ئۆزىلا ئىشلىگەنلىكى ئىپادىلىنىدۇ. بۇ تۈرنىڭ
ئاساسى ئىككى ھەرپلىك پېئىللاردۇر: «اَوْل اَڤْكا بَرِنْدى
ol əvgə barīndi — ئۇ ئۆيگە (بارمايدىغان بولسىمۇ)
بارىدىغاندەك كورۈندى»، «اَوْل اَشْ تَتِنْدى ol ax —
tatīndi ئۇ ئاش (تېتىمىغان بولسىمۇ) تېتىۋاتقان
بولۇپ كورۈندى». پېئىللارنىڭ بۇ تۈرى ئەرەب-
چىدىكى پېئىللارنىڭ «تَفاعُلْ təfaul» دەرىجىسىگە
توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن: «تَصامُ الرَّجُل — ئادەم
پاك بولمىسىمۇ، پاك بولۇپ كورۈندى»، «تَعاقَلْ — ئەقىل-
لىق بولمىسىمۇ، ئەقىللىق بولۇپ كورۈندى».
ئىككىنچى، ئىشلىگۈچىنىڭ بىر ئىشنى ئۆزى
ئۆگچىلا قىلغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: «اَرْ اَلِمْن
اَلِنْدى ar alīmin alīndi — ئادەم ئېلىشىنى ئۆزىلا
ئۆندۈرۈۋالدى»، «اَوْل تَرِغْ تَرِنْدى ol tarīq tarīndi —
ئۇ ئۆزى ئۆچۈن ئاشلىق تېرىۋالدى» دېگەنگە ئوخشاشلار.

ئەگەر پېئىل مۇشۇ مەنىدە قوللىنىلىدىغان بولسا، جۈملىدە «اُوزْ өz» سۆزى كەلتۈرۈلىدۇ. بۇ سۆز «اُوزِنكا өziŋə — ئۆزىگە» شەكلىدە كەلسە، «ئۆزى ئۈچۈن» دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «اُوزِي өzi — ئۆزى» شەكلىدە كەلسە، بىر ئىشنى «ئۆزى» قىلغانلىقنى بىلدۈرىدۇ. «اُوزِنكا өziŋə — ئۆزىگە» دىگەندىكى «نكا - ŋə» ئەرەبچىدە «ئۈچۈن» مەنىسىدە كەلگەن «ل - l»نىڭ رولىنى ئۆتەيدۇ. پېئىل، ئەمەلىيەتتە، ئىشلەنمەي تۇرۇپ ئىشلىنىۋاتقاندەك كۆرسىتىلسە، بۇ «اُوزْ өz» سۆزىنى دىمىسىمۇ بولىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ ئارى-سىدىكى پەرق شۇكى، ئىش-ھەركەت پۈتۈن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا ئورتاق. شۇڭا جۈملىدە بىر كىمنىڭ بىرەر ئىش-ھەركەتنى باشقىلارنىڭ ياردىمىسىز ئۆز ئالدىغا ئىشلەشكە كىرىشكەنلىكى ئېيتىلماقچى بولغاندا، «اُوزْ өz» سۆزى قوشۇلمىسا، سۆپەت تولۇق بولماي قالىدۇ، «اُوزْ өz» سۆزى قوشۇلۇش بىلەنلا سۆپەت تولۇق بولىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندىلا، ئىش-ھەركەت ئورتاقلىقتىن چىقىپ، ئىشلىگۈچىنىڭ بىر ئۆزىگىلا خاس بولغان بولى-دۇ. ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ «فاقتُلُوا اَنفُسَكُم — ئۆزەڭلارنى ئۆلتۈرۈڭلار» دىگەن ئايىتىدىكى «قتل — ئۆلتۈرمەك» ھەممە ئادەملەرگە ئورتاق ھەركەت بولۇپ، «اَنفُسَكُم —

ئۆزەگلارنى» دېيىلىش بىلەن بۇ ھەركەت مەلۇم ئادەمە-
لەرگىلا قارىتىلغان بولىدۇ. بۇ يەردە «نفس — ئۆز»
سۆزى ئېيتىلمىسا، سۈپەت تولۇق بولمىغان بولاتتى.

پېئىل «كورۇنۇش بېرىش» (يەنى قىلىۋاتقاندەك بولۇپ كورۇنۇش) مەنىسىدە كەلسە، ئوتۇمسىز بولىدۇ، ئۇنىڭدا ئورتاقلىق (ئوملۇك مەنىسى) بولمايدۇ. بۇ ھالدا «اُوزْ *öz*» سوزى ئېيتىلمىسىمۇ، ئوتۇمسىز پېئىل شۇ مەنىنى بېرىۋېرىدۇ ۋە سۈپەت تولۇق بولغان بولىدۇ. بۇ خۇددى ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ «كَلَّا اِنَّ الْاِنْسَانَ لَيَطْغَى اَنْ رَاٰهُ اسْتَغْنَى» دېگەن ئايىتىدىكىگە ئوخشايدۇ. بۇنىڭدا «نفس»نى قوشۇپ «اَنْ رَاٰى نَفْسَهُ اسْتَغْنَى» دېمىگەن. بۇ تۈركچە «ايشْقَا بَقِنْ *ixka bakin* — ئىشقا باق، ئىشىنىڭ ئاخىرىغا قارا»، «قُرِنْ *kurin* — قۇرۇن، يەنى (ئۆزەڭنى قۇرۇت)»، «سُفْقَا كِرِنْ *suvka kirin* — سۇغا كىر، يۇيۇن» دېگەندەلەرگە ئوخشايدۇ.

ئۈچىنچى، «ل - *l*» بىلەن «ن - *n*» ئوخشاش مەنىدە قوللىنىلىدۇ ۋە «ل - *l*» ئورنىغا «ن - *n*» كېلىدۇ. مەسىلەن: «بِتِكْ بِتِلْدِي *bitik bitlidi*» دېيىلسىمۇ بولىدۇ، «بِتِنْدِي *bitindi*» دېيىلسىمۇ بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى «كىتاب پۈتۈلدى، كىتاب يېزىلدى» دېگەن بولىدۇ. «ن - *n*» ھەرپى بۇ يەردە مەجھۇل

پېئىل بەلگىسى بولۇپ كەلگەن. بۇ خۇددى ئەرەبچىدە «رَجُلٌ شَثْنُ الْأَصَابِعِ وَ شَثْلُهَا» ۋە «كَبُلُ الدَّلْوِ كَبْنُه» دېيىلگىنىگە ئوخشاش.

تۇتۇنچى، ئۆز ئالدىغا بىر سۆز بولۇپ، يۇقۇرقى مەنىلەردىن ھېچبىرى بىلدۈرۈلمەستىن، سۆزنىڭ «ن - n» قوشۇلۇشتىن بۇرۇنقى شەكلى قانداق مەنىدە بولسا، شۇ مەنە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: «تَنْكْرِيكا تَبِنْدِي — təŋriga tapïndï تەڭرىگە تېۋىندى، خۇداغا ئىبادەت قىلدى»، «تَنْكْرِيكا سِغِنْدِمْ — təŋriga sïqïndïm — تەڭرىگە سىغىندىم» دېگەنگە ئوخشاشلار. بۇ مەنىلەر ھەرپى ئىللەتلىك سۆزلەر، غۇننىلىك سۆزلەر ۋە بۇلاردىن باشقا تۈپ ۋە ياسالما سۆزلەرنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇنداق بولىدۇ.

قائىدە: ئۈچ ھەرپلىك پېئىللارنىڭ كەلگۈسى زامان شەكلى ئىككى قىسمغا بۆلۈنىدۇ.

بىرىنچىسى: ئوتتۇرىسى ساكىنلىق كېلىدىغانلار. مەسىلەن: «اُلْ تُونْ كَذْرْدي — ol ton kəżürdi — ئۇ تون كىيدۈردى» دېگەن جۈملىدىكى «كَذْرْدي «kəżürdi» پېئىلنىڭ كەلگۈسى زامان شەكلى بولغان «كَذْرُرْ — kəżrür — كىيدۈرىدۇ» غا ئوخشاش. بۇ يەردە «ذ - ż» ھەرپى ئۆتكەن زاماندا ھەرىكىلىك، كەلگۈسى

زاماندا ساكىنلىق كەلگەن. «تَنْكْرِيكا تَبِنْدِي təŋriga tapïndï — تەڭرىگە تېۋىندى، خۇداغا ئىبادەت قىلدى» دىگەن جۈملىدىكى «تَبِنْدِي tapïndï» پېئىلىدىن ئىلىنغان «تَبْنُورْ tapnur — تېۋىنىدۇ، ئىبادەت قىلىدۇ» دىگەن سۆزمۇ شۇنداق. بۇنىڭدا «ب - p» ھەرپى ئۆتكەن زاماندا ھەرىكىلىك، كەلگۈسى زاماندا ساكىنلىق كەلگەن[①].

ئىككىنچىسى: ئۆتكەن زامان شەكلىدە ۋە كەلگۈسى زامان شەكلىدە ئوتتۇرىسى ھەرىكىلىك كېلىدىغانلار. مەسىلەن: «اَتْ قُلاقْ تُفُرْدِي at kulak tuvurdï — ئات قۇلىقىنى دىڭگايتتى، قۇلىقىنى دىك تۇتتى» دىگەن جۈملىدىكى «تُفُرْدِي tuvurdï» پېئىلىنىڭ كەلگۈسى زامانى «تَفِرارْ[②] tuvïrar — دىڭگايتىدۇ» بولىدۇ،

---

① يازما نۇسخىدا بۇ ئىككى پېئىلنىڭ ئوتتۇرا ھەرپى كەلگۈسى زامان شەكلىدە ھەرىكىلىك بېرىلگەن. بىز ئاپتور بەرگەن قائىدىنى ئاساس قىلىپ، بۇ ئىككى پېئىلنىڭ ئوتتۇرا ھەرپىنى كەلگۈسى زامان شەكلىدە ساكىنلىق، يەنى «tapnur ‹kəżrür» قىلىپ ئالدۇق.

② يازما نۇسخىدا بۇ سۆز «تَفِرارْ» شەكلىدە يېزىلغان بولسىمۇ، بىز بۇ سۆزنىڭ يازما نۇسخا 306 - بەتتە «تُفِيرارْ» شەكلىدە كەلگىنىنى نەزەردە تۇتۇپ، «tuvïrar» دەپ ئالدۇق.

يەنى يۇمشاق «ڤ - v» ھەرپى ئۆتكەن زامان ۋە كەل-
گۈسى زامان شەكلىدە ھەرىكىلىك كەلگەن①. يەنە
«تەڭرى مەنى كۆذەردى *təŋri məni kөżərdi* — خۇدا
مېنى ساقلىدى» دېگەن جۈملىدىكى «كۆذەردى *kөżərdi*»
پېئىلدا كەلگەن «ذ - ż» ئۆتكەن زاماندىمۇ، كەلگۈسى
زاماندىمۇ فەتەھلىك كېلىدۇ.

بۇنىڭ قائىدىسى شۇكى، ئىسىمدىن ياسالغان
پېئىللارنىڭ ئوتتۇرىدىكى ھەرپى كەلگۈسى زامان شەكلىدە
ھەرىكىلىك بولىدۇ. مەسىلەن: تشاك تشلدى *tөxək tөxəldi* —
توشەك سېلىندى»، «تكون تكلدى *tügün tügüldi* —
تۈگۈن تۈگۈلدى»، «ترغ سقلدى *tariq suvaldi* —
ئاشلىق سۇغىرىلدى» دېگەنگە ئوخشاش②.

تۆپ پېئىللارنىڭ ئوتتۇرا ھەرپى كەلگۈسى زامان

① بۇ جۈملىنىڭ ئەرەپچىسىدە «ئۆتكەن زامان» ۋە «كەلگۈسى زامان» دېگەن چۈشەنچە ئوخشاشلا «ماضى - ئۆت-كەن زامان» ۋە «واجب - ئۆتكەن زامان» سۆزلىرى بىلەن ئىپادىلەنگەن، بۇ يەردە «واجب» ئورنىغا «غابر - كەلگۈسى زامان» ئىشلىتىلىشى كېرەك ئىدى.

② بۇ يەردە قائىدە كەلگۈسى زامان ئۈچۈن بېرىلگەن بولسىمۇ، مىساللاردا ئۆتكەن زامان شەكلىلا بېرىلىپ، كەلگۈسى زامان شەكلى «تشلر *tөxəlür*، تكلر *tügülür*، سقلر *suvalur*» لار بېرىلمەي قالغان.

شەكلىدە كۆپىنچە ساكىنلىق كېلىدۇ. مەسىلەن: «سۈت سَغلدى *süt soquldi* — سۈت سوغۇلدى»، «كۈن سَڤلدى *kün savuldi* — كۈن قايرىلدى» دېگەن جۈملىلەردىكى پېئىللار كەلگۈسى زامان شەكلىدە كەلسە «سَغلر *soqlur* — سوغۇلىدۇ»①، «سَڤلر *savlur* — قايرىلىدۇ» بولىدۇ.

بۇ باپتىكى قىسىملار باشقا قىسىملاردا بولمايدىغان بىرقانچە مەسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەركىۋىدە «ر - *r*» كەلگەن پېئىللار ئۈچ خىل بولىدۇ.

بىرىنچىسى، ئىسىمدىن ياسالغان پېئىللار. مەسىلەن: «تون قزردي *ton kizardi* — تون قىزاردى» دېگەن جۈملىدىكى «قزردي *kizardi*» پېئىلغا ئوخشاش. بۇنىڭ ئەسلى «قزل اردي *kizil ərdi* — قىزىل بولدى» بولۇپ، «ل - *l*» بىلەن «ا - ئېلىپ» تاشلىنىپ، ساپ پېئىل

---

① بۇ پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان ۋە كەلگۈسى زامان شەكىللىرى بۇ يەردە «سغلدي، سغلر» دەپ بىرىنچى ھەرپى فەتھىلىك يېزىلغان بولسىمۇ، ئەرەپچىسى «سوغۇلماق، ئازايماق» مەنىسىدە بولغىنى ئۈچۈن، بىز يازما نۇسخا 337 - بەتتىكى «سوت سغلدي» غا ئاساسەن، *soquldi* — سوغۇلدى، *soqlur* — سوغۇلىدۇ» دەپ ئالدۇق.

بولۇپ قالغان. «تۇن قرردي *ton karardï* — تون قارايدى» دېگەن جۈملىدىكى «قرردي *«karardï* پې-لىمۇ شۇنداق. بۇنىڭ ئەسلى «قرا اردي *kara ərdi* — قارا بولدى» بولۇپ، «قرا *kara* — قارا» سۆزىدىن ياسالغان.

ئىككىنچىسى، ئىككى ھەرپتىن تۈزۈلگەن ئوتتۇمسىز پېئىللارغا «ر - ۲» قوشۇلۇش بىلەن ياسالغان ئوتتۇملۇك پېئىللار. مەسىلەن: «ار سوۋ كچتي *ər suv kəqti* — ئادەم سۇ كەچتى» دېگەن جۈملىدىكى «كچتي *«kəqti* پېئىلغا «ر - ۲» قوشۇلسا، «كچردي *kəqürdi* — كەچتۈردى، ئۆتكۈزدى» دەپ ئوتتۇملۇك پېئىلغا ئايلىنىدۇ. مەسىلەن: «اني سفدن كچردي *anï suvdan kəqürdi* — ئۇنى سۇدىن ئۆتكۈزدى» دېيىلگەنگە ئوخشاش؛ «ار قچتي *ər kaqtï* — ئادەم قاچتى» دېگەن جۈملىدىكى «قچتي *kaqtï* — قاچتى» پېئىلدىن ياسالغان «قچردي *kaqurdï* — قاچۇردى» پېئىلمۇ شۇنداق.

ئۈچىنچىسى، بۇ مەنىلەرنىڭ ھېچقايسىسىنى ئىپادىلىمەيدىغان، ئۆزىنىڭ ئەسلى تەركىۋىدە «ر - ۲» بولغان پېئىللار. مەسىلەن: «انك بين قدردي *anïŋ* —

ئۇنىڭ بوينىنى قايرىدى، تولغىدى» *boynïn kazïrdi*،
«قاب قىتردى *kap koturdi* — قاپ بوشاتتى» دېگەن
جۈملىلەردىكى «قىزردى *kazïrdi* — قايرىدى»،
«قىتردى *koturdi* — بوشاتتى» دېگەن پېئىللارغا ئوخشاش.

«ز - z» ھەرپى پېئىللاردا ئىككى خىل ۋەزىپىنى ئۆتەيدۇ:

بىرىنچىسى، پېئىلنى ئوتتۇملۇققا ئايلاندۇرىدۇ. مەسىلەن: «آر سوۋ تمزدي *ər suv tamuzdi* — ئادەم سۇ تامغۇزدى» دېگەن جۈملىدىكى «تمزدي *tamuzdi*» پېئىلغا ئوخشاش. لېكىن بۇ ئاز ئۇچرايدىغان ئەھۋال.

ئىككىنچىسى، «ز - z» پېئىلنىڭ ئەسلى تەركىۋىدە بار بولۇپ، پېئىلنىڭ ئۆز مەنىسىدىن باشقا مەنە ئاڭلاتمايدۇ. مەسىلەن: «تبزغق تبزدي *tapuzoquk* — تېپىشماق ئېيتتى» دېگەن جۈملىدىكى «تبزدي *tapïzdï*» پېئىلغا ئوخشاش.

تەركىۋىدە «ش - x» كەلگەن پېئىللار توغرىسىدىكى قائىدە يۇقۇرىدا سۆزلەندى.

تەركىۋىدە «ق - *k*» ۋە «ك - *k*» كېلىدىغان پېئىللار ئىككى خىل بولىدۇ:

بىرىنچىسى، بۇ ھەرپلەر ئىككى ھەرپتىن تۈزۈلگەن پېئىللارغا قوشۇلۇپ، بىر كىمنىڭ بىرەر ئىشقا ئىختىيارسىز

ھالدا دۇچ كېلىپ، ئىش ـ ھەركەتنىڭ تەسىرى ئاستىدا قالغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: «ئەر يەغىقا بەسقتى ər yaqika basikti — ئادەم دۈشمەنگە بېسىلدى، يەنى ئادەم كېچىسى ھۇجۇمغا ئۇچراپ، دۈشمەن تەرىپىدىن باستۇرۇلدى»، «ئەر ئۇسقتى ər usukti — ئادەم ئۇسسىدى، يەنى ئادەم ئۇسسۇزلۇق ئاستىدا قالدى» دېگەنگە ئوخشاش. بۇ جۈملىلەردە كەلتۈرۈلگەن پېئىللارنىڭ ئەسلى «بسدى «basdi[1] ۋە «ئۇسدى «usdi دۇر.

تەركىبىدە «ك ـ *k*» كەلگەن سۆزلەرگە مىسال:

«تون كىركتى *ton kirikti* — تون كىرلەشتى»،

«ئەر كۆنكتى *ər kənikti* — ئادەم (يولداشلىرىدىن كېيىن قالغۇدەك دەرىجىدە) زەئىپلەشتى».

ئىككىنچى بىر خىلى، باشقا مەنە ئاڭلاتماي، پېئىلنىڭ ئۆز مەنىسىنىلا بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

«ئەر ئەۋگە ئاشقتى *ər əvgə axukti* — ئادەم ئۆيگە ئالدىرىدى»،

«ئەر ئىشى جولكتى *ər ixi qülükti* — ئادەمنىڭ ئىشى

---

① بۇ يەردە بۇ سۆز «بسدى» شەكلىدە بىرىنچى ھەرپى زەممەلىك يېزىلغان بولسىمۇ، بىز يۇقۇرقى مىسالدىكى «بسقتى» شەكلىنى ئاساس قىلىپ، «*basdi*» دەپ ئالدۇق.

چاتاقلاشتى» دېگەنگە ئوخشاش.

«ل - l» بىلەن «ن - n» ھەرپلىرى توغرىسىدىكى قائىدە يۇقۇرىدا سوزلەندى.

بۇ باپنىڭ مەسترى فَعْلاَلْ fəallal شەكلىدە ئىككىنچى ھەرپى ھەردىكىلىك كېلىدۇ. مەسىلەن: «قَجُرْمَاقْ kaqurmak — قاچۇرماق»، «كُتُرْمَاكْ kətürmək — كوتەرمەك» دېگەنگە ئوخشاش. بۇلار تۈپ ۋە ئەسلى مەستەر ھېساپلىنىدۇ.

ئىزافىتلىك مەستەرلەر فُعْلُلِي fu'luli شەكلىدە ئىككىنچى ھەرپى ساكىنلىق كېلىدۇ. مەسىلەن: «آنِكْ يُكْ كُتْرُكِي كُرْ — anïŋ yük kətrügi kər — ئۇنىڭ يۈك كوتىرىشىنى قارا»، «آنِكْ سُوفْ كَجْرُكِي كُرْ — anïŋ suv kəqrügi kər ئۇنىڭ سۇدىن ئوتكۈزۈشىنى قارا» دېگەنگە ئوخشاش.

بۇ باپتا «غ - ɑ» ۋە «ك - g» ھەرپلىرىنىڭ كېلىدىغان ئورۇنلىرىنى يۇقۇرىدا تونۇشتۇرۇپ ئوتتۇم.

بۇ باپنىڭ بۇيرۇق شەكلى ئۈچ ھەرپلىك بولىدۇ①. شۇڭا بىز بۇ باپنى «ئۈچ ھەرپلىك سوزلەر بابى» دېدۇق. مەسىلەن:

---

① بۇ سوز بازما نۇسخىدا «آوُجَه - ئۈچ خىل» دەپ يېزىلىپ قالغان، ئەسلىدە «آحْرُفِ - ئۈچ ھەرپلىك» بولۇشى كېرەك ئىدى.

«تنكريكا تَبِنْ» *tənrigə tapin* — تەڭرىگە تېپىن»،
«تنكريكا يُكُنْ» *tənrigə yükün* — تەڭرىگە يۈكۈن،
سەجدە قىل» دېگەنگە ئوخشاشلار. «سَرِنْ *sərin* — چىدا»
دېگەن سۆزمۇ شۇنداق. بۇيرۇق شەكلىنىڭ بىرلىكىدە،
يۇقۇرىدا سۆزلەنگەن قائىدىگە ئاساسەن، «تَبِنْغِل
*tapinqil* — تېپىنغىن»، «يُكُنْكِل *yüküngil* — يۈكۈن-
گىن»، «سَرِنْكِل *səringil* — چىدىغىن» دېسەكمۇ بو-
لىدۇ. بۇيرۇق پېئىلىنىڭ ئىككىنچى شەخس يوقلۇق
شەكلى، يۇقۇرىدا پېئىللارنىڭ يوقلۇق شەكلىدە سۆزلەپ
ئۆتكىنىمىدەك، «ما *ma* || *mə*» بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:
«سَقِنْما *sakinma* — ئويلىما»، «سَڤِنْما *səvinmə* —
سۆيۈنمە» دېگەنگە ئوخشاش.

يۇقۇرىدا ئېيتىلغاندەك، بىرىنچى شەخستە «م - *m*»
بىلەن «تَبِنْدِمْ *tapindim* — تېپىندىم»؛ ئىككىنچى
شەخستە غۇننىلىك كاف (نك - *ŋ*) بىلەن «تَبِنْدِنْكْ *tapindiŋ* —
تېپىندىڭ»؛ ئۈچىنچى شەخستە «ى - يا» بىلەن
«تَبِنْدِي *tapindi* — تېپىندى» دېيىلىدۇ. ئارغۇلارنىڭ
بەزى سۆزلىرىدە ئىككىنچى شەخستىكى «نك - *ŋ*»
ھەرپى «غ - *q*» ھەرپىگە ئايلاندۇرۇلۇپ، «تَبِنْدِغْ

*tapïnduq* — تېۋىندىڭ، ئىبادەت قىلدىڭ» دېيىلىدۇ.

ئۇيغۇلارنىڭ «سَنْ آنِي قَجُرْدُغْ *sən ani kaqurduq* —

سەن ئۇنى قاچۇردۇڭ» دېگەن سوزىمۇ شۇنداق. ھەممە پېئىللارغا ئومۇمى بولغان قائىدە بويىچە بۇ يەردە «نىڭ - *ŋ*»نى قوللىنىش توغرا، «غ - *q*»نى قوللىنىش ئەيىپ ھېساپلىنىدۇ.

بۇ باپنىڭ سۆپەت شەكلى باشقا تۈركلەرنىڭ تىلىدا «تَبْنُغْجِي *tapïnquqï* — تېۋىنغۇچى»، «يُكُنْكُوجِي *yükünguqi* — يۈكۈنگۈچى، سەجدە قىلغۇچى» بولىدۇ. ئوغۇزلارنىڭ تىلىدا بولسا، «تَبِنْدَجِي *tapïndaqï* — تېۋىنغۇچى»، «يُكُنْدَجِي *yükündəqi* — يۈكۈنگۈچى، سەجدە قىلغۇچى» بولىدۇ.

ئىش-ھەركەتنىڭ داۋاملىق بولۇشىنى بىلدۈرىدىغان سۆپەت «تَبْنُغَانْ «*tapïnqan*»، «يُكُنْكَانْ «*yüküngən*» شەكلىدە كېلىدۇ. بۇ شەكىلدە «ق - *k*»، «ك - *k*»، «غ - *q*» ھەرپلىرى، قاتتىق تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ھەرپ-لەر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار مەسىلىسى مەن يۇقۇرىدا ئىزاھلاپ ئۆتكەن قائىدە بويىچە بولىدۇ.

ئىشلىگۈچىنىڭ بىر ئىش-ھەركەتنى قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان سۆپەت «تَبْغُسَاقْ آرْ *tapuqsak ər* — خىزمەت سۆيەر ئادەم» شەكلىدە بولىدۇ.

بۇنداق سۆپەتلەر ئۈچ ھەرپ ۋە ئۈچتىن ئارتۇق ھەرپتىن تەركىپ تاپقان سوزلەردە ئاز ئۇچرىسىمۇ، لېكىن ھەممىسى مۇشۇ قائىدە بويىچە ياسىلىدۇ. ئىككىدىن ئارتۇق ھەرپتىن تۈزۈلگەن سوزلەردە سوزنىڭ ئاخىرقى ھەرپى (قوشۇلغان ھەرپ) چۈشۈرۈپ قالدۇرۇلۇپ، ئاندىن سۆپەت قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن: «تَبنْدی tapindi» سوزىدىن «تبغساق tapuqsak» سۆپىتى ياسالغانغا ئوخشاش. بۇنىڭدا سوزنىڭ ئاخىرىدىكى «ن - n» چۈشۈرۈپ قالدۇرۇلۇپ، سوز ئەسلى ھالىتىگە يەنى «تبغ tapuq — خىزمەت» شەكلىگە قايتقان.

بىر ئىش-ھەرىكەتنى ئىشلەش ئىشلىگۈچىنىڭ بۇرچى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇ ئىشنى قىلىشقا جەزم قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان سۆپەت فعلعل faul'ulul شەكلىدە ئۈچ خىل ھەرىكىلىك بولىدۇ، يەنى بۇنىڭدىكى ئىككى «ع - ئەين» ھەرىكىلىك، بىرىنچى ۋە ئاخىرقى «ل - l» ھەرپى ساكىنلىق كېلىدۇ. مەسىلەن: «بَلْك يازق كَجرْكُلُك اَرْدی — bəg yazuk kəqürgülüg ərdi بەگ گۇناھنى كەچۈرگۈلۈكتى، بەگ گۇناھنى كەچۈرۈشى لازىم ئىدى»، «اُلْ تَنْكريكا تَبِنغلق اَرْدی — ol təŋriga tapinoquluk ərdi ئۇ تەڭرىگە تېۋىنغۇلۇقتى، ئۇ خۇداغا ئىبادەت قىلىشى لازىم ئىدى» دېگەنگە ئوخشاش.

بۇنىڭ قائىدىسى شۇكى، سۆزنىڭ «ق-k» ياكى ئۈنىگىدىن باشقا ھەرپلەر بىلەن تۈزۈلگىنى نەزەردە تۇتۇلۇپ، يىلتىزغا «غُلُق oquluk»، «كُلُك külük // gülük» قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ. پېلىنىڭ بۇ تۈرىدە بىر ئاز مەستەر مەنىسىمۇ بار.

ئىشلىگۈچىنىڭ ئىش-ھەركەتنى ئىشلىگەنلەردىن بىرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەت فَعْلَعلي *fə'lə'li* شەكلىدە، ئىككى «ع-ئەين» ساكىنلىق، ئىككى «ل-*l*» ھەرىكىلىك كېلىدۇ. مەسىلەن: «اُلْ تَنْكْرِيكا تَبْنِغْلِي اَرْدي *ol təŋrigə tapnïqlï ərdi* — ئۇ تەڭرىگە تېۋىنىدىغانلاردىن ئىدى»، «اُلْ مِنِي سُفْدِن كَجْرُكْلِي اَرْدي *ol məni suvdïn kəqrügli ərdi* — ئۇ مېنى سۇدىن ئۆتكۈزگۈچىلەردىن ئىدى» دېگەن جۈملىلەردىكى «تَبْنِغْلِي *tapnïqli*»، «كَجْرُكْلِي *kəqrügli*» دېگەنلەرگە ئوخشاش.

پېلدىن كېيىن «اَرْدي *ərdi*» سۆزى كەلتۈرۈلسە، ئىشلىگۈچىنىڭ بىر ئىش-ھەركەتنى ئىشلەپ بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. لېكىن، پېلدىن كېيىن «اُلْ *ol*» ياكى «تُرُر *turur*» سۆزلىرى كەلتۈرۈلسە، ئىشلىگۈچىنىڭ بىر ئىش-ھەركەتنى قىلماقچى بولغانلىقىنى، ئەمما تېخى قىلمىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

سۈپەتداش (ئىسمى مەفئۇل) بىر خىل تەرتىپ بويىچە ياسىلىدۇ. مەسىلەن: «كۆزەتمىش ناڭ — *kozətmix* *naŋ* كۈزىتىلگەن نەرسە»، «قتۇرمىش قاپ — *koturmix* *kap* بوشىتىلغان قاپ» دېگەندەك.

«مىش *mix*‖*mix*» قوشۇمچىسى ئۆتۈمسىز پېئىللارغا قوشۇلسا، ئىش ـ ھەركەتنىڭ ئۆتۈپ بولغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدىغان سۈپەتداش ياسىلىدۇ. مەسىلەن: «سەۋلمىش كۈن — *savīlmīx* *kün* — قايرىلغان كۈن»، «سغلمش سۇۋ — *soqulmīx* *suv* — سوغۇلغان سۇ» دېگەنلەرگە ئوخشاش.

پېئىللارنىڭ تۈرلىنىش قائىدىلىرى ئىككى ھەرپلىكلەر بابىدا ئېيتىلدى. شۇنىڭدەك ئورۇن ـ جاي ئىسىملىرى، ۋاقىت ـ چاغ ئىسىملىرىمۇ يىلتىزغا مۇشۇ ئۇقۇملارنى بىلدۈرىدىغان بىر قىسىم قوشۇمچىلار قوشۇلۇش بىلەن ياسىلىدۇ. ھېچقانداق نەرسە قائىدىدىن تاشقىرى بولمايدۇ. بۇنى چۈشىنىۋالغىن.

ئۈچ ھەرپلىكلەر بابلىرى تۈگىدى.

# توت هەرپلىكلەر باپلىرى

## فَعَلَلْدِي fə'ləldi شەكلىدە «ع - ئەين» هەرپى

## ساكىنلىق ۋە «ل - l» هەرپى هەرخىل

## هەرىكىلىك سوزلەر بابى

بُرْكُرْدِي bürkürdi بۇركەلدى~پۇركەلدى، تۇتۇلدى. كُوكْ بُرْكُرْدِي — *kɵk bürkürdi* ئاسمان پۇركەلدى، هاۋا تۇتۇلدى.

بُرْكُرْدِي bürkürdi پۇركىدى. يُغْجِي تونْقا سُوْق بُرْكُرْدِي — *yuɣqi tonka suv bürkürdi* يوغۇچى تونغا سۇ پۇركىدى. يەنى كىرچى ئىۋىتىش ئۆچۈن تونغا سۇ پۇركىدى (بُرْكُرارْ - بُرْكُرْماكْ *bürkürər-bürkürmək*).

بُرْكُرْدِي bürkürdi پۇرقۇرىدى. قانْ بُرْكُرْدِي — *kan bürkürdi* قان پۇرقۇرىدى، قان پۇرقۇراپ چىقتى.

بِجْتُرْدِي piqturdi پىچتۇردى، كەستۇردى، تىلدۇردى. اَرْ يِغاجْ بِجْتُرْدِي — *ər yiɣaq piqturdi* ئادەم ياغاچ

كەستۈردى (پىچتۇر - پىچتۇرماق piqturur - piqturmak).

بۇرتۇردى barturdi باردۇردى ~ بارغۇزدى. ئۇ مېنى ئۆيگە بۇرتۇردى — ol məni əvgə barturdi ئۇ مېنى ئۆيگە باردۇردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (بۇرتۇر - بۇرتۇرماق barturur - barturmak).

بىستۇردى basturdi باستۇردى. بەگ ئوغرىنى بىستۇردى — bəg oqrini basturdi بەگ ئوغرىنى باستۇردى، بەگ ئوغرىنى تۇتۇپ (پۇت - قولىرىنى باغلاپ) بېسىشقا بۇيرۇدى. ھەرقانداق نەرسىنى قىسىرلاش ۋە قوپۇشقا يول قويماي قاتتىق باستۇرسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (بىستۇر - بىستۇرماق basturur - basturmak).

بوغتۇردى boqturdi بوغدۇردى. ئول ئانى بوغتۇردى — ol ani boqturdi ئۇ ئۇنى بوغدۇردى (بوغتۇر - بوغتۇرماق boqturur - boqturmak).

بىرقىردى birkirdi پۇرقىدى. ئات بىرقىردى — at birkirdi ئات پۇرقىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (بىرقىراز - بىرقىرماق birkirar - birkirmak).

بۇرقۇردى burkurdi بۇرۇلدى ~ پۇرۇلدى، قورۇلدى، قورۇق

باستى. اشلار يوزى برقردى *ixlər yüzi burkurdi* — خوتۇننىڭ يۈزى پۈرۈلدى. تېرە قورۇلسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (برقرار - برقرماق *burkurar - burkurmak*).

بَلْكُورْدى bəlgürdi بەلگىلىك بولدى، ئاشكارا بولدى، مەلۇم بولدى. ايش بَلْكُورْدى *ïx bəlgürdi* — ئىش بەلگىلىك بولدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: كُوزْ كَلكِي يازِنْ بَلْكُورارْ — *küz kəligi yazïn bəlgürər* كۈزنىڭ (قاندىاق) كېلىشى يازدىن مەلۇم بولىدۇ. بۇ ماقال ئىشنىڭ ئاخىرى بېشىدىلا مەلۇم بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئېيتىلىدۇ. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

كِزْلَبْ تُتَرْ سَڤُكْلُكْ اَذْرِشْ كُنِي بَلْكُرارْ
بَشْلِغْ كُزُكْ يَپْسَمَا ياشِي اَنِكْ سَڤْرُقارْ

*kizləp tutar səvüklük ażrïx küni bəlgürər*
*baxlïq kəzüg yapsama yaxï anïŋ savrukar*

[يوشۇرۇن تۇتۇلغان مۇھەببەت ئايرىلىش كۈنى ئاشكارا بولىدۇ، يارىلىغ كوزنى ياپسىمۇ، ئۇنىڭ يېشى توكۈلىدۇ.]

يوشۇرۇن مۇھەببەت ئايرىلىش كۈندە ئاشكارا بولىدۇ، دەرت تەككەن ۋە ياشانغىرىغان كوز ئۇز يېشىنى

تۇتۇۋالالمايدۇ (بَلْكُورار - بَلْكُورْماكْ - *bəlgurər* *bəlgürmək*).

**تَلْبِرْدي** talpirdi تەلپۈندى، ئىنتىلدى، قانات قاقتى. قُوْش تَلْبِرْدي *kux talpirdi* — قۇش (قانىتى بىلەن) تەلپۈندى. تَلْفِرْ تَلْبِرْدِي *talvir talpirdi* — قۇر تەلپۈندى. ھەر - قانداق نەرسە تەلپۈنسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (تَلْبِرار تَلْبِرْماق *talpirar - talpirmak*).

**تُغْتُرْدي** tuqturdi تۇغدۇردى. تَنْكْرِي اغُلْ تُغْتُرْدي *tənri oqul tuqturdi* — تەڭرى (خوتۇندىن) بالا تۇغ - دۇردى. بۇنىڭ ئەسلى «تُغرتُرْدي *tuqurtturdi*» دۇر. بۇ قائىدە مۇنداق: تەركىۋىدە «ت - *t*» بولماي تۇرۇپمۇ ئوتتۇملۇك بولغان پېئىلغا بىر «ت - *t*» قوشۇلسا، ئۇ پېئىل ئىككى فائىل (ئىشلىگۈچى)دىن بىر مەفئۇلغا ئۆتىدىغان ئوتتۇملۇك پېئىلغا ئايلىنىدۇ، فائىلنىڭ بىرسى بۇيرۇغۇچى، ئىككىنچىسى ئورۇندىغۇچى بولىدۇ. مەسىلەن: «سُوْڤ اِجْرْدي *suv iqürdi* — سۇ ئىچۈردى» دېگەن ئىبارە «سُوْڤ اِجْتَرْدي *suv iqtürdi*» شەكلىدە دېيىلسە، «ئۇ ئادەم باشقا بىركىمنى سۇ ئىچكۈزۈشكە بۇيرىدى» دېگەن

مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «ال انى بغْدى *ol ani boqdi* — ئۇ ئۇنى بوغدى» دىگەندىكى «بغْدى *boqdi*» پېئىلى «بغْترْدى *boqturdi*» دىيىلسە، «ئۇنى باشقا بىر كىمنى بوغۇشقا بۇيرۇدى» دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئەرەپچىدىكى «لَقَطَ السُنبُلَ والْقَطَهُ غَيرُهُ» ۋە «نَقَطَ الْمُصحَفَ وَانْقَطَهُ غَيرُهُ» ئىبارىلىرىدىكى «لَقَطَ» بىلەن «اَلْقَطَ» ۋە «نَقَطَ» بىلەن «انْقَطَ» پېئىللىرىغا ئوخشاش، يەنى بۇ يەردە پېئىل بىر «ا-ئېلىپ» قوشۇلۇش ئارقىلىق ئىككى فائىلدىن بىر مەفئۇلغا ئۆتكەن. بۇمۇ شۇنداق (تغْترر - تغْترماق *tuqturur* – *tuqturmak*)[①].

تَقْتُرْدى takturdi تاقتۇردى، ئۆتكۈزگۈزدى. اَتْ سىشقا تَقْتُرْدى *ət sïxka takturdi* — گۆشنى زىققا ئۆتكۈزگۈزدى (تَقْتُرر - تَقْتُرماق *takturur* – *takturmak*).

تِقْتُرْدى tikturdi تىقتۇردى، چىگداپ قۇيدۇردى. اُونغْ قابقا تِقْتُرْدى *unuq kapka tikturdi* — ئۇنىنى قاپقا

---

① يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلنىڭ كەلگۈسى زامان ۋە مەستەر شەكىللىرى مىسال كەلتۈرۈلگەن ئاخىرقى پېئىل كۆزدە تۇتۇلۇپ «بغْترر - بغْترماق» قىلىپ بېرىلگەن، بىز بايان قىلىنىۋاتقان پېئىلنى نەزەردە تۇتۇپ، «تغْترر - تغْترماق» دەپ بەردۇق.

تىقتۇردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (تِقتر ـ تِقترماق

(tikturur – tikturmak.

تتتردى tutturdï تۇتتۇردى~تۇتقۇزدى. بَكْ اغْرىنى تتتردى

بەگ ئوغرىنى تۇتتۇردى — bəg oqrïnï tutturdï

(تتتر ـ تتترماق tutturur – tutturmak).

تكترْدى tøktürdi توكتۈردى. اُلْ سُوڤْ تكترْدى ol suv —

ئۇ سۇ توكتۈردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق tøktürdi

(تكتر ـ تكترماك tøktürür – tøktürmək).

تِكْتردى tiktürdi تىكتۈردى. اُلْ تُونْ تِكْتردى ol ton —

ئۇ تون تىكتۈردى (تِكْتر ـ تِكْترماك tiktürdi

(tiktürür – tiktürmək.

تَلْتردى talturdï تالدۇردى، تېلىقتۇردى. اَنى اُرُبْ تَلْتردى

ئۇنى ئۇرۇپ تالدۇردى، ئۇنى — anï urup talturdï

ئۇرۇپ تېلىقتۇردى (تَلْترر ـ تَلْترماق talturur –

(talturmak.

تَلْتردى təltürdi تەشتۈردى. اُلْ تامْ تَلْتردى ol tam —

ئۇ تام تەشتۈردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. بۇ təltürdi

يەردىكى ئىككىنچى «ت ـ t» ھەرپى «د ـ d» ھەرپىنىڭ

ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەن①. خۇددى ئەرەبچىدە «قَتَرَ عَلٰى عِيالِهٖ» دېگەن ئىبارىنى «قَدَّرَ عَلٰى عِيالِهٖ» دېيىشمۇ بولغىنىغا ئوخشاش. يەنە ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ «وَمَنْ قُدِرَ عَلَيْهِ رِزْقُهُ»، «وَاَمّا اِذا مَا ابْتَلاهُ فَقَدَرَ عَلَيْهِ رِزْقَهُ» دېگەن ئايەتلىرىدىكى «د-$d$» ھەرپى «ت-$t$» ھەرپى ئورنىغا، شۇنىڭدەك «خَتَرَ وَ خَتَلَ» سۆزلىرىدىكى «ت-$t$» ھەرپىمۇ «د-$d$» ھەرپىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەن، بۇنىڭ ئەسلى «غَدَرَ» دۇر. بۇ سۆزدە ئۈچ خىل ئالمىشىش بار (تَلْتُرُرْ - تَلْتُرْماكْ *təltürür - təltürmək*).

**تُلْتُرْدِى** tolturdï تولتۇردى~تولدۇردى. اُلْ اَيَقْ تُلْتُرْدِى *ol ayak tolturdï* — ئۇ ئاياق (كاسە) تولدۇردى. باشقىلار دېمۇ شۇنداق (تُلْتُرُرْ - تُلْتُرْماقْ *tolturur - tolturmak*).

**تِلْتُرْدِى** tiltürdi تىلدۇردى. اَرْ يَرِنْداقْ تِلْتُرْدِى *ar yarïndak tiltürdi* — ئادەم قېپىش تىلدۇردى. ھەرقانداق نەرسە قېپىشتەك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەردەك

---

① يازما نۇسخىدا بۇ يەردىكى «ت-$t$» نى «ل-$l$» دېن ئالماشقان دەپ بېرىلگەن. بىز ئەرەب تىلىدىن كەلتۈرۈلگەن مىساللارغا قاراپ «د-$d$» ھەرپىنىڭ ئورنىغا ئالماشقان، دەپ ئالدۇق.

تىلدۇرۇلىشىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (تِلتُرُر ـ تِلتُرمَكْ ـ
.(tiltürür – tiltürmək

**تَمْتُردِي** tamturdi تامدۇردى. اُلْ اَنِكْ اَغْزِنكا سُوْ تَمترُدِي ـ ol aniŋ aqzïŋa suv tamturdï ـ ئۇ ئۇنىڭ ئاغزىغا سۇ تامدۇردى (تَمتُرُر ـ تَمتُرماقْ tamturur – tamturmak). بۇ كەم ئۇچرايدىغان سۆزدۇر.

**تَمْجُرْدِي** tamqurdi تامچىلىدى. يَغْمُرْ تَمجُردِي ـ yaqmur tamqurdï ـ يامغۇر تامچىلىدى. باشقا ئەرسىلەر تامچىلىشىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (تَمجُرار ـ تَمجُرماق ـ tamqurar – tamqurmak).

**تَبجُرْدُمْ** tapqurdum تاپچۇردۇم ~ تاپشۇردۇم. مَنْ اُغلُنِي اَناسِنكا تَبجُرْدُمْ ـ mən oqulnï anasïŋa tapqurdum ـ مەن بالىنى ئانىسىغا تاپشۇردۇم. بۇ يەردىكى «ج ـ q» ھەرپى «ش ـ x» ھەرپىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەن. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (تَبجُرُر ـ تَبجُرماق ـ tapqurur – tapqurmak).

**تُلدُرْدِي** tuldurdi سوقتۇردى، ئۇردۇردى. اَتْلِغْ اَنِي تُلدُرْدِي ـ atlïq anï tuldurdï ـ ئاتلىق ئۇنى (ئاتقا) سوقتۇرۇۋەتتى، سوقۇۋەتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

تِلْدُرْدی tildürdi تىلدۇردى. اَنی بِجاك بِلا تِلْدُرْدی *ani* — ئۇنى پىچاق بىلەن تىلدۇردى *piqək bilə tildürdi* (تِلْدُرُر - تِلْدُرْماك *tildürür - tildürmək*).

بِلْتُرْدی biltürdi بىلدۇردى، ئۇگەتتى. اُلْ مَنْكا ایش بِلْتُرْدی *ol maŋa ix biltürdi* — ئۇ ماڭا ئىش بىلدۇردى (بِلْتُرُر - بِلْتُرْماك *biltürür - biltürmək*).

تَمْتُرْدی tamturdi تامدۇردى، ياقتۇردى، تۇتاشتۇردى. اُلْ اوُت تَمْتُرْدی *ol ot tamturdi* — ئۇ ئوت ياقتۇردى. چىراق ياققۇزسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (تَمْدُرُر - تَمْدُرْماق *tamdurur - tamdurmak*)[1].

تَنْتُرْدی tanturdi تاندۇردى، ئىنكار قىلدۇردى. اُلْ مَنْكا اَلِمِنْ تَنْتُرْدی *ol maŋa alimin tanturdi* — ئۇ ماڭا ئېلىمنى(قەرزىمنى) تاندۇردى، يەنى ئۇ مېنى ئېلىمدىن

---

① يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلنىڭ ئوتكەن زامانى «تَمْتُرْدی *tamturdi*» شەكلىدە بېرىلگەن بولسىمۇ، مەسدىرى ۋە كەلگۈسى زامانى «تَمْدُرُر - تَمْدُرْماق» شەكلىدە بېرىلگەن. بىز ئەسلىنى ئۆزگەرتمىدۇق.

ۋاز كەچتۇردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (تَنْتُرُر - تَنْتُرماق
tanturur - tanturmak).

**تِنْدُردى** tïndurdi تىندۇردى، ئارام ئالدۇردى، دەم ئالدۇر-
دى. اُلْ مَنى تِنْدُردى *ol məni tïndurdï* — ئۇ مېنى
تىندۇردى، ئارام ئالدۇردى. بۇ سۆزنىڭ ئەسلى «تِنْدى
*tïndï* — نەپەس ئالدى» دۇر.

**تُنْتُردى** tunturdi تۇتۇلدۇردى. اُتْ آنىڭ كُوزِنْ تُنْتُردى
*ot anïŋ kəzin tunturdï* — ئوت (دورا) ئۇنىڭ كۆ-
زىنى تۇتۇلدۇردى. ھەرقانداق بىر نەرسە بىر نەرسىنى
يېپىۋالسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (تُنْتُرُر - تُنْتُرماق
*tunturur - tunturmak*).

**تُزْغُوردى** tozoqurdi تويدۇردى ~ تويغۇزدى. اُلْ مَنى تُزْغُوردى
*ol məni tozoqurdï* — ئۇ مېنى تويدۇردى (تُزْغُرُر-
تُزْغُرماق *tozoqurur - tozoqurmak*). ماقالىدا مۇنداق
كەلگەن: آوْلِكْ تُزْغُرسا كُوزِى يُلْقا بُلُور — *əvlik
tozoqursa kəzi yolka bolur* ئۆي ئىگىسى (مېھماننى)
تويدۇرسا، (مېھماننىڭ) كۆزى ھەمىشە يولدا بولىدۇ.
بۇ ماقال زىياپەتتىن كېيىن كېتىش ئۈچۈن ساھىپخاندىن
ئۇزۇر سورىغان كىشىگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ، شېئىردا
مۇنداق كەلگەن:

تُذْغُرمَدِي اِتِمْنِي
تُرغُرغَلِرْ اَتِمْنِي
سُرْدِي مَنِكْ قُتُمْنِي
قَازْ تَقِي قُرْدَايِمِي

*tozojurmadï itïmnï*
*turojurqalïr atïmnï*
*sürdï mənin kutumnï*
*kaz takï kordayïmï*

[ئىتىمنى تويدۇرمىدى،
ئېتىمنى ھاردۇرۇپ قويدى،
مېنىڭ بەختىمنى سۈردى،
غاز ۋە قودايلىرىمنى (سۈردى).]

ئوۋ قوشى، ئىت ۋە ئېتىنى ئوتنە ئالغان كىشى تەسۋىرلىنىپ شۇنداق دېيىلىدۇ: مېنىڭ ئىتىمنى تويغۇز- غۇدەك ئوۋ تاپالمىدى، ئېتىمنى جەق چاپتۇرۇپ ھاردۇرۇپ قويدى، غاز ۋە قودايلىرىمنى ئۈچۈرۈۋەتتى، ئامىتىمنى كەتكۈزدى.

تُذْغُرْدِي tozoqurdï تويدۇردى ~ تويغۇزدى، زېرىكتۈردى.

— *ol məni bu ïxtïn* اُلْ مَنِي بُو اِيشْتِنْ تُذْغُرْدِي

*tozqurdi* ئۇ مېنى بۇ ئىشتىن تويدۇردى.

**ترغردى** turqurdi ئورۇقلاتتى، تالدۇردى، هاردۇردى، هالىدىن كەتكۈزدى. ال اتىغ ترغردى *ol atiq turqurdi* — ئۇ ئاتنى تالدۇردى (ترغرر - ترغرماق *turqurur - turqurmak*).

**ترغردى** turqurdi تۇرغۇزدى، قوپقۇزدى، قوپاردى. ال منى ارندن ترغردى *ol məni orundun turqurdi* — ئۇ مېنى ئورنۇمدىن تۇرغۇزدى. آر تام ترغردى *ər tam turqurdi* — ئادەم تام تۇرغۇزدى، قوپاردى. ئوي سېلىنسا ۋە باشقا نەرسىلەر تىكلەنسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (ترغرر - ترغرماق *turqurur - turqurmak*).

**تزغردى** tazoqirdi① تازلاشتى. آر باشى تزغردى *ər baxi tazoqirdi* — ئادەمنىڭ بېشى تازلاشتى (تزغرار - تزغرماق *tazoqirar - tazoqirmak*).

**تزغردى** tozoqirdi توزانلاشقىلى تۇردى، چاڭ - توزان

① بۇ پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلىدە «غ - *oq*» ھەرپى فەتھىلىك يېزىلغان. بىز ئۇنىڭ مەستەر ۋە كەلگۈسى زامان شەكلىگە ئاساسەن، كەسرىلىك قىلىپ ئالدۇق.

كوتىرىلىشكە باشلىدى. يِر تُزْغِرْدى *yər tozoqïrdī* —
يەر توزانلاشقىلى تۇردى، يەنى يەردىن چاڭ-توزان
كوتىرىلىشكە باشلىدى (تُزْغِراز - تُزْغِرْماق *tozoqïrar* -
*tozoqïrmak*).

تُشْغُرْدى toxoqurdī توشقۇردى ~ توشقۇزدى. اُلْ اَڤِنْ تَڤارْ
بِرْلا تُشْغُرْدى *ol əvin tavar birlə toxoqurdī* — ئۇ
ئۆيىنى مال بىلەن توشقۇزدى. سۇ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش
نەرسىلەر بىلەن توشقۇزۇلسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ
(تُشْغُرْ - تُشْغُرْماق *toxoqurur - toxoqurmak*).

تَشْغُرْدى taxoqurdī تاشقىلىدى، تاشقىلى قويتى. اَشِجْ تَشْغُرْدى
*əxiq taxoqurdī* — قازان تاشقىلى قويتى (تَشْغُراز -
تَشْغُرْماق *taxoqurar - taxoqurmak*).

تُشْغُرْدُمْ tuxoqurdum قوۋۇشتۇردۇم، ئۇچراشتۇردۇم. مَنْ اُغْلُنِى
آتاسِنْكا تُشْغُرْدُمْ *mən oqulnī atasīŋa tuxoqurdum* —
مەن ئوغۇلنى ئاتىسىغا قوۋۇشتۇردۇم. ئىككى كىشى
بىر - بىرى بىلەن ئۇچراشتۇرۇلسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ
(تُشْغُرُرْمَنْ - تُشْغُرْماق *tuxoqururmən - tuxoqurmak*).
بۇنىڭ ئەسلى «تُشْرُدُمْ *tuxurdum*» دۇر.

**تَلْغُرْدى** taloqurdi ئىلەشتى، ئاينىدى، ئوغىندى. كۆڭلۈم تَلْغُرْدى *kөŋlüm taloqurdi* — كوڭلۇم ئاينىدى، قاباپ يىمەكلىكلەرنى يىگەندىكتىن كوڭلۇم ئاينىدى (تَلْغُرُر- تَلْغُرْماق *taloqurur - taloqurmak*).

**تَلْغِرْدى** taloqïrdi① شۇۋرغان چىقتى، شۇۋرغان كوتىرىلدى. ئَرْتْ بَشِي تَلْغِرْدى *art baxi taloqïrdi* — داۋان بېشىدا شۇۋرغان چىقتى (تَلْغِرار - تَلْغِرْماق *taloqïrar - taloqïrmak*).

**تَمْغِرْدى** tamoqïrdi② تامغىلىق قوپتى، تامچىلىغىلىق تۇردى. سُوڤ تَمْغِرْدى *suv tamoqïrdi* — (مۇزدىن) سۇ تامچىلى- غىلىق تۇردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (تَمْغِرار - تَمْغِرْماق *tamoqïrar - tamoqïrmak*).

---

① بۇ پېئىلنىڭ ئوتكەن زامان شەكلىدە «غ - oq» ھەرپى زەممىلىك يېزىلغان. بىز ئۇنىڭ كەلگۈسى زامان ۋە مەستەر شەكلىگە ئاساسەن، «*taloqïrdi*» دەپ ترانسكرىپسىيە بەردۇق.

② بۇ پېئىلنىڭ ئوتكەن زامان شەكلىدە «غ - oq» ھەرپى زەممىلىك يېزىلغان، بىز ئۇنىڭ مەستەر ۋە كەلگۈسى زامان شەكلىگە ئاساسەن، «*tamoqïrdi*» دەپ ترانسكرىپسىيە بەردۇق.

تُپْكَرْدِي tüpgərdi تېگى-تەكتىنى سۈرۈشتۈردى. اُلْ اِشِغْ تُپْكَرْدِي — *ol ïxïq tüpgərdi* — ئۇ ئىشنىڭ تېگى-تەكتىنى سۈرۈشتۈردى (تُپْكَرُرْ - تُپْكَرْماكْ *tüpgərür - tüpgərmək*).

تِرْكُرْدِي tirgürdi تىرگۈزدى، تىرىلدۈردى. تَنْكْرِي اُلُكْ تِرْكُرْدِي — *təŋri ölüg tirgürdi* — تەڭرى ئۆلۈكنى تىرىلدۈردى (تِرْكُرُرْ - تِرْكُرْماكْ *tirgürür - tirgürmək*).

تُزْكَرْدِمْ tüzgərdim تۈزىدىم، تۈز يولغا سالدىم. مَنْ اَنِي تُزْكَرْدِمْ — *mən anï tüzgərdim* — مەن ئۇنى تۈز (توغرا) يولغا سالدىم (تُزْكَرُرْمَنْ - تُزْكَرْماكْ *tüzgürürmən - tüzgürmək*).

تَلْمِرْدِي təlmirdi تەلمۈردى، تىكىلىپ قارىدى. اَرْ تَلِمْ تَلْمِرْدِي — *ər təlim təlmirdi* — ئادەم تولا تەلمۈردى، ئادەم خۇددى بىر نەرسىنى كۈتكەندەك ياكى كىشى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئىزدىگەندەك ئوڭ-سولغا قارىدى (تَلْمِرارْ - تَلْمِرْماكْ *təlmirər - təlmirmək*).

جَبْتُرْدِي qapturdi ئۈزدۈردى؛ ئۈردۈردى، چاپتۇردى؛

سۇۋاتتى. اَرْ قُلِنْ سُفْدا جبتُردى — ər kulïn suvda
qapturdï ئادەم قولىنى سۇدا ئۈزدۈردى. چاپتۇرسمۇ
(يۈگۈرتسمۇ) شۇنداق دېيىلىدۇ. اُلْ اَنِكْ بيِنِنْ جبتُردى
— ol anïŋ boynïn qapturdï ئۇ ئۇنىڭ بوينىنى
چاپتۇردى. ئۈيغۇرچە. اُلْ اَڤِنْ جبتُردى — ol əvin
qapturdï ئۇ ئۆيىنى (ئۆزلۈك لاي بىلەن) سۇۋاتتى
(جبتُرر ـ جبتُرماق qapturur - qapturmak).

جِڗْتُردى qiztürdi بەل قويدۇردى، جون قىلدى. بُو يُكْ
اَتِغْ جِڗْتُردى bu yük atïɣ qiztürdi — بۇ يۈك
ئاتنى جون قىلىپ قويدى. يېغىر ئات ۋە باشقىلار يۈكتىن
بېلىنى ئاياپ شۇنداق قىلىدۇ (جِڗْتُرر ـ جِڗْتُرماك
(qiztürür - qiztürmək).

جُڗْتُردى qөztürdi چوجدۇردى ~ سوزدۇردى، تارتتۇردى.
اُلْ يِپِغْ جُڗْتُردى ol yipïɣ qөztürdi — ئۇ (بوشاپ
كەتكەن) ئارغامچىنى تارتتۇردى. قوينىڭ ئۆچىيىنى تارتـ
تۇرۇشقىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (جُڗْتُرر ـ جُڗْتُرماك
(qөztürür - qөztürmək)[1]. بۇمۇ يۇقۇرقىدەك ئىككى

---

[1] يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلنىڭ مەستەر شەكلى بېرىلمىگەن. بىز بۇ پېئىلنىڭ يازما نۇسخا 268-، 334 - بەتلەردىكى شەكىللىرىگە ئاساسەن، مەستەر شەكلىنى بېرىپ قويدۇق.

مەخرەج ئارىسىدىكى «ژ-z» بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

**جِكْتُرْدِي** qəgtürdi چىگدۇردى. اُلْ تُكُونْ جِكْتُرْدِي *ol — tügün qəgtürdi* ئۇ تۈگۈن چىگدۇردى. يۈك ۋە باشقا نەرسىلەرنى چىگدۇرىشمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (جِكْتُرُرْ - جِكْتُرْماكْ *qəgtürür - qəgtürmək*).

**جَقْتُرْدِي** qakturdi چاقتۇردى. اُلْ جَقْماقْ جَقْتُرْدِي *ol — qakmak qakturdi* ئۇ چاقماق چاقتۇردى. ئىككى كىشىنى بىر-بىرىگە كۈشكۈرتۈپ، ئارىدا بولغۇنچىلىك سالىشمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (جَقْتُرُرْ - جَقْتُرْماقْ *qakturur-qakturmak*).

**جُقْتُرْدِي** qokturdi چوقۇتتى، ئېتىلدۇردى، سالدى. اُلْ قُشْغْ قازْقا جُقْتُرْدِي *ol kuxuq kazka qokturdi* — ئۇ قۇشنى غازغا[1] سالدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (جُقْتُرُرْ - جُقْتُرْماقْ *qokturur-qokturmak*).

**جِقْتُرْدِي** qikturdi چىقتۇردى، چىقارتتى، چىقارغۇزدى. اُلْ اَنِي اَقْدِنْ جِقْتُرْدِي *ol ani əvdin qikturdi* — ئۇ ئۇنى

---

① بۇ يەردىكى «قاز» *kaz* سۆزى ئەرەبچىگە «بَطّ — ئۆدەك» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. بىز تۈركىي سۆزنى ئاساس قىلىپ، «غاز» دەپ تەرجىمە قىلدۇق.

ئويدىن چىقارغۇزدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (جىقتۇر -
جىقتۇرماق qikturur - qikturmak).

جىقتۇردى qikturdi نەملەتتى، نەملەشتۇردى. ئۇ تونىن جىقتۇردى (نەم يەرگە قويۇپ) تونىنى ئۇ — ol tonin qikturdi نەملەشتۇردى (جىقتۇر - جىقتۇرماق qikturur - qikturmak).

جەكتۇردى qəktürdi چەكتۈردى ~ چەككۈزدى. ئەنگەر چەكىك جەكتۇردى (خەتكە) ئۇنىڭغا — aŋar qəkik qəktürdi چېكىت چەكتۈردى. ئۇ ئاتىن جەكتۇردى — ol atin qəktürdi ئۇ (تۇياق كېسىلى ۋە باشقا كېسەللەر سەۋەبىدىن) ئېتىنى چەكتۈردى، ئېتىدىن قان ئالدۇردى (جەكتۇر - جەكتۇرماك qəktürür - qəktürmək).

جۇكتۇردى qөktürdi چوكتۈردى. ئۇ ئانىڭ تەۋەسىن جۇكتۇردى ئۇ — ol aniŋ təvəsin qөktürdi ئۇنىڭ تۆگىسىنى چوكتۈردى. ئۇ كۈمۈش ئالتۇندىن جۇكتۇردى — ol kümüx altundun qөktürdi ئۇ كۈمۈشنى (ئېرىتىپ چوكتۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن) ئالتۇندىن ئايرىدى (جۇكتۇر - جۇكتۇرماك qөktürür - qөktürmək).

جەلتۇردى qalturdi چالدۇردى، يىقىتتۇردى؛ ئاگلاتتى. ئۇ ئانى

جَلْتَرْدي *ol ani qalturdi* — ئۇ ئۇنى چالدۇردى، يىقىتتۇردى. اُلْ يِتْكْ جَلْتَرْدي *ol yitük qalturdi* — ئۇ يۇتكەن نەرسىنى (چىرلىتىپ) ئاگلاتتى. ھەرقانداق سوزنى ئاگلىتىش ئۈچۈن تووۋلاشقىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. ئوغۇزچە (جَلْتَرْ - جَلْتَرْماق *qalturur - qalturmak*).

جَمْتَرْدي qomturdi چومدۇردى، چومۇلدۇردى. اُلْ اَنِي سُفْقا جَمْتَرْدي *ol ani suvka qomturdi* — ئۇ ئۇنى سۇغا چومۇلدۇردى (جَمْتَرْ - جَمْتَرْماق *qomturur - qomturmak*).

جَمْتَرْدي qəmtürdi چومدۇردى، چوكتۇردى. بۇ سوز بۇنىڭدىن ئاۋۋالقى سوزدىكىدىنمۇ چوڭقۇر چوكتۇرۇشنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ (جَمْتَرْ - جَمْتَرْماكْ *qəmtürür - qəmtürmək*).

جَنْتَرْدي qanturdi چاندۇردى، باش تارتتۇردى. اُلْ اَنِي بُو اِيشْقا جَنْتَرْدي *ol ani bu ixka qanturdi* — ئۇ ئۇنى بۇ ئىشقا چاندۇردى، ئۇ ئۇنى بۇ ئىشتىن باش تارتتۇردى. ئەسلى «جَنْدتَرْدي *qanduturdi*» دۇر (جَنْتَرْ - جَنْتَرْماق *qanturur - qanturmak*).

چِنْغَرْدِي qinoqardi چىنىغا چىقاردى، راستىغا چىقاردى.

ئُلْ اِيشِغ چِنْغَرْدِي — ol ixiq qinoqardi — ئۇ ئىشنى (ئەسلىنى تەكشۈرۈپ) چىنىغا چىقاردى. ئەسلى «جِينْغَرْدِي» qinoqardi شەكلىدە «ى - يا» بىلەن كېلىدۇ (جِينْغَرُر①- جِينْغَرْماق qinoqarur - qinoqarmak).

سِبْتُرْدِي səptürdi سەپلەتتى، سەپلىك قىلدۇردى، سېپىنى راسلاتتى. ئُلْ اَنِكْ قِزِنْ سِبْتُرْدِي — ol anïŋ kïzïn səptürdi ئۇ ئۇنىڭغا قىزىنىڭ سەپلىگىنى راسلاپ كۈيوغۇلغا ئۇزىتىشنى بۇيرۇدى (سِبْتُرُر - سِبْتُرْماكْ saptürür - saptürmək).

سِبْتُرْدِي sapturdi سەپلەتتى، تۇلاتتى. ئُلْ مَنْكَا قُشْ قَنَتِنْ سِبْتُرْدِي — ol maŋa kux kanatïn sapturdi — ئۇ ماڭا قۇشنىڭ قانىتىنى سەپلەتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. ھەرقانداق بىر نەرسىنى سەپلەشكىمۇ، تۇلاشقىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (سِبْتُرُر - سِبْتُرْماق sapturur - sapturmak). ئالدىنقى سۆزلەمنىڭ مەستىرى «ك - k» بىلەن كېلىدۇ.

① يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلنىڭ كەلگۈسى زامان شەكلى بېرىلمەگەن، بىز قوشۇپ قويدۇق.

سَتْردي satturdi ساتتۇردى. اُلْ مَنِكْ تَقارِغ سَتْردي *ol* — ئۇ مېنىڭ تاۋرىمنى (مېلمە- *mənin tavarïq satturdï*
نى) ساتتۇردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (سَتْرر ـ سَترماق ·(*satturur – satturmak*

سُتْردي sutturdi تۇكەرتتى~تۇكەرگۈزدى. اُلْ اَنِكْ يوزِنكا سُتْردي *ol anïn yüzinə sutturdï* — ئۇ ئۇنىڭ يۈزىگە تۇ- كەرتتى. بۇنىڭ ئەسلى «سُوذْتُردي *suzturdï*»دۇر (سوذْترر- سُتْرماق *suzturur – sutturmak*)[1]. ئىدغام قىلىنغاندۇر.

سِتْردي sittürdi سىيدۇردى. اُلْ اغلِنْ سِتْردي *ol oqlïn sittürdi* — ئۇ ئوغلىنى سىيدۇردى. ئېتىنى سىيدۇرسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (سِتْرر ـ سِتْرماكْ *sittürür – sittürmək*). ئەسلى «سِيذْتُردي *siztürdi*» بولۇپ، ئىدغام قىلىنغان.

سَجْتردي saqturdi ساچتۇردى~چاچتۇردى. اُلْ مَنكا يَرماق سَجْتردي *ol maŋa yarmak saqturdï* — ئۇ ماڭا يارماق

---

[1] يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلنىڭ كەلگۈسى زامانى ئۇنىڭ ئىدغام قىلىنىشتىن بۇرۇنقى ئەسلى شەكلى بويىچە بېرىلگەن. بىز ئۆزگەرتمىدۇق.

چاچتۇردى (سجتر - سجترماق *saqturur - saqturmak*).

سِجترْدي sïqturdi چچتۇردى ~ چچقۇزدى. اُل اَنى سجترْدى — *ol ani sïqturdi* ئۇ ئۇنى چچتۇردى (سِجترْ - سِجترْماق *sïqturur - sïqturmak*).

سرتردي sürtürdi سۈرگۈزدى، سۈرگۈن قىلدۇردى، ھەيدەتتى. اُل انى سرتردي *ol ani sürtürdi* — ئۇ ئۇنى بىر جايدىن سۈرگۈن قىلدۇردى (سۈرتر - سرترماك *sürtürür - sürtürmək*). اُل اَنكر قوى سرتردي — *ol aŋar koy sürtürdi* ئۇ ئۇنىڭغا قوي ھەيدەتتى. داشقىلاردىمۇ شۇنداق.

سرتردي sürtürdi سۈردۈردى. اُل اَنكر تاش سرتردي — *ol aŋar tax sürtürdi* ئۇ ئۇنىڭغا تاش سۈردۈردى (پەدەزلەتتى). مەستىرى يۇقۇرقىدەك.

سرتردي sorturdï سوراتتى. اُل سرغ سرتردي — *ol soruq sorturdï* ئۇ سورىغىنى سوراتتى، يەنى يۇتكەن نەرسىنى سوراتتى.

سرتردي sorturdï شوراتتى. اُل قانغ سرتردي — *ol kaniq sorturdï* ئۇ قاننى شوراتتى، يەنى ئۇ قان ئالغۇ بىلەن

قان ئالدۇردى (سرترر - سرترماق *sorturur - sorturmak*).

سزتردى süztürdi سۈزدۇردى، سۈزۈلدۈردى. ال سوڤ سزتردى — *ol suv süztürdi* ئۇ سۇ سۈزۈلدۈردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (سزترر - سزترماك *süztürür - süztürmək*).

سستردى süstürdi سۈزدۇردى، ئۈستۈردى. ال قج سستردى — *ol koq süstürdi* ئۇ قوچقار ئۈستۈردى، سوقۇشتۇردى. (سسترر - سسترماك *süstürür - süstürmək*).

سشتردى səxtürdi شەشتۈردى ~ يەشتۈردى. ال تكون سشتردى — *ol tügün səxtürdi* ئۇ تۈگۈن يەشتۈردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (سشترر - سشترماك *səxtürür - səxtürmək*).

سشتردى saxturdï سۈرۈشتۈردى، سۈرۈشۈۋالدى، خالاس قىلدى. ال الم برم برلا سشتردى — *ol alïm bərim birlə saxturdï* ئۇ ئېلىمىنى بېرىمى بىلەن سۈرۈشۈۋالدى، يەنى ئالمىغان - بەرمىگەن بولدى (سشترر - سشترماق *saxturur - saxturmak*①).

---

① يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلنىڭ كەلگۈسى زامانى ۋە مەسدەردە «س» ھەرپى ھەم فەتھىلىك، ھەم كەسرىلىك ئېلىنغان بولسىمۇ، بىز بېسىم ئاتالاينىڭ يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلىدىكى كەسرىنىڭ قىرىۋېتىلگەنلىكى توغرىسىدىكى ئىزاھىنى توغرا تېپىپ، فەتھىنى ئىناۋەتلىك ھېسابلىدۇق.

سغترْدی saoqturdi ساغدۇردی. اُل قوی سغتردی — ol koy saoqturdi ئۇ قوي ساغدۇردى[1]. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (سغترر ـ سغترماق saoqturur – saoqturmak).

سِغترْدی sïoqturdi سىغدۇردى. اُل بیر نانکنی بیرکا سغتردی ol bir nəŋni birgə sïoqturdi — ئۇ بىر نەرسىنى بىر نەرسىگە سىغدۇردى (سغترر ـ سغترماق sïoqturur – sïoqturmak).

سَفترْدی səvtürdi سۆيدۇردى. اُل تنکری سنی منکا سفتردی ol təŋri səni maŋa səvtürdi — ئۇ تەڭرى سېنى ماڭا سۆيدۇردى، سېنىڭ مۇھەببىتىڭنى مېنىڭ قەلبىمگە سالدى (سفترر ـ سفترماك səvtürür – səvtürmək).

سقترْدی sukturdi سۇقتۇردى، سۇقۇندۇردى، يوشۇرغۇزدى. اُل بیر نانکنی بیرکا سقتردی — ol bir nəŋni birgə sukturdi ئۇ بىر نەرسىنى بىر نەرسىگە سۇقتۇردى (سقترر ـ سقترماق sukturur – sukturmak).

سقترْدی sokturdi سوقتۇردى. اُل مرج سقتردی ol murq —

---

[1] بەزى نۇسخىدا بۇ سۆز ئەرەبچە «اى انه احلب اللبن — ئۇ سۈت ساغدۇردى» دەپ ئىزاھلانغان، بىز تەرجىمىدە تۈركى جۈملىنى ئاساس قىلدۇق.

sokturdi ئۇ قارىمۇچ سوقتۇردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

سقتردی siktürdi سقتۇردى. ال ازم سقتردی — ol üzüm siktürdi ئۇ ئۈزۈم سقتۇردى. باشقا نەرسىلەر سقتۇرۇلىسمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (سقترر ـ سقترماق siktürür ـ sikturmak).

سکتردی søktürdi سوكتۇردى، چۇۋۇتتى. ال تون سکتردی — ol ton søktürdi ئۇ تون سوكتۇردى. تام ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى چۇۋۇتۇشقىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (سکترر ـ سکترماك søktürür ـ søktürmək).

سکتردی søktürdi سوكتۇردى، تىللاتتى. ال انی سکتردی — ol ani søktürdi ئۇ ئۇنى سوكتۇردى. ئەسلى «سوكتردی søktürdi» شەكلىدىدۇر. «و ـ ۋاۋ»لىق ئىدغام قىلىنغان① (سکترر ـ سکترماك søktürür ـ søktürmək).

سکتردی siktürdi سىكتۇردى. ار کنکن سکتردی — ər

① بىسىم ئاتالاي بۇ سۆزنىڭ يازما نۇسخىدا «ئىدغام قىلىنغان» دەپ ئىزاھلىنىشى توغرا ئەمەسلىكى، ئەسلىدە «يېنىكلىتىلگەن» بولۇشى لازىملىقى توغرىسىدا ئىزاھ بەرگەن. بىزمۇ «و ـ ۋاۋ» نىڭ قىسقارتىلىشىنى «يېنىكلىتىلگەن» لىكىنىڭ بەلگىسى دەپ قارايمىز.

سكتۈردى ئادەم (ئۇزىنىڭ) دېدىگىنى *künin siktürdi* (سِكْتُۈرْ ـ سِكْتُرْماكْ *siktürür - siktürmək*).

سَلْتُرْدِي salturdï سالدۇردى، سالدى، تاقابىل تۇرغۇزدى؛ پۇلاڭلاتـ قۇزدى. اُلْ مَنِي اَنْكارْ سَلْتُرْدِي *ol məni aŋar salturdi* — ئۇ مېنى ئۇنىڭغا سالدى. ئوغۇزچە. اُلْ مَنْكا يَنْكْ سَلْتُرْدِي *ol — maŋa yəŋ[1] salturdï* ئۇ ماڭا يەڭ پۇلاڭلاتقۇزدى، يەنى بىر كىمنى ماڭا يەڭ پۇلاڭلىتىشقا بۇيرۇدى (سَلْتُرْ ـ سَلْتُرْماقْ *salturur - salturmak*). ھەرقاندىاق بىر نەرسىنى تاشلىۋېتىشكە بۇيرۇسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

شَشْتُرْدِي xəxtürdi شەشتۈردى ~ يەشتۈردى. اُلْ تُكُونْ شَشْتُرْدِي *ol tügün xəxtürdi* — ئۇ تۈگۈن يەشتۈردى. باشقىلار دىمۇ شۇنداق. بۇ سۆز «س ـ ش» بىلەنمۇ كېلىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئەرەبچىدىمۇ بار. مەسىلەن: ئەرەبچىدە «مِسْكْ ـ ئىپار»، پارسچىدا «مِشْكْ — ئىپار» دېيىلىدۇ. يەنە ئەرەبچىدىكى «سُكَّرْ — شېكەر» سۆزى پارسچىدا «شَكَرْ» شەكلىدە كېلىدۇ. ئەرەبچىدىكى «عَسْكَرْ — ئەسكەر»

---

[1] بۇ سۆز يازما نۇسخىدا بۇ يەردە «يِنْكْ» شەكلىدە، 323 ـ بەتتە «يِينْكْ»، 383 ـ بەتتە «يِنْكْ»، 603 ـ بەتتە «يَنْكْ» شەكلىدە يېزىلغان. بىز «yəŋ» دەپ ترانسكرىپسىيە بەردۇق.

ۋە پارسچىدىكى «لَشكَر» سوزىمۇ شۇنداق.

سَجِغردى saqƣïrdi چاچاي دىدى، چاچقىلى قوپتى. اَر سوۋ سَجِغردى *ər suv saqƣïrdi* — ئادەم سۇ چاچقىلى قوپتى (سَجِغرار - سَجِغرماق *saqƣïrar - saqƣïrmak*)①.

سُجغُردى suqƣurdi سەكرەي دىدى، سەكرىگىلى قوپتى. اَت سُجغُردى *at suqƣurdi* — ئات سەكرىگىلى قوپتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (سُجغُرار - سُجغُرماق *suqƣurar - suqƣurmak*).

سَرغَردى sarƣardi ساغاردى ~ سارغايدى. سَرغَردى نانىڭ *nəŋ sarƣardi* — نەرسە سارغايدى (سَرغَرور - سَرغَرماق *sarƣarur - sarƣarmak*).

سِزغُردى sizƣurdi سىزدۇردى، ئېرىتتى. اَر ياغ سِزغُردى *ər yaƣ sizƣurdi* — ئادەم ياغ ئېرىتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (سِزغُرر - سِزغُرماق *sizƣurur -*

① يازما نۇسخىدا بۇ سوزنىڭ ھەر ئۈچ خىل شەكلىدە ئۈچىنچى ھەرپ «غ - ƣ» ھەم زەممىلىك، ھەم كەسرىلىك ئېلىنغان، بىز كەسرىنى ئىناۋەتلىك ھېساپلىدۇق.

(sizoqurmak). شۇنىڭدەك، قىزىتما (بەزگەك) كېسەل كىشىنى سىزدۇرۇۋەتسىمۇ (زەئىپلەشتۈرسىمۇ) «سِزغُرْدِي sizoqurdi» دېيىلىدۇ. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

كُنْكْلِي كُيُبْ قانِي قُرِبْ اَغْزِي اَجِبْ قتغرار
سِزْغُرْغَلِر اُذْكْلَر اَسِزْ يۈزِي بُرْقُرار

*kəŋli köyüp kanï kurïp aqzï aqïp katoqurar*①
*sïzoqurqalïr üziklər əssiz yüzi burkurar*②

[يۈرەك - باغرى كۆيۈپ، قېنى قۇرۇپ، ئاغزىنى ئېچىپ قاقاقلاپ كۈلدى،
ئىشقى - مۇھەببەت سەۋداسى ئۇنى سىزدۇرۇۋېتەي دېدى، ئىسىت، ئۇنىڭ سۇنغان چىرايىغا.]

---

① يازما نۇسخىدا بۇسوزنىڭ 2 - ھەرپىگە چېكىتمۇ، ھەرىكىمۇ قويۇلمىغان. بىز بۇ سوزنىڭ يازما نۇسخا 363 - بەتتە «قتغردي katoqurdi» شەكلىدە كەلگىنىگە ۋە «قاقاقلاپ كۈلۈش» مەنىسىنى بىلدۈرگىنىگە ئاساسەن، بېيىتنىڭ ئاتالايىنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىزاھىنى توغرا تېپىپ، «katoqurar» دەپ ئالدۇق.

② يازما نۇسخىدا بۇ پېئىل «بُرْقُرار» شەكلىدە يېزىلغان بولسىمۇ، بىز بۇ پېئىلنىڭ كەلگۈسى زامانى «burkurar» بولۇشىنى توغرا تاپتۇق.

ئاشىق خەلقنىڭ يېنىدا ئاغزىنى ئېچىپ قاقاقلاپ كۈلسىمۇ، ئۇنىڭ يۈرىكى كۆيگەن، قېنى قورۇلغان؛ ئىشىق ئۇنى زەئىپلەشتۈرمەكتە، ئىست، ئۇنىڭ سۇلغان چىرايىغا.

سۇغَرْدى suvoqardi سۇغاردى. اُلْ اَتْ سُغَرْدى ol at suvoqardi ئۇ ئات سۇغاردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (سُغَرُرْ - سُغَرْماقْ suvoqarur - suvoqarmak).

سَنْغَرْدى sanoqardi ساندى، ھېساپلىدى. اُلْ اَنى كِشيدَنْ سَنْغَرْدى ol ani kixidən sanoqardi ئۇ ئۇنى خەلقتىن دەپ ساندى (سَنْغَرُرْ - سَنْغَرْماقْ sanoqarur - sanoqarmak).

سَرْقُرْدى sarkurdi سارقىتتى. اُلْ ياغْنى قاپْتِنْ سَرْقُرْدى ol yaqni kaptin sarkurdi ئۇ ياغنى تۇلۇمدىن سارقىتتى. شۇنىڭدەك ھەرقانداق بىر سۇيۇقلۇقنى بىر قاچىدىن ئىككىنچى بىر قاچىغا قۇيغاندا تىۋىندە قېلىپ قالغان قىسمى تامىسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (سَرْقُرُرْ - سَرْقُرْماقْ sarkurur - sarkurmak).

سُوتْكَرْدى sütgirdi① سۇتلەشتى، سۈت ھالىتىگە كىردى، سۇيۇلۇپ قالدى. يغُرْتْ سُوتْكَرْدى yooqurt sütgirdi —

---

① بۇ يېرلىنىڭ ئوتكەن زامان شەكلىدە «ك - k» ھەرپى فەتھەلىك يېزىلغان. بىز ئۇنىڭ مەستەر ۋە كەلگۈسى زامان شەكلىگە ئاساسەن، كەسرىلىك قىلىپ ئالدۇق.

قىپتىق سۇتلەشتى، قىپتىق سۈيۈلۈپ قالدى (سُتْكِرار - سُتْكِرْماكْ (sütgirər - sütgirmək

سُسْكِرْدى süsgirdi ئۇسكىلى قوپتى، ئۇسمەكچى بولدى. سِغِرْ اَرِكْ سُسْكِرْدى sïqïr ərig süsgirdi — سىيىر (ئىنەك) ئادەمنى ئۇسكىلى قوپتى، ئۇسمەكچى بولدى (سُسْكِرار - سُسْكِرْماكْ (süsgirər - süsgirmək).

قَبْتُرْدى kapturdi بۇلاتتى، بۇلىغۇزدى. اُلْ اَنْكارْ تَڤارْ قَبْتُرْدى ol aŋar tavar kapturdi — ئۇ ئۇنىڭغا تاۋار (مال) بۇلاتتى (قَبْتُرُرْ - قَبْتُرْماقْ (kapturur - kapturmak).

قُبْتُرْدى kopturdi قوپتۇردى، تۇرغۇزدى. اُلْ اَنِى اُرُنْدِنْ قُبْتُرْدى ol anï orundïn kopturdi — ئۇ ئۇنى ئورنىدىن قوپتۇردى (قُبْتُرُرْ - قُبْتُرْماقْ (kopturur - kopturmak)[1].

قَجْتُرْدى kaqturdi قاچۇردى. اُلْ اَرِكْ قَجْتُرْدى ol ərig — ئۇ بىر ئادەمنى قاچۇردى. kaqturdi[2] باشقىلاردىمۇ شۇنداق

---

① بۇ سۆز «دىۋان»نىڭ تۈركچە ۋە ئۆزبەكچە تەرجىمىلىرىدە ئۈنتۇلغان.

② يازما نۇسخىدا بۇ جۈملىدىكى «اُلْ ol» سۆزى يوق. بىز تەرجىمە مەنىسىگە ئاساسەن قوشۇپ قويدۇق.

(قچتر - قچترماق kaqturur - kaqturmak).

قچترْدي kuqturdi قوْچاقلاتتى، قوْچاقلاتقوْزدى. اُلْ منى قچترْدي — ol mani kuqturdi ئۇ مېنى قوْچاقلاتتى، يەنى ماڭا ئۇنى قوْچاقلاتقوْزدى (قچترر - قچترماق kuqturur - kuqturmak).

قتّرْدي katturdi قاتتوْردى، قوشقوْزدى. اُلْ يِيبْ قتّرْدي — ol yip katturdi ئۇ (يىڭنىگە) يىپ قاتتۇردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. اُلْ تَلْقانْقا ياغْ قتّرْدي — ol talkanka yaq katturdi ئۇ تالقانغا ياغ قاتتۇردى. شۇنىڭدەك ھەرقانداق بىر نەرسە يەنە بىر نەرسىگە ئارىلاشتۇرۇلسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (قترر - قترماق katturur - katturmak).

قرترْدي karturdi قاقاتتى؛ قاتتۇردى. اُلْ انى سُفْقا قرترْدي — ol anï suvka karturdi ئۇ ئۇنى سۇغا قاقاتتى، يەنى ئۇنىڭ كىيىمنى ئاش ۋە سۇ بىلەن قاقالدۇردى. اُلْ انَكرْ ياغْ تَلْقانْقا قرترْدي — ol aŋar yaq talkanka karturdi ئۇ ئۇنىڭغا ياغنى تالقانغا قاتتۇردى. ئوغۇزچە (قرترر - قرترماق karturur - karturmak).

قرترْدي kurturdi قوْردوْردى؛ يىغدۇردى. اُلْ مَنكا ياقرترْدي

ol maŋa ya kurturdi — ئۇ ماڭا يا قۇردۇردى.

خان انكر جواج قرتردى han aŋar quwaq kurturdi —
خان ئۇنىڭغا چېدىر قۇردۇردى. خان بككا سوسين قرتردى
han bəgkə süsin kurturdi — خان بەگكە ئەسكىرىنى
يىغدۇردى (قرترر - قرترماق kurturur - kurturmak).

**قِرتردى** kirturdi قىردۇردى. ال انكر يير قِرتردى ol aŋar —
yər kirturdi ئۇ ئۇنىڭغا يەر قىردۇردى. باشقىلاردىمۇ
شۇنداق (قِرترر - قِرترماق kirturur - kirturmak).

**قَزتردى** kazturdi قازدۇردى، كولاتتى. ال انكر قَدَغ قزتردى
ol aŋar kažaq kazturdi — ئۇ ئۇنىڭغا ئۆستەڭ
قازدۇردى (قزترر - قزترماق kazturur - kazturmak).

**قُستردى** kusturdi قۇستۇردى. سجك ارِك قستردى süqük —
ər g kusturdi شاراپ ئادەمنى قۇستۇردى. ھەرقانداق
نەرسە بوياقنى قۇستۇرۇۋەتسىمۇ (بوياقنىڭ رەڭگىنى ئۆڭ-
دۇرۇۋەتسىمۇ) شۇنداق دېيىلىدۇ (قسترر - قسترماق
kusturur - kusturmak).

**قِستردى** kisturdi قىستۇردى ~ قىسقۇزدى، قىسقارتقۇزدى.
بَكْ اَنكْ اَذاقِن قِستردى bəg aniŋ ažakin kisturdi —

بەگ ئۇنىڭ ئايغىنى قىستۇردى. شۇنىڭدەك ئىسكەنجە بىلەن قىيناتىسمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. اَنِكْ اَشِنْ قِسْتُرْدِي *cnīŋ axīn kīsturdī* — ئۇنىڭ ئىشىنى قىسقارتقۇزدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. بۇنىڭ ئەسلى «اُلْ اَنِكْ تُونِنْ قِسْتُرْدِي *ol anīŋ tonīn kīsturdī* — ئۇ ئۇنىڭ تونىنى قىسقارتقۇزدى»دۇر. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (قِسْتُرُرْ - قِسْتُرْمَاقْ *kīsturur - kīsturmak*).

قَقْتُرْدِي kakturdī قاقتۇردى، ئۇردۇردى. اُلْ اَنِي بَشْرَا قَقْتُرْدِي *ol anī baxra kakturdī* — ئۇ ئۇنى (ئۇنىڭ) بېشىغا قاقتۇردى (قَقْتُرُرْ - قَقْتُرْمَاقْ *kakturur - kakturmak*).

قَلْتُرْدِي kalturdī قالدۇردى. اُلْ اَنِي يَرِشْتَا قَلْتُرْدِي — *ol anī yarīxta kalturdī* ئۇ ئۇنى (چېپىشىشتا) ئارقىدا قالدۇردى. شۇنىڭدەك ھەرقانداق نەرسىدە مۇسابىقىلىشىپ ئارقىدا قالدۇرۇشقىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (قَلْتُرُرْ - قَلْتُرْمَاقْ *kalturur - kalturmak*).

قُلْتُرْدِي kolturdī سوراتتى، تىلەتتى. اُلْ مِنْدِنْ نَانْكْ قُلْتُرْدِي *ol məndin nəŋ kolturdī* — ئۇ مەندىن نەرسە سوراتتى (قُلْتُرُرْ - قُلْتُرْمَاقْ *kolturur - kolturmak*).

قِلْتُرْدِي kilturdī قىلدۇردى. اُلْ اَنْكَرْ اِيشْ قِلْتُرْدِي — *ol*

قىلدۇردى ئۇ ئۇنىڭغا ئىش aŋar ix kilturdi قىلدۇردى
(قىلتۇر - قىلتۇرماق kilturmak - kilturur).

قامتۇردى kamturdi ھوشىدىن كەتكۈزدى، تېلىقتۇردى. ئۇل ئانى
ئۇرۇپ قامتۇردى ol ani urup kamturdi — ئۇ ئۇنى
ئۇرۇپ تېلىقتۇردى، تىنىقىنى ئۈچۈرۈۋېتەي دېدى
(قامتۇر - قامتۇرماق kamturmak - kamturur).

قومتۇردى komturdi داۋالغۇتتى، قوزغاتتى. يېل سۇۋۇق
قومتۇردى yəl suvuq komturdi — شامال سۇنى داۋالغۇتتى
(قومتۇر - قومتۇرماق komturmak - komturur).

قانتۇردى kanturdi قاندۇردى. ئول مەنى سۇۋقا قانتۇردى ol —
mani suvka kanturdi ئۇ مېنى سۇغا قاندۇردى
(قانتۇر - قانتۇرماق kanturmak - kanturur). بۇنىڭ ئەسلى
«د - d» بىلەن «قاندۇردى kandurdi» شەكلىدە
كېلىدۇ. سۇدىن باشقا نەرسىلەر ئۈچۈنمۇ شۇنداق
دېيىلىدۇ.

قوندۇردى kondurdi قوندۇرۇدى. ئول ئەۋىندا قۇش قوندۇردى
ol əvində kux kondurdi — ئۇ ئۆيىدە قۇش قوند-
ۇردى. ئول ئالتۇن ئۈزە جىش قوندۇردى ol altun üzə —

قوندۇردى. ئۇ ئالتۇن ئۈستىگە چەش *qəx kondurdï*

قوندۇرۇلۇشـ بىر نەرسە ئۈستىگە ھەرقانداق نەرسىنىڭ

*kondurur* ـ قندرر ـ قندرماق (دېيىلىدۇ) ھەممۇ شۇنداق

(*kondurmak*.

قتغردى katoqurdi قېتىپ قالدى، تېلىقىپ كەتتى. آر كُلُب

قتغردى *ər külü pkatoqurdi* — ئادەم كۈلۈپ قېتىپ

*katoqurar* ـ قتغرار ـ قتغرماق (قالدى، تېلىقىپ كەتتى

(*katoqurmak*.

قتغردى kutoqardi قۇتقاردى ~ قۇتقۇزدى ~ قۇتۇلدۇردى. تنكرى

منى قتغردى *təŋri məni kutoqardi* — تەڭرى مېنى

*kutoqarur* ـ قتغرر ـ قتغرماق (قۇتقۇزدى (قىيىنچىلىقتىن

(*kutoqarmak*.

قذغردم kažoqurdum قايغۇردۇم. من انكر قذغردم — *mən*

*aŋar kažoqurdum* مەن ئۇنىڭغا قايغۇردۇم. شېئىردا

مۇنداق كەلگەن:

تكلسا سنكا يلغرا

اوذن انى اذغرا

برسن نرو قذغرا
ستى منك ايمى

*kəlsə saŋa yoloqïra*
*użun anï ożoqura*
*barsun nərü każoqura*
*sattï məniŋ ayimï*

[ساڭا يولدا يولۇقسا،
ئۇيقۇدىن ئۇنى ئويغىتىپ قوي،
قايغۇرۇپ نېرى كەتسۇن،
مېنىڭ خىزمەتچىمنى ساتتى.]

ئۆزىگە خىيانەت قىلغان بىر كىشى توغرىسىدا يەنە بىر كىشىگە شۇنداق دەيدۇ: ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ ساڭا يولۇقسا، ئۇنى ئۇيقۇسىدىن ئويغات، ئۇنىڭ قىلمىشىنى تونۇتۇپ قوي، قايغۇرغان پېتى نەگە كەتسە كېتىۋەرسۇن، چۈنكى ئۇ مېنىڭ خىزمەتچىمنى رۇخسەتسىز سېتىۋەتتى.

بۇ سۆز «ذ ـ خ» ئورنىغا «ي ـ يا» قوللىنىدىغانلارنىڭ تىلىدا «قيغراز *kayoqurar*» دېيىلىدۇ (قذغرار- قذغرماق *każoqurar - każoqurmak*).

قزغردى kuzoqïrdi ئۇچقۇنلىدى. قار قزغردى *kar* —

قار ئۇچقۇنلىدى *kuzoqirdi* (قۇزغىراز - قۇزغىرماق
*kuzoqirar - kuzoqirmak*). قىپچاقچە.

قۇرغىردى kuroqirdi قۇرغىدى، قۇرۇشقا باشلىدى. يېر قۇرغىردى
*yər kuroqirdi* — يەر قۇرغىدى. نەملىكنىڭ ئازلىغى-
دىن باشقا نەرسىلەرنىڭ قۇرغىشىمۇ مۇشۇنداق دېيىلىدۇ
(قۇرغىراز - قۇرغىرماق *kuroqīrar - kuroqirmak*).

قۇرغىردى kuroqirdi قۇرۇق مىجەزلىك قىلدى، تەنتەكلىك
قىلدى، يېنىكلىك قىلدى. ئەر قۇرغىردى *ər kuroqirdi* —
ئادەم قۇرۇق مىجەزلىك قىلدى، يەنى يېنىكلىك قىلدى.
باشقىلاردىمۇ شۇنداق (قۇرغىراز - قۇرغىرماق *kuroqirar* -
*kuroqirmak*).

قىزغۇردى kizoqurdi پەندىيات قىلدۇردى. ئول ئانى بۇ ايشتا
قىزغۇردى *ol anī bu ixta kizoqurdi* — ئۇ ئۇنى
بۇ ئىشتا پەندىيات قىلدۇردى، ئۇنىڭغا قىلمىشىنىڭ جازا-
سىنى تارتقۇزدى، ئەمدى ئۇ مۇنداق قىلمايدىغان بولدى
(قىزغۇرۇر - قىزغۇرماق *kizoqurur - kizoqurmak*).

قولغىردى koloqirdi سورىغلى قوپتى. ئول مەندىن قولغىردى *ol* —
*məndin koloqirdi* ئۇ مەندىن (بىر نەرسە) سورىغلى

قوپتى (قلْغراز ـ قلْغرْماق *kolqirar ـ kolqirmak*).

**قَمْغِرْدى** kamoqirdi قىيسىيىشقا تاس قالدى، قىيسايغىلى قوپ ـ تى. اَنلْكْ يۇزى قمْغرْدى *anin yüzi kamoqirdi* — ئۇنىڭ يۈزى قىيسايغىلى قوپتى (قمْغِراز ـ قمْغِرْماق *kamoqirar ـ kamoqirmak*). شۇنىڭدەك قىڭغىر ـ قىيسىق بولۇشقا يۈزلەنگەن ھەرقانداق نەرسە ئۈچۈنمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

**كَجتْرْدى** kəqtürdi كەچتۈردى، ئۆتكۈزدى. اُلْ اَنى سُفْدِن كَجتْرْدى *ol ani suvdin kəqtürdi* — ئۇ ئۇنى سۇ ـ دىن كەچتۈردى، يەنى ئۆتكۈزدى (كَجتْرُرْ ـ كَجتْرماك *kəqtürür ـ kəqtürmək*).

**كَرْتُرْدى** kərtürdi كەردۈردى، يايدۇردى، تارتقۇزدى. اُلْ اَنلْكْ تُوِنِنْ كُنْكا كَرْتُرْدى *ol anin tonin küngə kərtürdi* — ئۇ ئۇنىڭ تونىنى كۈنگە كەردۈردى، يەنى يايدۇردى. شۇنىڭدەك «اُلْ يِيبْ كَرْتُرْدى *ol yip kərtürdi* — ئۇ يىپ (تانا) تارتقۇزدى» دېيىلىدۇ. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (كَرْتُرُرْ ـ كَرْتُرماك *kərtürür ـ kərtürmək*).

كُرتُردي kərtürdi كورگوزدي. كورسەتتي. اُل اَنگر ناڭ كُرتُردي — ol aŋar nəŋ kərtürdi — ئۇ ئۇنىڭغا نەرسە كورگوزدي (كرترر - كرترماك kərtürür - kərtürmək).

كِرتُردي kirtürdi كىردۇردي ~ كىرگوزدي. اُل اَني اَفكا كِرتُردي — ol anī əvgə kirtürdi — ئۇ ئۇنى ئۆيگە كىردۇردي. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (كِرتُرر - كِرتُرماك kirtürür - kirtürmək).

كَستُردي kəstürdi كەستۇردي. اُل اَنگر يِغاج كَستُردي — ol aŋar yïɣaq kəstürdi — ئۇ ئۇنىڭغا ياغاچ كەستۇردي. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (كَستُرر - كَستُرماك kəstürür - kəstürmək).

كَفتُردي kəvtürdi ئاجىزلاتقۇزدي ~ ئاجىزلاتتۇردي. اُل اَنِڭ كُوجِن كَفتُردي — ol anïŋ küqin kəvtürdi — ئۇ ئۇنىڭ كۇچىنى ئاجىزلاتتۇردي (كَفتُرر - كَفتُرماك kəvtürür - kəvtürmək).

كُلتُردي kültürdi كۇلدۇردي. اُل مَني كُلتُردي — olməni kültürdi — ئۇ مېنى كۇلدۇردي (كُلتُرر - كُلتُرماك kültürür - kültürmək).

كُلْتُرْدِي kültürdi چىدەرلىدى. اُلْ آتْ آذاقِن كُلْتُرْدِي ol — at ažakin kültürdi ئۇ ئاتنىڭ ئايىغىنى چىدەرلىدى.

كَلْتُرْدِي kəltürdi كەلتۈردى. اُلْ مَنكا آتْ كَلْتُرْدِي ol — maŋa at kəltürdi ئۇ ماڭا ئات كەلتۈردى (كَلْتُرُر- كَلْتُرْماكْ kəltürür - kəltürmək). بۇ سۆز ئوغۇزلاردا «ت - t» بىلەن، تۈركلەردە «د - d» بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. ئوغۇزلارنىڭ ئادىتى شۇكى، ئۇلار تۈركلەردىن پەرقلەندۈرۈپ، «د - d»نى «ت - t» غا، «ت - t» نى «د - d» غا ئايلاندۇرىدۇ. تۈركلەر تۆگىنى «تَفِي təva» دىسە، ئوغۇزلار «دَوا dəwə» دەيدۇ. تۈركلەر «تېخى» دىگەن سۆزنى «تَقِي taki» دىسە، ئوغۇزلار «دَقِي daki» دەيدۇ.

كِكْجُرْدِي kikqürdi جەيلىدى، قايرىدى، سۈركەشتۈردى؛ كۈشكۈرتتى. اَرْ بِجاكْ كِكْجُرْدِي ər piqək kikqürdi — ئادەم پىچاق جەيلىدى، بىر پىچاقنى ئىككىنچى پىچاققا جەيلىدى (سۈركەپ ئىتتىكلەتتى). اُلْ اِكِي اَرْ كِكْجُرْدِي ol ikki ər kikqürdi — ئۇ ئىككى ئادەمنى (بىر-بىرىگە) كۈشكۈرتتى (كِكْجُرُرْ - كِكْجُرْماكْ kikqürür - kikqürmək).

كۆمتۈردى kəmtürdi كومدۇردى. اۇل يېردا نانلۇك كۆمتۈردى — ئۇ يەرگە بىر نەرسە ol yərdə nəŋ kəmtürdi كومدۇردى (كۆمتۈر - كۆمتۈرماك kəmtürür -kəmtürmək).

كۈلسىردى külsirdi كۈلۈمسىرەيدىغاندەك قىلدى. اەر كۈلسىردى — ئادەم كۈلۈمسىرەيدىغاندەك كورۈندى. ər külsirdi كۈلۈمسىرىسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (كۈلسىرار - كۈلسىرماك külsirər - külsirmək).

كەدكىردى kədgirdi تۇسۇنلۇق قىلدى، شاشلىق قىلدى. اَت كەدكىردى — ئات تۇسۇنلۇق قىلدى at kədgirdi (كەدكىرار - كەدكىرماك kədgirər - kədgirmək).

كەزكەردى kəzgərdi گەزلىدى، كەسلىدى، كەرتىكلىدى. اەر اوق كەزكەردى — ئادەم ئوق گەزلىدى، ər ok kəzgərdi يەنى ئوققا گەز چىقاردى (كەزكەرر - كەزكەرماك kəzgərür - kəzgərmək).

كۆزكەردى kəzgərdi كورگۈزدى ~ كورسەتتى. اۇل اَتامنى مَنكا كۆزكەردى — ئۇ ئاتامنى ol atamni maŋa kəzgərdi ماڭا كورگۈزدى. بۇ ئۇچرىشىشتۇر (كۆزكەرر - كۆزكەرماك

.(kəzgərür - kəzgərmək

كُزْكَرْدى küzgərdi كۆزگە يۈزلەندى. اۆزْلَكْ كُزْكَرْدى
كۆزگە يۈزلەندى (ۋاقىت) زامان — əzlək küzgərdi
.(küzgərür - küzgərmək كُزْكَرْ- كُزْكَرْماكْ)

كَلْكِرْدى kəlgirdi كەلگىلى قوپتى. اُلْ مَنْكا كَلْكِرْدى ol —
maŋa kəlgirdi ئۇ ماڭا كەلگىلى قوپتى (كَلْكِراْ-
.(kəlgirər - kəlgirmək كَلْكِرْماكْ

كُنْكَرْدى kəngərdi كوندۈردى، توغرىلىدى، تۈزلىدى؛ (يول
كورسەتتى، ئىقرار قىلدۇردى. اُلْ اُقْ كُنْكَرْدى ol —
ok kəngərdi ئۇ ئوق كوندۈردى، يەنى ئۇ ئوقنى
توغرىلىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. اُلْ يُولْ كُنْكَرْدى
ol yol kəngərdi — ئۇ يول كورسەتتى. بَكْ اُغْرِينى
كُنْكَرْدى bəg oqrïnï kəngərdi — بەگ ئوغ-
رىنى ئىقرار قىلدۇردى (كُنْكَرُرْ - كُنْكَرْماكْ - kəngərür
.(kəngərmək

مُنْدُرْدى mündürdi مىندۈردى. اُلْ مَنْكا اَتْ مُنْدُرْدى ol—
maŋa at mündürdi ئۇ ماڭا ئات مىندۈردى.

باشقىلاردىمۇ شۇنداق (مۈندۈرۈر ـ مۈندۈرمەك *mündürür* ـ *mündürmək*).

مَنْدُرْدِي mandurdi تاقاتتى، ئاستۇردى؛ مىلەتتى، مىلەتكۈزدى.

ئُلْ مَنْكا قِلِجْ مَنْدُرْدِي — *ol maŋa kiliq mandurdi* ئۇ ماڭا قىلىچ تاقاتتى. ئُلْ مَنْكا اَتْماكِكْ ياغْقا مَنْدُرْدِي — *ol maŋa ətməkig yaqka mandurdi* ئۇ ماڭا نانىنى ياققا مىلەتتى، مىلەتكۈزدى (مَنْدُرُرْ ـ مَنْدُرْماقْ *mandurur* ـ *mandurmak*).

مَنْغِرْدِي manqirdi مىلىگىلى قويتى. ئُلْ اَتْماكِكْ ياغْقا مَنْغِرْدِي — *ol ətməkig yaqka manqirdi* ئۇ نانىنى ياققا مىلىگىلى قويتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (مَنْغِرارْ ـ مَنْغِرْماقْ *manqirar* ـ *manqirmak*).

بۇ قىسىمدىكى پېئىللار توت تۈرلۈك بولىدۇ:

بىرىنچىسى، ئەسلى ئىككى ھەرپلىك بولۇپ، ئىككى ھەرپتىن ئاشۇرۇلغاندىن كېيىن ئۈتۈملۈك بولىدىغان پېئىللار. مەسىلەن: «بَرْدِي *bardi* ـ باردى» پېئىلىنى «بَرْتُرْدِي *barturdi* — باردۇردى~بارغۇزدى»، «اَرْ سُفْقا قَرْدِي — ئادەم سۇغا قاقىدى» *ər suvka kardi*، يەنى سۇ كوپ كىرىپ كەتكەنلىكتىن قاقىدى» دىگەننى «اَنِي سُفْقا قَرْتُرْدِي

*ani suvka karturdi* — ئۇنى سۇغا قاقاتتى» شەكلىگە
ئايلاندۇرغانغا ئوخشاش.

دېمەك، ئەسلىدە ئىككى ھەرپلىك ئوتتۇمسىز پېئىل-
لار ئىككى ھەرپتىن ئېشىشى بىلەن ئوتتۇملۇق پېئىلغا
ئايلىنىدۇ ياكى ئەسلىدە ئىككى ھەرپلىك ئوتتۇملۇق پېئىلغا
«تُرْ» *tur // tür* قوشۇلىدۇ. مەسىلەن: «اَرْ يا قُرْدِي *ər*—
*ya kurdi* ئادەم يا قۇردى» دېگەن جۈملىنى ئالساق،
بۇ يەردە ئىشلىگۈچى بىردۇر. ئەگەر بىر كىم بىرەر
ئىشنى قىلىشقا تەكلىپ قىلىنسا ياكى مەجبۇر قىلىنسا،
ئۇ چاغدا پېئىلغا «تُرْ» *tur // tür* قوشۇلۇپ «اُلْ اَنْكَرْ
يا قُرْتُرْدِي *ol aŋar ya kurturdi* — ئۇ ئاگا يا قۇر-
دۇردى» قىلىنىدۇ. بۇ يەردە ئىشلىگۈچى ئىككى شەخس
— بىرى مەجبۇر قىلغۇچى (بۇيرۇغۇچى)، ئىككىنچىسى
ئىش-ھەركەتنى بىۋاستە ئۆزى قىلغۇچىدۇر. ئەرەبچە-
دىكى «نَقَطَ الرَّجُلُ الْمُصْحَفَ وَ انْقَطَهُ غَيْرُهُ» ۋە «اَقَطَ
السُّنْبُلُ وَ الْقَطَهُ غَيْرُهُ» دېگەنگە ئوخشاش. بۇنىڭدىكى
«انْقَطَهُ» ۋە «الْقَطَهُ» دېگەن پېئىللاردا ئىككىدىن
ئىشلىگۈچى شەخس بار.

ياكى پېئىلغا «غُرْ» *qur*، «كُرْ» *gür* قوشۇلىدۇ.
مەسىلەن: «اَتْ تُرْدِي *at turdi* — ئات ھاردى»، «اَرْ اَتِنْ
تُرْغُرْدِي *ər atïn turqurdi* — ئادەم ئېتىنى ھارغۇز-

دى» دېگەنگە ئوخشاش. شۇنىڭدەك «آر يقارو تردى
ər yokaru turdi — ئادەم ئورە تۇردى، ئادەم قوپتى»
دېگەن جۈملىدىكى «تردى turdi» پېسلى ئوتتۇملۇك قى-
لىنسا، «آنى ترغردى anï turqurdï — ئۇنى تۇرغۇزدى،
ئۇنى قوپقۇزدى» شەكلىدە بولىدۇ.

يەنە شۇنىڭدەك، «ياغ آرودى yaq ərüdi —
ياغ ئېرىدى» جۈملىسىدىكى «آرودى ərüdi» پېسلى
ئوتتۇملۇك قىلىنسا، «آر ياغ آركردى ər yaq ərgürdi —
ئادەم ياغ ئېرىتتى» شەكلىدە بولىدۇ. «اق كندى
ok kəndi — ئوق كوندى» جۈملىسىدىكى «كندى
kəndi» پېسلى ئوتتۇملۇك قىلىنسا، «اقجى كندكردى
okqi kəndgərdi — ئوقچى (ئوقنى) كوندۈردى»
شەكلىدە بولىدۇ.

يۇقۇرقى قوشۇمچىلاردىكى «ت - t»، «غ - q»،
«ك - g» ھەرپلىرى پېسلنى ئوتتۇملۇك قىلىدىغان
ھەرپلەر ئەمەس. پېسلنى ئوتتۇملۇك قىلىدىغان ھەرپ يەقەت
«ر - r» ھەرپىدۇر. «قش اجردى kux uqurdi —
قۇش ئۇچۇردى»، «سوق كجردى suv kəqürdi — سۇ

كەچۈردى» دىگەن جۈملىلەردىكى پېئىللار پەقەت «ر - r» قوشۇلۇش بىلەنلا ئۆتۈملۈككە ئايلاندى. يۇقۇرىدىكى مىساللارمۇ شۇنداق.

تەلەپپۇزدا ئاسان بولۇش ئۈچۈن، بۇ پېئىللارغا «ت t»، «غ - q»، «ك - g» ھەرپلىرى قوشۇلىدۇ. ئەنە شۇنداق بۇ پېئىللارغا مۇشۇ ھەرپلەر قوشۇلمايدىغان بولسا، ئۇ چاغدا بۇ پېئىللارنىڭ ئۆتۈملۈك شەكلىنىڭ ئۆتكەن زاماندا ئىككى «ر - r»، كەلگۈسى زاماندا ئۈچ «ر - r» بىر يەردە كېلىپ قالغان بولاتتى. مەسىلەن: «غ - q» بولمىغان بولسا، «قتغردى kutoqardi — قۇتقۇزدى» پېئىلىنى ئۆتكەن زاماندا «قترردى kutrardi»، شۇنىڭدەك «سۇغردى suvoqardi — سۇغاردى» پېئىلىنى ئۆتكەن زاماندا «سۇرردى suvrardi» دېيىشكە، كەلگۈسى زاماندا «قتررر kutrarur» ۋە «سۇررر suvrarur» دېيىشكە توغرا كېلەتتى. بۇ ھالدا «ر - r» ھەرپىنىڭ بىرى سوزنىڭ يىلتىزىدا بار بولغان، ئىككىنچىسى ئۆتۈملۈككە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن، ئۈچىنچىسى كەلگۈسى زامان قوشۇمچىسى سۈپىتىدە كەلگەن بولىدۇ. شۇڭا، سوزنىڭ ئەسلىدىكى «ر - r» ھەرپى قاتتىق تەلەپپۇز قىلىنىدىغان سوزلەردە «ت - t» غا، ئەركىشىدە «ق - k» كەلگەن ياكى توشقۇزۇپ ئېيتىلىدىغان سوزلەردە «غ - q» غا، ئەركىشىدە «ك - k، g» كەلگەن ياكى يۇمشاق ئېيتىلىدىغان سوزلەردە «ك - g» گە

ئايلاندۇرۇلغان. مۇنداق قىلىنغاندا سوز يىقىملىق بولىدۇ.

ئىككىنچىسى، ئەسلىدە ئۈچ ھەرپتىن تۈزۈلگەن ئوتتۇمسىز پېئىللارنىڭ ئوتتۇملۇققا ئايلىنىدىغانلىرىمۇ مۇشۇ باپقا كىرىدۇ. مەسىلەن: «اَرْ تِرِلْدِي ər tirildi — ئادەم تىرىلدى» جۈملىسىدىكى «تِرِلْدِي tirildi» پېئىلى ئوتتۇملۇققا ئايلاندۇرۇلسا، «تِرْگُرْدِي tirgürdi» بولىدۇ. مەسىلەن: «تَنْگْرِي تِرْگُرْدِي təŋri tirgürdi — تەڭرى تىرىلدۈردى» گە ئوخشاش. «اَرْ قِزِلْدِي ər kizildi — ئادەم قىيىلدى، جازالاندى» دىگەن جۈملىدىكى پېئىل ئوتتۇملۇققا ئايلاندۇرۇلسا، «قِزْغُرْدِي kizqurdi» بولىدۇ. مەسىلەن: «اَنِي قِزْغُرْدِي ani kizqurdi — ئۇنى جازالاندۇردى، يەنى ئوز ئىشىنىڭ جازاسىنى تارتقۇزدى» دىگەنگە ئوخشاش.

ئۈچىنچىسى، ئەسلىدە ئوتتۇمسىز پېئىل بولۇپ، ئۇ بىر ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىشقا ئاز قالغانلىقى، ئىش-ھەرىكەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش نىيەت قىلىنغانلىقى، لېكىن پېئىلنىڭ تەدرىجى، ئاز-ئازدىن ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: «سُوْ تَمْجَرْدِي suv tamqardi — سۇ تامچىدى، يەنى بولۇپتىن سۇ ئاز-ئازدىن تامچىلىدى»، «اَشِجْ تَشْغَرْدِي əxiq taxqardi —

قازان تاشقىلى قوپتى» دېگەنگە ئوخشاش.

پېئىل بۇ مەنىدە كەلسە، ئىككىنچى ھەرپ ئۆتكەن زامان ۋە كەلگۈسى زاماندا ساكىنلىق كېلىدۇ، پەقەت تۆتىنچى ھەرپ كەلگۈسى زاماندا فەتھىلىك كېلىدۇ.

تۆتىنچىسى، پېئىل بۇ مەنىلەردىن ھېچقايسىسىنى بىلدۈرمەي، پەقەت ئۆز مەنىسىدىلا كېلىدۇ. مەسىلەن: «تَنْكْرِي مَنِي قُتْغَرْدِي — *tənri məni kutqardï* — تەڭرى مېنى قۇتقۇزدى» دېگەنگە ئوخشاش. «اَرْ قتْغَرْدِي *ər* — *katqurdï* ئادەم تېپىلىپ كۈلدى» دېگەنمۇ شۇنداق.

بۇ باپتىكى پېئىللاردا باشقا بىر كىمىنىڭ ئىشقا يارىدەم قىلغانلىقى ۋە بەسلەشكەنلىكى ئىپادىلەنمەكچى بولسا، پېئىلغا «د - *d*» ھەرپىدىن ئاۋۋال «ش - *x*» قوشۇلىدۇ. مەسىلەن: «اَلْ مَنْكا اَتْ سُغْرِشْدِي — *ol maŋa at suvqarïxdï* ئۇ ماڭا ئات سۇغىرىشىپ بەردى»، «اَلْ مَنِنْكْ بِرْلَا قَرِنْ تُذْغُرْشْدِي — *ol məniŋ birlə karïn tozquruxdï* ئۇ مېنىڭ بىلەن قېرىن تويغۇزۇشتى، يەنى قېرىن تويغۇزۇشتا بەسلەشتى» دېگەندەك.

ئەمەلىيەتتە قىلمىغان، لېكىن ئۆزىنى شۇ ئىشنى قىلىۋاتقاندەك قىلىپ كۆرسىتىش مەنىسى ئىپادىلەنمەكچى بولسا، ئىككى خىل ئۇسۇل قوللىنىلىدۇ:

بىرى، «د - *d*» ھەرپىدىن ئاۋۋال «ن - *n*» ھەرپى قوشۇلىدۇ. بۇنىڭ قائىدىسى سۆزلەپ ئۆتۈلدى. مەسىلەن:

«اَلْ اَتْ سُغَرِنْدي *ol at suvoqarindi* — ئۇ ئات سۇغىرىۋاتقاندەك كورۈندى»، «اَلْ قَرِنْ تَذْغُرُنْدى *ol karin tozoqurundi* — ئۇ قىرىنى تويغۇزۇۋاتقاندەك كورۈندى ياكى ئۇزىلا تويغۇزۇۋالغاندەك قىلدى» دىگەندىكىدەك.

بۇ ئۇسۇلنىڭ ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ ياخشى، ئەڭ كوپ قوللىنىلىدىغان شەكلى شۇكى، پېئىلغا «ن - *n*» دىن ئاۋال «مس - *ms*» قوشۇلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ شەكىلدە «ن - *n*» بىلەن قوشۇلۇپ ئۈچ ھەرپ كەلگەن بولىدۇ. مەسىلەن: «اَلْ اَتْ سُغَرِمْسِنْدي *ol at suvoqarimsindi* — ئۇ ئات سۇغىرىۋاتقاندەك كورۈندى». بۇنداق قوشۇلغان ھەرپلەردىن «ن - *n*» بىلەن «م - *m*» ساكىنلىق، «س - *s*» ھەرپى كەسرىلىك كېلىدۇ. بۇ مەسىلە ئوز ئورنىدا سوزلىنىدۇ.

بُلْدُزْدِي bulduzdi تاپتۇردى. بُلْدُزْدِي نَنْكْني *bulduzdi* — *nəyni* بىر نەرسىنى تاپتۇردى (بُلْدُزُرْ - بُلْدُزْماقْ *bulduzur* — *bulduzmak*).

بِلْدُزْدِي bildüzdi بىلدۈردى، ئۇگەتتى. اَلْ مَنْكا اِيش بِلْدُزْدي *ol maŋa ix bildüzdi* — ئۇ ماڭا ئىش بىلدۈردى (بِلْدُزُرْ - بِلْدُزْماكْ *bildüzür* — *bildüzmək*). بۇ ئوغۇزچە سوز بولۇپ، قائىدىگە ئۇيغۇن ئەمەس. تۈركلەر بۇنداق سوزلىمەيدۇ.

**بۇربۇشدى** burbaxdi چىگىشلەشتى، ئارىلاشتى. ايش بۇربۇشدى — *ix burbaxdi* — ئىش چىگىشلەشتى، باشقىلاردىمۇ شۇنداق (بۇرباشۇر - بۇرباشماق *burbaxur - barbaxmak*).

**بەرتىشدىلار** bərtixdilər زەخىملەشتى، يارىلاشتى. الار بير ايكىنديـنينك كۆنگلين بەرتىشدىلار — *olar bir ikindiniŋ kəŋlin bərtiixdilər* — ئۇلار بىرى ئىككىنچىسىنىڭ كۆڭلىنى يارىلاشتى (بەرتىشۇر- بەرتىشماك *bərtixür-bərtixmək*).

**بوغرۇشدى** booqruxdi يۇلۇشتى، بۇقۇرۇشتى. اول منكا يغاج بوغرۇشدى — *ol maŋa yiqaq booqruxdi* — ئۇ ماڭا ياغاچ يولۇشۇپ بەردى. يونۇشتا بەسلىشىشكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (بوغرۇشۇر - بوغرۇشماق *booqruxur - booqruxmak*).

**بۇترۇشدى** pütrüxdi چىن پۈتتۈرۈشتى، ئىقرار قىلدۇرۇشتى. الار ايكي بۇترۇشدى — *olar ikki pütrüxdi* — ئۇلار ئىككىسى چىن پۈتتۈرۈشتى، يەنى دەۋالارغا تونۇق كەلتۈرۈپ، بىر - بىرىنى قايىل قىلدۇرۇشتى (بۇترۇشۇر- بۇترۇشماك *pütrüxür - pütrüxmək*).

بَتْرُشْدِي patruxdi پاتۇرۇشتى. اُلَارْ اِكِّي بِيرْ بِيرِكْ سُقْقا بَتْرُشْدِي — olar ikki bir birig suvka patruxdi ئۇلار ئىككىسى بىر - بىرىنى سۇغا پاتـۇرۇشتى (بَتْرُشُور - بَتْرُشْماق patruxur - patruxmak).

بَكْلَشْدِي bəkləxdi ۋەدىـلەشتى؛ بـەكىتىشتى، ساقلاشتى. اُلْ مَنِكْ بِرْلا بَكْلَشْدِي — ol məniŋ birlə bəkləxdi ئـۇ مېنىڭ بىلەن ۋەدىلەشتى. اُلْ مَنْكا قَبُغْ بَكْلَشْدِي — ol maŋa kapuƣ bəkləxdi ئۇ ماڭا قوۋۇق بەكىتىشىپ بەردى. اُلْ مَنْكا اَتْ بَكْلَشْدِي — ol maŋa at bəkləxdi ئۇ ماڭا ئات ساقلىشىپ بەردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. ئـوخـشاش (بَكْلَشُورْ. بَكْلَشْماكْ - bəkləxür bəkləxmək).

تُرْبِشْدِي türpixdi[①] تۈرپىكلەشتى، چوپسىلاشتى. اُلْ مَنِكْ بِرْلا يِغاجْ تُرْبِشْدِي — ol məniŋ birlə yiƣaq türpixdi ئـۇ مېنىڭ بىلەن ياغاچ چـوپـسـىلاشتى.

---

① بازىدا نۇسخىدا بۇ پېئىلنىڭ ئۇچىنچى ھەرپى «ب - p» ئۇستىگە زەممە قويۇلغان بولسىمۇ، بىز ئۇنىڭ كەلگۈسى زامان ۋە مەسـتەر شەكىللىرىگە ئاساسەن، كەسرىلىك قىلىپ ئالدۇق.

چۈپىسلىشىپ بىرىشكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (تُرْبِشُورْ - تُرْبِشْماكْ türpixür – türpixmək).

**تَبْرَشْدِى** təbrəxdi — تەۋرەشتى. كِشِى قَمُغْ تَبْرَشْدِى *kixi kamuoq təbrəxdi* — ھەممە كىشى تەۋرەشتى. شۇنىڭدەك ھەرقانداق نەرسىنىڭ تەۋرىشىگىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (تَبْرَشُورْ - تَبْرَشْماكْ *təbrəxür – təbrəxmək*). شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

اُلْ قَرْ قَمُغْ قِيشِنْ اِنارْ
اَشْلِقْ تَرِغْ اَنِنْ اُونارْ
يَفْلَقْ يَغِي مَنْدا تِنارْ
سَنْ كَلِبَنْ تَبْرَشُورْ

*ol kar kamuoq kixin inar*
*axlik tarioq anin ünər*
*yavlak yaoqi məndə tinar*
*sən kəlipən təbrəxür*

[پۈتۈن قار قىشتا چۈشىدۇ،
تېرىق، بۇغداي شۇنىڭ بىلەن ئۈنىدۇ،
ياۋۇز دۈشمەن مەندە تىنىدۇ،
سەن كېلىش بىلەن تەۋرىشىدۇ.]

ياز بىلەن قىشنىڭ مۇنازىرىسى تەسۋىرلەنگەندە، قىش يازغا قارىتىپ شۇنداق دەيدۇ: پۈتۈن قار قىشلىقى ياغىدۇ، شۇنىڭ بىلەن يازدا ئاشلىقلار ئۈنىدۇ؛ دۈشمەن قىشتا تىنچىيدۇ، ئۇرۇش قىلمايدۇ، ئەي، ياز! سەن كېلىش بىلەن ئۇ ھەرىكەتلىنىدۇ.

**تَلْپِشْدِي** talpïxdi تەلپۈنۈشتى، ئىنتىلىشتى، لەپىلدەشتى، يەلپۈنۈشتى. قُشْلارْ قَمُغْ تَلْپِشْدِي — *kuxlar kamuƣ talpïxdi* ھەممە قۇشلار تەلپۈنۈشتى (قانات قاقتى). بَتْرَقْ قَمُغْ تَلْپِشْدِي — *batrak*① *kamuƣ talpïxdi* ھەممە بايراق لەپىلدەشتى، تۇغ ئۇچىدىكى چۇچىلىرى يەلپۈنۈشتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (تَلْپِشُرْ- تَلْپِشْماقْ *talpïxur – talpïxmak*).

**تَرْتِشْدِي** tartïxdi تارتىشتى، سوزۇشتى. اُلْ مَنْكا اُرُقْ تَرْتِشْدِي — *ol maŋa uruk tartïxdi* ئۇ ماڭا ئاغامچا تارتىشتى. تَرْتِشْدِي نانْكْ — *tartïxdi nəŋ* نەرسە تارتىشتى، يەنى نەرسىنىڭ بۆلەكلىرى بىر-بىرىنى تارتىشتى. اُلْ مَنِكْ بِرْلا يا تَرْتِشْدِي — *ol məniŋ birlə ya tartïxdi* ئۇ

---

① بىز يازما نۇسخا 234 - بەتتە بۇ سۆزنىڭ «بترق» شەكلىدە يېزىلغىنىغا ئاساسەن، «*batrak*» دەپ ئالدۇق.

مېنىڭ بىلەن (بەسلىشىپ) يا تارتىشتى. اُلْ مَنَكَ اَلْتُنْ
تَرْتِشْدِي ol maŋa altun tartïxdi — ئۇ ماڭا ئالتۇن
تارتىشىپ بەردى. ھەرقانداق بىر نەرسىنى (تارازىدا)
تارتىشقىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ (تَرْتِشُورْ-تَرْتِشْماق
tartïxur - tartïxmak).

تُرْتُشْدِي türtüxdi سۈركەشتى، سۈرۈشتى، سۈۋاشتى. اُلْ مَنِنْكْ
بِرْلا قَغْشْقا ياغْ تُرْتُشْدِي — ol məniŋ birlə koquxka
yaq türtüxdi ئۇ مېنىڭ بىلەن تېرىگە (بەسلىشىپ)
ياغ سۈرۈشتى. ھەرقانداق نەرسىنى سۈۋاشقىمۇ مۇشۇ سۆز
ئىشلىتىلىدۇ (تُرْتُشُورْ-تُرْتُشْماكْ türtüxür - türtüxmək).

تَبْرَشْدِي topraxdi توپا كوتىرىلدى، توپا كوتىرىلگىلى تۇر-
دى. يِيرْ قُرُبْ تَبْرَشْدِي yər kurup topraxdi — يەر
(يامغۇرنىڭ ئازلىقىدىن) قۇرۇپ، توپا - توزان كوتىرىلگىلى
تۇردى (تَبْرَشُورْ-تَبْرَشْماق topraxur - topraxmak).

تَبْزَشْدِي لارْ təpzəxdilər ھەسەت قىلىشتى. اُلارْ قَمُغْ بُو اِيشْقا
تَبْزَشْدِي لارْ olar kamuq bu ïxka təpzəxdilər —
ئۇلار ھەممىسى بۇ ئىشقا ھەسەت قىلىشتى (تَبْزَشُورْ-تَبْزَشْماكْ
təpzəxür - təpzəxmək).

تِرْكَشْدِي tirkəxdi تىركەشتى، تىركىلىشتى، تىزىلىشتى، قاتارلاشتى. تَڤِى تِرْكَشْدِي *təvə tirkəxdi* — تۆگىلەر تىزىلىشتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. ھەرقانداق نەرسىنىڭ بىر - بىرىنىڭ ئارقىسىدىن قاتار تۇرغىنىغىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (تِرْكَشُورْ - تِرْكَشْمَاكْ *tirkəxür - tirkəxmək*).

تَبْلَشْدِي لَارْ taplaxdilar رازى بولۇشتى، خالاشتى. اُلَارْ بُو اِيشِغْ قَمُغْ تَبْلَشْدِي لَارْ — *olar bu ixqi kamuq taplaxdilar* ئۇلار ھەممىسى بۇ ئىشنى خالاشتى (تَبْلَشُورْ - تَبْلَشْمَاكْ *taplaxur - taplaxmak*)[1].

تُبْلَشْدِي لَارْ tüpləxdilər تۈۋىنى تەكشۈرۈشتى، تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈشتى. اُلَارْ بُو اِيشِغْ تُبْلَشْدِي لَارْ — *olar bu ixiq tüpləxdilər* ئۇلار بۇ ئىشنىڭ تېگى -

---

① بۇ پېئىل يازما نۇسخىدا دەسلەپ «تَبْلَشْمَاكْ» شەكلىدە يېزىلغان بولسىمۇ، كېيىن «ك - *k*» ھەرپى «ق - *q*» غا ئۆزگەرتىلىپ «تَبْلَشْمَاقْ» قىلىنغان. بۇ پېئىلنىڭ ئاددى دەرىجە مەستەر شەكلى يازما نۇسخا 572 - بەتتە «تَبْلَامَاقْ *taplamak*» دەپ يېزىلغىنىغا ۋە بېسىم ئاتالايىنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىزاھىغا ئاساسەن، ئۇنى «تَبْلَشْمَاقْ *taplaxmak*» شەكلىدە ئالدۇق.

تەكتىنى تەكشۈرۈشتى (تپلشور ـ تپلشماك ـ tüpləxür ـ tüpləxmək).

**تتلشدى** tatlaxdï: الار اكى برلا تتلشدى — olar ikki birlə tatlaxdï ئۇلار ئىككىسى (بىر ـ بىرى بىلەن) پارسچە سۆزلەشتى. ئۇيغۇرچە سۆزلەشسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (تتلشور ـ تتلشماق tatlaxur ـ tatlaxmak).

**تلقشدى** talkïxdï تۈرۈشتى، تۈرتەكلەشتى. ال منكا ايما تلقشدى — ol maŋa oyma talkïxdï ئۇ ماڭا پايپاق قىلىدىغان كىگىزنى تۈرۈشۈپ بەردى. ھەرقانداق نەرسىنى تۈرۈش ۋە پىشىلدۇرۇشقىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ (تلقشور ـ تلقشماق talkïxur ـ talkïxmak).

**تكلشدى** təkləxdi توكۇلۇشتى. نانك تكلشدى — nəŋ təkləxdi نەرسىلەر توكۇلۇشتى، ئاقتى (تكلشور ـ تكلشماك təkləxür ـ təkləxmək).

**تكلشدى** tüglüxdi تۈگۈلۈشتى، تۈگۈنچەكلەشتى، چىگىشلەشتى. يب لار تكلشدى — yïplar tüglüxdi يىپلار (تانىلار) تۈگۈلۈشتى (تكلشور ـ تكلشماك tüglüxür ـ tüglüxmək).

تِكْلِشْدي tiklixdi[1] تىكلەندى، تىك بولدى. يِغاچ تِكلِشْدي

ياغاچ تىكلەندى. — yiqaq tiklixdi باشقىلاردىمۇ

شۇنداق (تِكْلِشُورْ- تِكْلِشْماكْ tiklixür - tiklixmək).

تِرْمَشْدي tïrmaxdi تىرماشتى، تاتىلاشتى. اُلارْ اِكّي تِرمَشْدي

— ئۇلار ئىككىسى olar ikki tïrmaxdi تىرماشتى،

تاتىلاشتى (تِرمَشُرْ- تِرْمَشْماقْ tïrmaxur - tïrmaxmak)[2].

جَلْبَشْدي qalpaxdï توقۇنۇشتى، جەدەللەشتى. اُلارْ اِكّي

جَلْبَشْدي — ئۇلار ئىككىسى olar ikki qalpaxdï

توقۇنۇشتى، جەدەل قىلىشتى. بىر نەرسىگە پاسكىنا

نەرسىلەر يۇقسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (جَلْبَشُرْ- جَلْبَشْماقْ

(qalpaxur - qalpaxmak).

---

① يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلنىڭ ئىككىنچى ھەرپى «ك - k» كەسرىلىك كەلگەن بولسىمۇ، بىز بۇ ئورۇندىكى ۋەزن ئېھتىۋارى بىلەن ساكىنلىق ئالدۇق.

② يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلنىڭ بىرىنچى ھەرپى «ت - t» ئۈچىلا ئورۇندا ھەم فەتھىلىك، ھەم كەسرىلىك يېزىلغان. بەلكىم بۇ پېئىلنىڭ ئىككى خىل شەكلى بولۇشى مۇمكىن. ھازىرمۇ ئۇيغۇر تىلى-نىڭ بەزى شېۋىلىرىدە «tarmilax» شەكلى قوللىنىلىدۇ. بىز بۇ يەردە كەسرىلىك قىلىپ ئالدۇق.

جَنْدِشْدی qandïxdï چېنىشتى. اُلارْ اِكّی جَنْدِشْدی — *olar ikki qandïxdï* ئۇلار ئىككىسى (يېرىكلىشىپ بىر-بىرىدىن) چېنىشتى (جَنْدِشُورْ-جَنْدِشْماقْ – *qandïxur* – *qandïxmak*).

جُمْرُشْدی qomruxdï چومدۇرۇشتى ~ چومگۈزۈشتى. اُلْ مَنِكْ بِرْلا سُفْدا جُمْرُشْدی — *ol məniŋ birlə suvda qomruxdï* ئۇ مېنىڭ بىلەن (بەسلىشىپ) سوغا چومدۇرۇشتى. سۇغا چومدۇرۇشۇپ بېرىشكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (جُمْرُشُورْ-جُمْرُشْماقْ – *qomruxur* – *qomruxmak*).

جَقْرُشْدی qəvrüxdi چۆرۈشتى. اُلْ مَنِكْ بِرْلا اُقْ جَقْرُشْدی — *ol məniŋ birlə ok qəvrüxdi* ئۇ مېنىڭ بىلەن (بەسلىشىپ) ئوق چۆرۈشتى①. ھەرقانداق بىر دۈگىلەك نەرسىنى چۆرۈشكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (جَقْرُشُورْ-جَقْرُشْماكْ – *qəvrüxür* – *qəvrüxmək*).

جُقْرَشْدی qokraxdï قايناشتى، بۇژۇلداشتى، مىغىلداشتى.

---

① يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلنىڭ ئەرەپچىسى «تَنْقِيزْ» سۆزى بىلەن بېرىلگەن، بېسىم ئاتالاي بۇنىڭ «تَنْفِيزْ» بولۇشى كېرەكلىكى توغرىسىدا ئىزاھ بەرگەن. بىز بۇنى مۇۋاپىق دەپ تونىدۇق.

تَپِزلار جُقْرَشْدي *təpizlər qokraxdi* — شورتاڭ يەرلەر بۇزۇلداشتى. ھەرقانداق نەرسە كوبجىسىمۇ، ئورلەپ كەتـسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. كِشي بِر بِر اِچِندا جُقْرَشْدي *kixi bir bir iqində qokraxdi* — كىشىلەر (بىر-بىرى بىلەن ئارىلىشىپ) مىغىلدىشىپ كەتتى (جُقْرَشُور-جُقْرَشْماق *qokraxur - qokraxmak*).

جِقْرِشْدي qïkrïxdi چىقىرىشتى، ئاشكارىلاشتى. بِر بِرِنِنْكْ اُغْرِلِقِن جِقْرِشْدي *bir birniŋ oqrïlikïn qïkrïxdi* — بىر-بىرىنىڭ ئوغرىلىقىنى ئاشكارىلاشتى، ھەرقانداق نەرسىنى مەيدانغا چىقىرىشتا بەسلەشسىمۇ ۋە ياردەملەشسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (جِقْرِشُور- جِقْرِشْماق *qïkrïxur-qïkrïxmak*).

جَقْرِشْتي qakrïxtï چاقىرىشتى، ۋاقىراشتى. بُوي بِر بِرْكا جَقْرِشْتي *boy bir birgə qakrïxtï* — خەلق بىر-بىرىگە ۋاقىراشتى، يەنى بىر-بىرىنى چاقىرىشتى. ئوغۇزچە (جَقْرِشُور-جَقْرِشْماق *qakrïxur - qakrïxmak*).

تِكْرَشْدي tigrəxdi دۇپۇرلىدى؛ ئوستى، چوك بولدى. آتلار اَذاقِي تِكْرَشْدي *atlar azaki tigrəxdi* — ئاتلارنىڭ

*tarïlmaqay tərkünüm*
*əmdi qərik qərkəxür*

[ئەگەر تەركەنىم كەلسە،
توركۈنۈم ئوڭشىلىدۇ،
تۈپۈم (جامائىتىم) چېچىلىپ كەتمەيدۇ،
ئەمدى چېرىك سەپ تارتماقتا.]

ئەگەر خاقانىم كېلىش بىلەن ياردەم بەرسە، جامائىتىمنىڭ ئەھۋالى ئوڭشىلىدۇ، ئۇرۇق - ئايماقلىرىم تېرى - پېرەن بولمايدۇ، ھازىر جەڭچىلەر سەپكە تىزىلىپ بولدى (جَرْكَشُورْ- جَرْكَشْماكْ *qərkəxür - qərkəxmək*).

جَرْلَشْدى qarlaxdi چىقىراپ يىغلاشتى؛ نەرە تارتىشتى. اُغْلانْ جَرْلَشْدى *oqlan qarlaxdi* — باللار چىقىراپ يىغلاشتى. يَنْكانْلارْ جَرْلَشْدى *yaŋanlar qarlaxdi* — پىللار نەرە تارتىشتى (جَرْلَشُورْ- جَرْلَشْماقْ *qarlaxur - qarlaxmak*).

جَكْلَشْدى qəkləxdi چەك تاشلاشتى، قۇرئە سېلىشتى. اُلْ مَنِنْكْ بِرْلا جَكْلَشْدى *ol məniŋ birlə qəkləxdi* — ئۇ مېنىڭ بىلەن چەك تاشلاشتى، قۇرئە سېلىشتى (جَكْلَشُورْ- جَكْلَشْماكْ *qəkləxür - qəkləxmək*).

جِكِلِشْدِي qiglixdi چىگىلدىشتى، چىڭ چىگىلدى. تُكُونْ قَمُغْ جِكِلِشْدِي *tügün kamuq qiglixdi* — ھەممە تۈگۈنلەر چىڭ چىگىلدى (جِكِلِشُورْ - جِكِلِشْمَاكْ *qiglixür* - *qiglixmək*)[1].

جَرْمَشْدِي qərməxdi چۇمەشتى، گورۇشتى. اُلْ مَنْكَا جَغْغ جَرْمَشْدِي — ئۇ ماڭا قامچىنىڭ — *ol maŋa qaqiq qərməxdi* چۇچىسىنى چۇمشىپ بەردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. بەسلەشىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (جَرْمَشُورْ - جَرْمَشْمَاكْ *qərməxür* - *qərməxmək*).

سُرْتَشْدِي sürtüxdi سۈرتۈشتى، سۈركەشتى، سۈرمەللەشتى. اُلْ مَنِكْ بِرْلَا قُغْشْقَا يَاغْ سُرْتَشْدِي — *ol məniŋ birlə koquxka yaq sürtüxdi* — ئۇ مېنىڭ بىلەن كونگە (بەسلىشىپ) ياغ سۈرتۈشتى. اُلْ مَنِكْ بِرْلَا اَشْقْ سُرْتَشْدِي

---

[1] يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلنىڭ ئۇچىلا شەكلىدە «ك - *k*» ھەربى كەسرىلىنىك يېزىلغان. بىز بۇ يەردىكى ۋەزن ئۆتمىۋارى بىلەن ساكىنلىق بولۇشنى توغرا تاپتۇق. شۇنىڭدەك، بىز بېسىم ئاتالايىنىڭ بۇ پېئىلنىڭ ئەرەبچە مەنىسى «اسندت» ئەمەس «اشتدت» بولۇشى كېرەكلىكى توغرىسىدا بەرگەن ئىزاھىنى توغرا تېپىپ، شۇ مەنىدە تەرجىمە قىلدۇق.

*ol məniŋ birlə axuk sürtüxdi* — ئۇ مېنىڭ بىلەن (بەسلىشىپ) ئۇشۇق سۈرمەللەشتى (سۇرتشور - سرتشماك *sürtüxür - sürtüxmək*).

سَجْتَشْدِى saqtaxdi چاچلاشتى. الار اكي سجتشدي *olar ikki saqtaxdi* — ئۇلار ئىككىسى چاچلاشتى (سَجتشور - سجتشماق *saqtaxur - saqtaxmak*).

سِخْتَشْدِى sïhtaxdi ئۇكسۇپ يىغلاشتى، قاقشاشتى. كشي قمغ سِختشدي *kixi kamuq sïhtaxdï* — ھەممە ئادەم ئۇكسۇپ يىغلاشتى (سِختشور - سِختشماق *sïhtaxur - sïhtaxmak*). بۇ سوز «غ - *q*» بىلەن «سِغتشدي *sïqtaxdï*» مۇ دېيىلىدۇ.

سَذْرَشْدِى səżrəxdi سۇزۇلدى، شالاڭلاشتى، سىيرەكلەشتى. تون سَذرشدي *ton səżrəxdi* — تون سۇزۇلدى. بدون سذرشدي *bodun səżrəxdi* — خەلق سىيرەكلەشتى. ھەرقانداق نەرسىنىڭ زىچلىقى ئازىيىپ، سىيرەكلىشىپ، يېنىكلىشىپ كەتىشىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (سذرشور - سذرشماك *səżrəxür - səżrəxmək*).

سِدْرِشْدِي sïdrïxdi سىيرىشتى، كۆرەشتى. اڵ انكر قار سِدرِشدي

ol aŋar kar sïdrïxdï — ئۇ ئۇنىڭغا قار سىيرىشىپ (كۆرۈشۈپ) بەردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (سِدْرِشور ـ سِدْرِشماق sïdrïxur - sïdrïxmak).

تغْرَشْدى toqraxdï توغراشتى. اُلْ منكا آتْ تغْرَشْدى ol — maŋa ət toqraxdï ئۇ ماڭا ئەت (گۆش) توغراشتى، توغرىشىپ بەردى (تغرشور ـ تغرشماق toqraxur - toqraxmak).

تِغْرَشْدى tïqraxdï دىغراشتى، قەيسەرلەشتى. اغْلانْ تِغْرَشْدى oqlan tïqraxdï — بالىلار دىغراشتى. بۇ سۆز «تِغراق tïqrak — كۈچلۈك، غەيرەتلىك» سۆزىدىن ئېلىنغان.

تغْرُشْدى toqruxdï ئاتلاندى، تۇتۇش قىلدى. اُلْ مَنِكْ بِلا يولْقا تغْرُشْدى — ol mənin bilə yolka toqruxdï ئۇ مېنىڭ بىلەن (بەسلىشىپ) يولغا ئاتلاندى.

تغْرَشْدى toqraxdï تىتىلدى، قىرقىلىپ كەتتى. تونْ كيرْدِنْ تغْرَشْدى ton kirdin taqraxdï — تون كىردىن تىتىلدى. ھەرقانداق نەرسە پارچىلانسا ۋە يىرتىلسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (تغرشور ـ تغرشماق toqraxur - toqraxmak).

سغرشدی soqraxdī شوراشتی، سۇمۇرۇشتی. قملار سوۋغ سغرشدی kumlar suvuq soqraxdī — قۇملار سۇۋنى سۇمۇرۇشتى، سىڭدۇرۇۋالدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (سغرشور ـ سغرشماق soqraxur – soqraxmak).

سغرشدی sīqruxdī سىقدۇرۇشتى. الار بیر بیرك سغرشدی olar bir birig sīqruxdī — ئۇلار بىر ـ بىرىنى سىقدۇرۇشتى (سغرشور ـ سغرشماق sīqruxur – sīqruxmak).

سقرشدی savruxdī سورۇشتى. ال منكا ترغ سقرشدی ol maŋa tarīq savruxdī — ئۇ ماڭا ئاشلىق سورۇشۇپ بەردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. شورپىنى تېشىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن سورۇشۇپ بېرىشكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (سقرشور ـ سقرشماق savruxur – savruxmak).

سقرشدی sīkrīxdī ئىسقىرىشتى ~ ئىسقىرتىشتى. الار برجا سقرشدی ular barqa sīkrīxdī — ھەممە ئۇلار (قۇش) ئىسقىرىشتى. ئىلان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار كۆشۈلدىسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (سقرشور ـ سقرشماق sīkrīxur – sīkrīxmak).

تمرشدی tomruxdī بەلدەشتى، يۇمۇلاق توغراشتى. ال منك

بِرْلا يِغاچ تُمْرُشْدي — ol məniŋ birlə yïɣaq tomruxdï

ئۇ مېنىڭ بىلەن (بەسلشىپ) ياغاچ بەلدەشتى

(تُمْرُشُور ـ تُمْرُشماق tomruxur - tomruxmak).

سَمْرُشْدي sәmrixdi سەمرىشتى. آتْلار قَمُغ سَمِرْشْدي atlar — kamuɣ sәmrixdi ئاتلار ھەممىسى سەمرىشتى. باشقىلار- دىمۇ شۇنداق (سَمْرِشُور ـ سَمِرْشْماك sәmrixür-sәmrixmәk)

سِمْرُشْدي sümrüxdi سۇمۇرۇشتى. اُلْ مَنِكْ بِرْلا سُوق سِمْرُشْدي — ol məniŋ birlə suv sümrüxdi ئۇ مېنىڭ بىلەن (بەسلشىپ) سۇ سۇمۇرۇشتى (سِمرشُور ـ سِمرشْماك sümrüxür - sümrüxmək)[①].

سَنْرُشْدي sanruxdï جويلۇشتى؛ تالاش ـ تارتىش قىلىشتى. آسْرُكْلار قَمُغ سَنْرُشْدي — əsrüklər kamuɣ sanruxdï

---

① يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلنىڭ بۇ يەردىكى ئۇملۇك دەرىجىسى ۋە 311 ـ بەتتىكى ئاددى دەرىجىسىدە «س ـ ى» ھەرپى ھەم زەبەلىك، ھەم كەسرىلىك يېزىلغان. بۇ يازما نۇسخا 311 ـ بەتتىكى چېكىگە بۇ پېئىلدىكى «س ـ ى» ھەرپىنىڭ زەممىلىك قىلىپ تۈزىتىلگەنلىكى توغرىسىدا بىسىم ئاتالايىنىڭ بەرگەن ئىزاھىغا ئاساسەن، «س ـ ى» ھەرپىنى ھەر ئىككى ئورۇندا زەممىلىك قىلىپ ئالدۇق.

مەسلەن ھەممىسى جويلۇشتى. بۇ سوزنىڭ ئەسلى

«سَنْدِرِشْدِى sandïrïxdi — تالاش-تارتىش قىلىشتى» دۇر

(سَنْرِشُوْر - سَنْرِشْمَاق sanrïxur - sanrïxmak). ماقالدا

مۇنداق كەلگەن: سَپَنْدا سَنْدِشْ بُلْسا اُرْتُكُونْدا اِرْتَشْ بُلْماس

— sapanda sandrïx bolsa ərtkündə irtəx bolmas①

ساپان ۋاقتىدا تالاش-تارتىش قىلىنسا، خامان ۋاقتىدا

جاڭجال بولماس.

سَتْغَشْدِى satoqaxdi كىمىستىشتى؛ قېرىشتى؛ دوقۇرۇشتى؛

خالاس قىلىشتى. اُلَارْ بِرْ اِكِنْدِي بِلا سَتْغَشْدِى olar —

ئۇلار بىر-بىرى بىلەن bir ikindi bilə satoqaxdi

قېرىشتى. بىر-بىرىدىن ئۈستۈنلۈك تالىشىشقىنى؛ شۇنداق

دېيىلىدۇ. اُلْ مَنْكا يُولْدا سَتْغَشْدِى ol maŋa yolda —

ئۇ ماڭا يولدا دوقۇرۇشتى. satoqaxdi اُلَارْ اَلِمْ بِرِمْ بِرْلا

— olar alïm bərim birlə satoqaxdi سَتْغَشْدِى

---

① يازما نۇسخىدا بۇ ماقالىنىڭ ئىككىنچى سوزى «سَنْدِشْ» شەكلىدە، بەشىنچى سوزى «اِرْتَشْ» شەكلىدە ئېنىقسىز يېزىلغان. بىز بۇ ماقالىنىڭ يازما نۇسخا 203-بەتتىكىسىگە ئاساسەن، بۇ سوزلەرنى «سَنْدِرِشْ sandrïx»، «اِرْتَشْ irtəx» دەپ ئالدۇق.

ئۇلار ئېلىم - بېرىمىنى خالاس قىلىشتى. ئوغۇزچە

(سَتْغَشُورْ - سَتْغَشْماقْ satƣaxur - satƣaxmak).

**سِتْغَشْدِي** sïtƣaxdï شىمىرىشتى، شىمايلاشتى. آرْ قَمُغْ بِلاكْ سِتْغَشْدِي ər ⱪamuƣ bilək sïtƣaxdï — ئادەملەر ھەممىسى بىلەكلىرىنى شىمايلاشتى. ياردەملىشىش ۋە بەسلىشىش ئۈچۈنمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (سِتْغَشُورْ - سِتْغَشْماقْ sïtƣaxur - sïtƣaxmak).

**سَرْقِشْدِي** sarkïxdï سارقىشتى، سارقىدى. بُوزْدِنْ سُوقْ سَرْقِشْدِي buzdïn suv sarkïxdï — مۇزدىن سۇ (جىق) سارقىدى (سَرْقِشُورْ - سَرْقِشْماقْ sarkïxur - sarkïxmak).

**سَجْلَشْدِي** saqlaxdï چاچلاشتى. اُلْ اِكِّي بِلا سَجْلَشْدِي ol ikki bilə saqlaxdï — ئۇ ئىككىسى بىر - بىرى بىلەن چاچلاشتى (سَجْلَشُورْ - سَجْلَشْماقْ saqlaxur - saqlaxmak).

**سُجْلُشْدِي** suqluxdï سۇغىرىشتى، چىقىرىشتى. اُلْ مَنِكْ آذاقْتِنْ تِكانْ سُجْلُشْدِي ol məniŋ azaⱪtïn tikən suqluxdï — ئۇ مېنىڭ ئايىغىمدىن تىكەننى سۇغۇرۇشۇپ بەردى. قىلىچنى قىنىدىن سۇغۇرۇشۇپ بەرسىمۇ ياكى سۇغۇرۇشۇپ باقسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (سُجْلُشُورْ - سُجْلُشْماقْ suqluxur - suqluxmak).

سَرْلَشْدِي sarlaxdi يوگەشتى، ئوراشنى. مَنكا سُڤلُق سَرْلَشْدِي ol[1] maŋa suvluk sarlaxdi — ئۇ ماڭا سەللە يوگەشىپ بەردى. ھەرقانداق بىر نەرسىنى يوگەشكە ۋە يوگەشتە بەسلەشكىنىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (سرلشور - سرلشماق sarlaxur - sarlaxmak).

سُزْلَشْدِي sɵzləxdi سوزلەشتى. اُلْ مَنِكْ بِرْلا سُزْلَشْدِي ol — məniŋ birlə sɵzləxdi ئۇ مېنىڭ بىلەن سوزلەشتى (سزلشر - سزلشماك sɵzləxür - sɵzləxmək). بۇ سوزنىڭ ئەسلى «سوزلشدي sɵzləxdi»دۇر.

سُزْلُشْدِي süzlüxdi سۇزۇلۇشتى ~ سۇزۇلدى. سوڤلار قمغ سزلشدي suvlar kamuƣ süzlüxdi — ھەممە سۇلار سۇزۇلدى (سزلشور - سزلشماك süzlüxür - süzlüxmək).

سَڤْلَشْدِي savlaxdi تەمسىل ئېيتىشتى. اُلْ مَنِكْ بِرْلا سَڤْلَشْدِي ol məniŋ birlə savlaxdi — ئۇ مېنىڭ بىلەن تەمسىل ئېيتىشتى، يەنى ئۇ ماڭا تەمسىل ئېيتتى، مەن ئۇنىڭغا تەمسىل ئېيتتىم. شۇنىڭدەك بىر-بىرىگە خەۋەر يەتكۈزۈش، پاراڭلىشىش ۋە چوچەك ئېيتىشقىنىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

---

① يازما نۇسخىدا «اُلْ» سوزى يوق. جۈملىنىڭ مەنىسىگە ئاساسەن، بىز بۇنى قوشۇپ قويدۇق.

(سَقْلَشُور ـ سَقْلَشْماق *savlaxur - savlaxmak*).

سَقْلَشْدِى saklaxdï ساقلىنىشتى. بُدُون قَمغ سَقْلَشْدِى — *bodun kamuq saklaxdï* ھەممە خەلق (بىر ـ بىرىدىن) ساقلىنىشتى (سَقْلَشُور ـ سَقْلَشْماق *saklaxur - saklaxmak*).

سُقْلُشْدِى sukluxdï سۇقۇلۇشتى، تىقىلىشتى، جايلاشتى. سُقْلُشْدِى نانك — *sukluxdï nəŋ* — نەرسە جايلاشتى، يەنى بىر نەرسە يەنە بىر نەرسىنىڭ ئىچىگە كىرىپ جايلاشتى. بۇ قىلىچنىڭ ساپ تەرىپى دەستىگە چىڭ جايلاشقىنىغا ئوخشاشتۇر (سُقْلُشُور ـ سُقْلُشْماق *sukluxur - sukluxmak*).

سِقْلِشْدِى sïklïxdï سىقىلىشتى، قىسىلىشتى. بُدُون بَرْجا سِقْلِشْدِى — *bodun barqa sïklïxdï* — ھەممە خەلق سىقىلىشتى. باشقا نەرسىلەر يەر تارلىق قىلىپ سىقىلىشمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. ئۈزۈم سىقىلىشمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (سِقْلِشُور ـ سِقْلِشْماق *sïklïxur - sïklïxmak*).

سُمْلِشْدِى sumlïxdï[1] كالدىرلاشتى. تَتْ قَمغ سُمْلِشْدِى — *tat*

---

① يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلنىڭ ئۈچىنچى ھەرپى «ل - *l*» ھەم زەممىلىك، ھەم كەسرىلىك يېزىلغان. بىزمۇ ئاتالاي بۇنى زەممىلىك قىلىپ ئالغان. بىز يازما نۇسخا 244 -

(تَرْمَقْلَنُورْ ـ تَرْمَقْلَنْمَاقْ *tarmaklanur – tarmaklanmak*)•

تِغْرَقْلَنْدِى tioqraklandi قەيسەرلەشتى، غەيرەتلەندى•

اَرْ تِغْرَقْلَنْدِى *ər tioqraklandi* — ئادەم قەيسەرلەشتى، غەيرەتلەندى (تِغْرَقْلَنُورْ ـ تِغْرَقْلَنْمَاقْ – *tioqraklanur – tioqraklanmak*)• شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

تِغْرَقْلَنِبْ سَكِرْتِي
اَرِنْ اَتِنْ يُكُرْتِي
بِزْنِي قَمُغْ اَنِكْتِي
اَنْدَغْ سُوكَا كِمْ يَتَارْ

*tioqraklanip səkirtti*
*ərin atin yügürtti*
*bizni kamuoq aŋitti*
*andaoq sügə kim yətər*

[قەيسەرلىنىپ ئېتىلدى،
يىگىت، ئاتلىرىنى چاپتۇردى،
بىزنى تامام ھاڭ ـ تاڭ قالدۇردى،
ئۇنداق قوشۇنغا كىم تەڭ كېلەلەيدۇ؟]

پارسلار ئۆز تىلىدا kamuq sumlïxdi كالدىرلاشتى.
ھەرقانداق كىشى تۈركچىدىن باشقا بىر تىل بىلەن
سۆزلەشسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (سُمْلِشُر - سُمْلِشْماق
(sumlïxur - sumlïxmak.

سَرْمَشْدِي sarmaxdi باغلاشتى؛ يوگەشتى، چىگىشلەشتى.

اُلْ مَنْكا يِشِغ سَرْمَشْدِي ol maŋa yïxïq sarmaxdi — ئۇ
ماڭا ئارغامچا يوگىشىپ بەردى،خۇددى دەرەخكە ئارغامچا يوگە-
گەندەك (سَرْمَشُور - سَرْمَشْماق sarmaxur - sarmaxmak).
اِيش سَرْمَشْدِي ïx sarmaxdi — ئىش چىگىشلەشتى.
بۇ پېئىل ھەم ئۆتۈملۈك، ھەم ئۆتۈمسىزدۇر.

سَرْمَشْدِي sarmaxdi سۈزۈشتى. اُلْ مَنْكا بَلِق سَرْمَشْدِي ol —
ئۇ ماڭا بېلىق سۈزۈشۈپ maŋa balïk sarmaxdi
بەردى. قازاندىن تۇتماچ (چوپ) سۈزۈشۈپ بەرسىمۇ
شۇنداق دېيىلىدۇ. سۇيۇق نەرسە ئىچىدىن باشقا

---

بەتتىكى «سُمْلُم sumlïm — تۈركچە بىلمەيدىغان كىشى» ۋە بۇ
پېئىلنىڭ يازما نۇسخا 574 - بەتتىكى ئاددى دەرىجىسى
«سُمْلِدي sumlïdi — كالدىرلىدى» ۋە 436 - بەتتىكى مەجبۇرى
دەرىجىسى «سُمْلِتي sumlitti — كالدىرلاتتى» غا ئاساسەن،
كەسرىنى ئىناۋەتلىك قىلدۇق.

بىر نەرسىنى سۈزۈپ ئېلىشقىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (سَرْمَشُورْ ـ سَرْمَشْماكْقْ *sarmaxur - sarmaxmak*)[1].

**تَنْجِشْدِى** tinqixdi تىنچىشتى. ئَتْلارْ قَمغْ تَنْجِشْدِى *ətlər* — كامۇق *kamuq tinqixdi* گوشلەر تىنچىپ قالدى (تَنْجِشُورْ ـ تَنْجِشْماقْ *tinqixur - tinqixmak*)[2].

**سَنْجِشْدِى** sanqixdi سانچىشتى. اُلارْ اِكِّى سَنْجِشْدِى *olar ikki sanqixdi* ئۇلار ئىككىسى (بىر ـ بىرىگە خەنجەر) سانچىشتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (سَنْجِشُورْ ـ سَنْجِشْماقْ *sanqixur - sanqixmak*). بَكْلارْ سَنْجِشْدِى *bəglər sanqixdi* — بەگلەر بىر ـ بىرىنى سانچىشتى ۋە تارمار قىلىشتى.

---

① يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلنىڭ مەستىرى ئاۋال «ك ـ *k*» بىلەن يېزىلىپ، كېيىن «ق ـ *k*»غا ئۆزگەرتىلگەن. بىز بۇ پېئىلنىڭ يازما نۇسخا 438 ـ بەتتىكى مەجبۇرى دەرىجىسىنىڭ شەكلىگە ئاساسەن، مەستىرىنى «ق ـ *k*» بىلەن ئالدۇق.

② يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلنىڭ بىرىنچى ھەرپى «ت ـ *t*» فەتھىلىك يېزىلغان. بىز يازما نۇسخا 565 ـ بەتتە بۇ پېئىلنىڭ ئاددى دەرىجىسى «تَنْجِدِى *tinqidi*» شەكلىدە يېزىلغانلىقىنى ۋە ھازىرقى تىلىمىزدىكى قوللىنىلىشىنى ئاساس قىلىپ، «ت ـ *t*» ھەرپىنى كەسرىلىك ئالدۇق.

تَبْرَشْدِي tapraxdi لوكۇلداشتى، سەكرەشتى. تَقِى قمغ تَبْرشْدِي — təvə kamuq tapraxdi — تۆگىلەر ھەممىسى سەكرەشتى (تَبْرشُور - تَبْرشْماق tapraxur - tapraxmak). بۇ تۆگىگە خاس سۆز①.

تَتْرُشْدِي tatruxdi تېتىتتۇرۇشتى ~ تېتىتقۇزۇشتى. اُلار بِير اِكِنْدِيكا اَتْ تَتْرُشْدِي — olar bir ikindigə ət tatruxdi — ئۇلار بىر - بىرىگە ئەت (گۆش) تېتىتتۇرۇشتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (تَتْرشُور - تَتْرشْماق tatruxur - tatruxmak).

تِتْرَشْدِي titrəxdi تىترەشتى. كِشِي تُمْلِغدِنْ تِتْرَشْدِي — kixi tumlïqdïn titrəxdi — كىشىلەر سوغۇقتىن تىترەشتى. ھەرقانداق بىر نەرسە چۈۋۈلۈپ كەتسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (تِتْرَشُور - تِتْرَشْماك titrəxür - titrəxmək).

قُبْرُشْدِي kopruxdi قوپۇرۇشتى ~ قوپقۇزۇشتى. اُلْ مَنْكا قُشْ

---

① بۇ پېيلنىڭ ئەرەبچىسى «تَفَرَّتْ» ئەمەس «تفزت» بولۇشى كېرەكلىكى ھەققىدە بېسىم ئاتالاي ئىزاھ بەرگەن. ھەققەتەن يازما نۇسخا 566 - بەتتە بۇ پېيلنىڭ ئاددى دەرىجىسى «تَبْرِيدى» ئەرەبچىدە «وَثَبَ — سەكرەش» دەپ ئىزاھلانغان. بىزمۇ شۇنى ئاساس قىلدۇق.

قبرشدي *ol maŋa kux kopruxdi* — ئۇ ماگا قۇشنى قوپۇرۇشۇپ بەردى. ھەرقانداق نەرسىنى قوپۇرۇشقىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (قبرشور - قبرشماق *kopruxur - kopruxmak*).

**قترشدي** kutruxdi قۇتراشتى. اغلان قترشدي *oqlan kutruxdi* — بالىلار قۇتراشتى (قترشور - قترشماق *kutruxur - kutruxmak*).

**قترشدي** kotruxdi توكۇشتى، بوشتىشتى. ال منكا قاب قترشدي *ol maŋa kap kotruxdi* — ئۇ ماگا قاپ بوشتىشىپ بەردى. داشقىلاردىمۇ شۇنداق (قترشور - قترشماق *kotruxur - kotruxmak*).

**قجرشدي** kaqruxdi قاچۇرۇشتى. الار اكي قجرشدي *olar ikki kaqruxdi* — ئۇلار ئىككىسى (بىر - بىرىنى) قاچۇرۇشتى (قجرشور - قجرشماق *kaqruxur - kaqruxmak*).

**قردشدي** kurdaxdi قۇرداشتى، قۇرداشلىق قىلدى. ال بك برلا قردشدي *ol bəg birlə kurdaxdi* — ئۇ بەگ بىلەن قۇرداشلىق قىلدى، يەنى بەگ بىلەن بىر قاتاردا

ئولتۇردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (قُرْدشور - قُرْدشماق
.(kurdaxur - kurdaxmak

قَذْرِشْدى kaźrïxdi قايرىشتى، تولغاشتى؛ رەت قىلىشتى.

اُلْ مَنِكْ بِرْلا بُيُونْ قَذْرِشْدى — *ol məniŋ birlə boyun kaźrïxdi* ئۇ مېنىڭ بىلەن (بەسلىشىپ) بويۇن قايرىشتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. اُلارْ اِكّى سُوزْ قَذْرِشْدى — *olar ikki søz kaźrïxdi* ئۇلار ئىككىسى (بىر-بىرىنىڭ) سۆزىنى رەت قىلىشتى. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

ايشى آنِكْ اَرْتَشِبْ
اُغْرَقْ بِلا اُرْتَشِبْ
بُيْنِنْ آلِبْ قَذْرِشِبْ
تُتْغُنْ آلِبْ قُلْ سَتارْ

*ïxï aniŋ artaxip*
*oqrak bilə ərtəxip*
*boynïn alïp kaźrïxïp*
*tutqun alïp kul satar*

[ئۇنىڭ ئىشى بۇزۇلۇپ،
ئوغراق بىلەن ئۇرتىشىپ (ئوت قويۇشۇپ)،

بوينىنى ئېلىپ قايرىشىپ،
تۇتقۇن ئېلىپ قۇل ساتىدۇ.]

بىر تۇتقۇن ئەسىۋىرلىشىپ شۇنداق دېيىلىدۇ: ئۇلۇنىڭ ئىشى چاتاق بولدى، ئۇلارنىڭ ھەممە، ئايىماقلىرى باشقا قەبىلىلەرگە دەھشەت سالدى، بىر-بىرىنىڭ بويۇنلىرىنى قايرىشقاندىن كېيىن ئەسىر ئېلىندى، تولەم ئۈچۈن قۇل قىلىنىپ سېتىلىدىغان بولدى.

قِسْرُشْدِي kisruxdi قىسقارتىشتى. اُلْ آنْكَرْ قِسْماقْ قِسْرُشْدِي — ol aŋar kīsmak kisruxdī ئۇ ئۇنىڭغا ئۆزەڭگە بېغىنى (قېيىشىنى) قىسقارتىشىپ بەردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (قِسْرِشُورْ - قِسْرِشْماقْ kisrixur - kisrixmak)①.

قَفْرُشْدِي kavruxdi قورۇشتى. اُلْ مَنْكا تَرِغْ قَفْرُشْدِي — ol maŋa tarīq kavruxdī ئۇ ماڭا بۇغداي قورۇشۇپ بەردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. بۇ سۆز «غ - q» ھەرپى بىلەن «قَغْرُشْدِي kaqruxdi»مۇ دېيىلىدۇ (قَفْرُشُورْ - قَفْرُشْماقْ kavruxur - kavruxmak).

قَقْرُشْدِي kakraxdi قاقشىدى، تارتىلدى، قاغجىرىدى.

① يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلدىكى «ر - r» ھەرپىگە ئۆتكەن زامان شەكلىدە زەممە، كەلگۈسى زامان ۋە مەستەر شەكلىدە كەسرە قويۇلغان. بىز ئەينەن ئالدۇق.

سُوۋلارْ قَمُغْ قَقْرَشْدِي *kakaxdi* *kamuoq* *suvlar*— سۇلار پۈتۈنلەي تارتىلدى. ھەرقانداق سۇيۇق نەرسە ئازايسا ۋە تارتىلسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (قَقْرَشُورْ ـ قَقْرَشْماقْ *kakraxur - kakraxmak*). شۇنىڭدەك ئېششىق يانسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

قِقْرِشْدِي kikrixdi قىقىراشتى، ۋاقىراشتى. أَرَنْ قَمُغْ قِقْرِشْدِي *kikrixdi* *kamuoq* *ərən* — ھەممە ئادەملەر قىقىراشتى (قِقْرِشُورْ ـ قِقْرِشْماقْ *kikrixmak* - *kikrixur*)[1].

قُبْزَشْدِي kobzaxdi قوبۇز چېلىشتى. قِيزْلارْ قُبْزَشْدِي *kizlar kobzaxdi* — قىزلار (بىسلىشىپ) قوبۇز چېلىشتى (قُبْزَشُورْ ـ قُبْزَشْماقْ *kobzaxur* - *kobzaxmak*).

قَرْغَشْدِي karoqaxdi قارغاشتى. أُلارْ إِكِّي قَرْغَشْدِي *olar*— *ikki karoqaxdi* ئۇلار ئىككىسى (بىر - بىرىنى) قار-

---

① يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلنىڭ بىرىنچى «ق - *k*» ھەرپى ئۈتكەن زاماندا ھەم فەتھەلىك، ھەم كەسرىلىك، كەلگۈسى زامان بىلەن مەستەردە ھەم زەممىلىك، ھەم كەسرىلىك يېزىلغان. بىز دىۋاننىڭ باشقا ئورۇنلىرىدا بۇ پېئىلنىڭ بىرىنچى «ق - *k*» ھەرپىنىڭ كەسرىلىك كەلگەنلىكىنى ۋە ھازىرقى قوللىنىلىشىنى نەزەردە تۇتۇپ، كەسرىلىك قىلىپ ئالدۇق.

غاشتی (قَرْغَشُوْرْ - قَرْغَشْماقْ karoqaxur–karoqaxmak).

قِرْغَشْدی kïroqaxdï لەنەت ئوقۇشتی؛ كوز سېلىشتی. اُلارْ اِكّی قِرْغَشْدی — ئۇلار ئىككىسى olar ikki kïroqaxdï (بىر - بىرىگە) لەنەت ئوقۇشتی (قِرْغَشُوْرْ - قِرْغَشْماقْ kïroqaxur – kïroqaxmak).

يَسْغَشْدی tasoqaxdï كاچاتلاشتی. اُلارْ اِكّی يَسْغَشْدی — olar ikki tasoqaxdï ئۇلار ئىككىسى (بىر - بىرىنى) كاچاتلاشتی. (يَسْغَشُوْرْ - يَسْغَشْماقْ tasoqaxur – tasoqaxmak)①. ياردەملىشىش ۋە بەسلىشىشكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

تُلْغَشْدی toloqaxdï تولغاشتی، تولاشتی. اُلْ مَنِكْ بِرْلا يُونْكْ تُلْغَشْدی — ol mәniŋ birlә yuŋ toloqaxdï ئۇ مېنىڭ بىلەن (بەسلىشىپ) يۇڭ تولاشتی. ھەرقانداق نەرسىنى تولغاشقىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. كىشىنىڭ قوسقى تولغىنىشىمۇ

① يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلنىڭ ھەر ئۈچىلا شەكلىدە بىرىنچى ھەرپ «ى - يا» بىلەن يېزىلغان. بىز بۇ پېئىلنىڭ يازما نۇسخا 570 - بەتتىكى ئاددى دەرىجىسى «تَسغَدی»ۋە 433- بەتتىكى مەجبۇرى دەرىجىسى «تَسغَتی»غا ئاساسەن، ئۇنى «ت-t» بىلەن ئالدۇق.

شۇنداق دېيىلىدۇ (تۇلغىشۇر - تۇلغىشماق - tolqaxur ‏(tolqaxmak.

قارقىشدى karvaxdi ‏مالىتىلاشتى، ئۈزدەشتۈردى، قاراشتۇردى.

ئۇل مەنكا سۇقدا نانىڭ قارقىشدى — o lmaŋa suvda nəŋ karvaxdi ‏ئۇ ماڭا سۇدىن بىر نەرسە مالىتىلىشىپ بەردى. قاراڭغۇدا قول بىلەن بىر نەرسىنى ئىزدەشتۈرسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (قارقىشۇر - قارقىشماق karvaxur - karvaxmak).

قۇرقۇشدى korkuxdi ‏قورقۇشتى. ئۇلار ئىكى قۇرقۇشدىلار — olar ikki korkuxdilar ‏ئۇلار ئىككىسى (بىر - بىرىدىن) قورقۇشتى (قۇرقشۇر - قۇرقشماق - korkuxur ‏(korkuxmak.

قىرقىشدى kïrkïxdi ‏قىرقىشتى. ئۇل مەنكا يۇنىك قىرقىشدى ‏— ol maŋa yuŋ kïrkïxdi ‏ئۇ ماڭا يۇڭ قىرقىشىپ بەردى (قىرقىشۇر - قىرقىشماق kïrkïxur - kïrkïxmak).

قىزلاشو kïzlaxu: ئول مەنىك بىرلا ئوق ئاتى قىزلاشو — ol məniŋ birlə ok atti kïzlaxu ‏ئۇ مېنىڭ بىلەن دېدەك قىز تىكىشىپ ئوق ئېتىشتى (قىزلاشۇر - قىزلاشماق - kïzlaxur ‏(kïzlaxmak.

قارماشدى karmaxdi ‏قارماشتى، بولاشتى، قارماللاشتى. ئول مەنىك

بِرْلا تَقَارْ قَرْمَشْدِي — ol məniŋ birlə tavar karmaxdï ئۇ مېنىڭ بىلەن (بەسلەشىپ) مال بۇلاشتى. بۇلاشقا ياردەملەشىشمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (قَرْمَشُورْ - قَرْمَشْماقْ karmaxur - karmaxmak). بۇنىڭ ئەسلى «قَرْمَالَشْدِي - قَرْمَالَشُورْ - قَرْمَالَشْماقْ - karmalaxdi karmalaxur - karmalaxmak» دۇر.

قِسْتَشْدِي kïstaxdï غىڭشىشتى. اِتْ قَمُغْ تُمْلُغْدِنْ قِسْتَشْدِي — ït kamuq tumluqdin kïstaxdï ھەممە ئىتلار سوغۇقتىن (تىترەپ) غىڭشىشتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (قِسْتَشُورْ① - قِسْتَشْماقْ kïstaxur - kïstaxmak).

كَكْتَشْدِي kəktəxdi كەك ساقلاشتى. اُلارْ اِكّي كَكْتَشْدِي — olar ikki kəktəxdi ئۇلار ئىككىسى كەك ساقلاشتى (كَكْتَشُورْ - كَكْتَشْماكْ kəktəxür - kəktəxmək).

كَرْتِشْدِي kərtixdi كەرتىشتى. اُلْ مَنْكا يِغاچْ كَرْتِشْدِي — ol maŋa yïqaq kərtixdi ئۇ ماڭا ياغاچ كەرتىشىپ بەردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. بەسلىشىشكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (كَرْتِشُورْ - كَرْتِشْماكْ kərtixür-kərtixmək).

---

① يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى بېرىلگەن، بىز قائىدە بويىچە كەلگۈسى زامان شەكلىنى بەردۇق.

کُتْرْشْدِی kətrüxdi كوتۈرۈشتى. اُلْ مَنْگا یُكْ کُتْرْشْدِی
— *ol maŋa yük kətrüxdi* — ئۇ ماڭا يۈك كوتۈرۈشۈپ
بەردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (کُتْرْشُورْ - کُتْرْشْماكْ
*kətrüxür - kətrüxmək*).

کَجْرْشْدِی kəqrüxdi كەچۈرۈشتى. اُلارْ بیرْ بیرْنِكْ یازُوقِن
کَجْرْشْدِی — *olar bir birniŋ yazukin kəqrüxdi* —
ئۇلار بىر - بىرىنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈشتى. ئىككى كىشى
بىر - بىرىنى دەريادىن ئوتكۈزۈش ئۈچۈن ياردەملەشسىمۇ
شۇنداق دېيىلىدۇ (کَجْرْشُورْ - کَجْرْشْماكْ *kəqrüxür -*
*kəqrüxmək*).

کَذْرْشْدِی kəzrüxdi كىيدۈرۈشتى. اُلارْ اِکِّی تونْ کَذْرْشْدِی
— *olar ikki ton kəzrüxdi* — ئۇلار ئىككىسى (بىر -
بىرىگە) تون كىيدۈرۈشتى (کَذْرْشُورْ - کَذْرْشْماكْ
*kəẓrüxür - kəẓrüxmək*).

کَذْرِشْدِی kəẓrixdi قاقلاشتى. اُلْ مَنْگا اَتْ کَذْرِشْدِی
— *ol maŋa ət kəẓrixdi* — ئۇ ماڭا گوش قاقلىشىپ
بەردى. (کَذْرِشُورْ - کَذْرِشْماكْ *kəẓrixür - kəẓrixmək*).

کُكْرَشْدِی kəkrəxdi گۈلدۈرلەشتى، گۈركىرەشتى، ھوكىرەشتى.

بُلُتْلارْ قَمُغْ كُكْرَشْدِي —*bulïtlar kamuoj kəkrəxdi*

ھەممە بۇلۇتلار گۈلدۈرلەشتى. بغْرالارْ كُكْرَشْدِي

بۇغرالار ھوكىرەشتى. جەڭ — *buqralar kəkrəxdi*

مەيدانىدا باتۇرلارنىڭ نەرە تارتقىنىمۇ شۇنىڭغا ئوخشىتىلىپ

«اَلْبْلارْ كُكْرَشْدِي *alplar kəkrəxdi*» دېيىلىدۇ. شېئىردا

مۇنداق كەلگەن:

كَلْدِي آسِنْ اَسْنَيُو

قاذْقا تُكَلْ اُسْنَيُو

كَرْدِي بِلْوِنْ قَسْنَيُو

قَرا بُلِتْ كُكْرَشُورْ

*kəldi əsin əsnəyü*

*kazka tügəl üsnəyü*[1]

---

① «ئوخشىماق» مەنىسىدىكى بۇ پېئىلنىڭ ئاددى دەرىجە مەسىرى يازما نۇسخا 147 - بەتتە «اسْنامَاكْ *üsnəmək*» شەكلىدە، مەجبۇرى دەرىجە مەسىرى يازما نۇسخا 137 بەتتە «اسْنتْماق *usnatmak*» شەكلىدە بېرىلگەن. بۇ سۆز شۇ دەۋردە ئىككى خىل (تىل ئالدى ۋە تىل ئارقا) شەكلىدە قوللىنىلسا كېرەك. بىز بۇ يەردە تىل ئالدى شەكلىنى ئالدۇق.

*kirdi bodun kasnayu*①
*kara bulit kөkrəxür*

[غۇر ـ غۇر شامال ئەسىدى،
ئۇ پۈتۈنلەي شۇرغانغا ئوخشايتتى،
خەلق تىترىشىپ كەتتى،
قارا بۇلۇت گۈركىرىشەر.]

باھارنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دەيدۇ: غۇر ـ غۇر شامال چىقتى، ئۇ خۇددى شۇرغانغا ئوخشايتتى، خەلق سوغۇقتىن تىترەشتى ۋە قارا بۇلۇت كېلىپ گۈلدۈرلىدى (كۆكرەشۈر ـ كۆكرەشماك *kөkrəxür* ـ *kөkrəxmək*).

كەمرۇشدى kəmrüxdi كېمىرىشتى. الار اكّى سُنكوك كَمْرُشْدى *olar ikki sөŋük kəmrüxdi* — ئۇلار ئىككىسى (بەسلىشىپ) سۆڭەك كېمىرىشتى (كَمْرُشور ـ

① بۇ سوز يازما نۇسخىنىڭ مۇشۇ يېرىدە «قسنيو» شەكلىدە يېزىلغان. بىسىم ئاتالاي بۇ سوزنىڭ قاپىيە ۋە مەنە ئېتىۋارى بىلەن «قسنيو» *kasnayu* بولۇشى كېرەكلىكى توغرىسىدا ئىزاھ بەرگەن (تۈركچە II ـ توم، 223 ـ بەت). بىز بۇ سوزنىڭ يازما نۇسخا 508 ـ بەتتىكى شېرىدا يېزىلىشىغا ۋە مەنىسىگە قاراپ، «قسنيو» *kasnayu* بولۇشىنى مۇۋاپىق دەپ ھېساپلىدۇق.

(kəmrüxür - kəmrüxmək كَمْرُشْماك).

كِزْلَشْدى kizləxdi يوشۇرۇشتى. اُلارْ اِكْى تَفارْ كِزْلَشْدى — ئۇلار ئىككىسى (بىر-بىرىدىن) تاۋار يوشۇرۇشتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق olar ikki tavar kizləxdi (كِزْلَشُورْ - كِزْلَشْماكْ kizləxür - kizləxmək).

كَزْلَشْدى kəzləxdi گەزلەشتى، بەتلەشتى. اُلْ اَنگَرْ اُقْ كَزْلَشْدى — ئۇ ئۇنىڭ بىلەن ئوق گەزلىشىپ باقتى، يەنى ئوقىا گەز چىقىرىشىپ باقتى①. بۇ ئىشتا ياردەملەشىشنىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ ol aŋar ok kəzləxdi (كَزْلَشُورْ - كَزْلَشْماكْ kəzləxür - kəzləxmək).

كُزْلَشْدى kɵzləxdi كوزلەشتى، كوز تىكىشتى. اُلْ مَنِكْ بِرْلا كُزْلَشْدى — ئۇ مېنىڭ بىلەن كوزلەشتى، كوز تىكىشتى (كُزْلَشُورْ - كُزْلَشْماكْ ol mənin birlə kɵzləxdi kɵzləxür - kɵzləxmək).

كَسْلِشْدى kəslixdi كېسىلدى، ئۈزۈلدى. كَسْلِشْدى نانْكْ — ئەرسە كېسىلدى، يەنى پارچە-پارچە kəslixdi nəŋ

---

① بۇ مىسالنىڭ ئەرەبچىسىدە «اعانى — ياردەملىشىش» سۆزىنىڭ ئورنىغا «المباراة — بەسلىشىش» سۆزى ئالمىشىپ قالغان. بىز ئۆزگەرتمىدۇق.

بولدى (كَسْلشور - كَسْلشماك kəslixür - kəslixmək).

**كُكْلَشْدى kɵkləxdi** كوكلەشتى، يېپىشتى، گىرەلەشتى.

اُلْ اَنِكْ بِرْلا كُكْلَشْدى — *ol aniŋ birlə kɵkləxdi* — ئۇ ئۇنىڭ بىلەن كوكلەشتى، گىرەلىشىۋالدى. بۇ سوز «كُكْتَشْدى *kɵktəxdi*»مۇ دېيىلىدۇ.

**كُكْلَشْدى kɵkləxdi** كوكلەشتى؛ تۇققانچىلىق قىلىشتى.

اُلْ اَنكَرْ اَذَرْ كُكْلَشْدى — *ol aŋar əzər kɵkləxdi* — ئۇ ئۇنىڭغا ئېگەر كوكلىشىپ بەردى. اُلْ اَنِكْ بِرْلا كُكْلَشْدى — *ol aniŋ birlə kɵkləxdi* — ئۇ ئۇنىڭ بىلەن تۇققانچىلىق قىلىشتى (كُكْلَشور - كُكْلَشماك *kɵkləxür - kɵkləxmək*). بۇ سوز بۇلغارچە.

بۇ قىسىمدىكى پېئىللار توت تۈرلۈك مەنىدە كېلىدۇ:

لىق، «س - s» ھەرپى ھېمىشە كەسرىلىك، «ن - n»
ھەرپى ساكىنلىق بولىدۇ. ھەرىكىلەرنىڭ ھەممىسى قوشۇم-
چىنىڭ ئالدىدىكى ھەرپكە باغلىق بولىدۇ. مەن بۇ
توغرىدا ئىككى ھەرپلىك پېيىللار بابىدا ئېيتتىم.
ئۈچ ھەرپلىك پېيىللارغا كەلسەك: «اَلْ اَنِي
قَچْرُمْسِنْدِي ol anï kaqrumsïndï — ئۇ ئۇنى (قاچۇرمىغان
بولسىمۇ) قاچۇرىدىغاندەك كورۇندى»، «اَلْ اَنِكْ يازُقِن
كَچْرُمْسِنْدِي ol anïŋ yazukïn kəqrümsindi — ئۇ
ئۇنىڭ گۇناھىنى (ئەمەلىيەتتە كەچۈرمىگەن بولسىمۇ)

كەچۈرگەن بولۇپ كۆرۈندى». بۇ يەردە «ر ـ r» ھەرپى زەممىلىك كەلگەن. چۈنكى، بۇ قىسمىدا «قُجُر kaqur» سۆزىدىكى «ج ـ q» ھەرپىنىڭ ھەرىكىسى (زەممە) «ر-r» ھەرپىگە يۆتكىلىپ، «ج ـ q» ھەرپى ساكىنلىق قىلىنغان. ئۈچ ھەرپلىكلەردە سۆزنىڭ ئوتتۇرا ھەرپى ئاخىرقى ھەرپىگە يېقىن بولغانلىقتىن ئۇنىڭ ھەرىكىسى قىسقارتىلىدۇ.

تۆت ھەرپلىكلەرگە مىسال: «اَرْ اَتْ سُغْرِمسِنْدي ər — at suvqarïmsïndï ئادەم ئات سۇغىرىدىۋاتقان بولۇپ كۆرۈندى». بۇنىڭدا «غ ـ q» ھەرپى فەتھەلىك بولماي، «ر ـ r» ھەرپى كەسرىلىك قىلىندى، چۈنكى، فەتھە بىلەن كەسرە خۇددى ئىككى ھەرپلىكلەردە قارىمۇ-قارشى بولمىغىنىدەك، بۇ يەردىمۇ قارىمۇ-قارشى بولمايدۇ.

مەسىلەن: «بَرِمسِنْدي barïmsïndï — بارىدىغاندەك كۆرۈندى»، شۇنىڭدەك «تىلەيدىغاندەك كۆرۈندى» سۆزى «تِلِمسِنْدي tilimsindi» دېيىلمەي «تِلَمسِنْدي tiləmsindi» دېيىلىدۇ. چۈنكى، بۇنىڭ ئەسلى تۆت ھەرپلىك «تِلا — تىلە tilə»[1] دۇر. بۇ سۆزنىڭ ئاخىرقى ھەرپى يەنى «ا ـ ئېلىف» قىسقارتىلغان. چۈنكى، پەيلگە بۇ قوشۇمچىلار قوشۇلۇش بىلەن سۆزنىڭ ئاخىرقى ھەرپى

---

① بۇ سۆز بۇ يەردە ئۈچ ھەرپلىك قىلىپ يېزىلىپ قالغان بولسىمۇ، يازما نۇسخا 396 ـ بەتتە «تِلا» شەكلىدە تۆت ھەرپلىك قىلىپ يېزىلغان.

بولغان «ا - ئېلىپ» تەلەپپۇزدا سىڭىشىپ كېتىدۇ ۋە
يېزىقتا ساقلانمايدۇ. ئۈچ ھەرپلىك پېئىل ئىككى ھەرپلىك
پېئىلغا ئوخشاپ قالماسلىقى ئۈچۈن «ا - ئېلىپ» قىسقار-
تىلغاندىن كېيىن، «ل - *l*» ھەرپىنى كەسرىلىك قىلىش
توغرا بولمايدۇ. مەسىلەن: «يِرِنْدَق تِلِمْسِنْدِي *yarindak* —
*tilimsindi* تاسما تىلىدىغاندەك كۆرۈندى، ئۇزۇنى تاسما
تىلىدىغاندەك قىلىپ كۆرسەتتى»، «پِچَاكْ بِلِمْسِنْدِي - *pi*—
*qək bilәmsindi* پىچاق بىلەيدىغاندەك كۆرۈندى» سۆز-
لەردىكى «ل - *l*» ھەرپى كەسرىلىك قىلىنسا، «ئىشنى
بىلىدىغاندەك كۆرۈندى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان
«ئِشْ بِلِمْسِنْدِي *ix bilimsindi*» دېگەندىكى «بِلِمْسِنْدِي
*bilimsindi*» گە ئوخشاپ قالىدۇ. بۇ سۆز ئىككى ھەرپ-
تىن تۈزۈلگەن، ئالدىنقىلىرى ئۈچ ھەرپتىن تۈزۈلگەن.
يۇقۇرىدا، ئۈچ ھەرپلىكلەر توغرىسىدىكى قائىدىدە
«قَجِرْ *kaqur*»، «كَجِرْ *kәqür*» دېگەن پېئىللاردىكى
ئوتتۇرانچى ھەرپنىڭ ھەرىكىسى قىسقارتىۋېتىلىدۇ، دېگەن
ئىدۇق. بۇ قىسىمدا «ج - *q*» ھەرپىنى ساكىنلىق قىلىپ
«قَجْرِمْسِنْدِي *kaqrumsindi* — قاچۇرىدىغاندەك كۆرۈن-
دى» دېسەك، بۇ سۆزدىكى «ج - *q*» ھەرپىنىڭ ھەرىكىسى
ئۇنىڭدىن كېيىنكى «ر - *r*» ھەرپىگە كۆچۈرۈلگەن بولى-
دۇ. فەتھە كەسرە بىلەن زىت بولمىغىنى ئۈچۈن ئۆز
پېتىچە قېلىۋەرگەن. زەممە كەسرىگە زىت بولغىنى ئۈچۈن

«ھ ـ ٢» ھەرپى كەسرىلىك قىلىنمىغان. مەسىلەن:

«ال آنى تذغرمسندى — *ol anï tozoqurumsïndï* — ئۇ ئۇنى تويغۇزدىغاندەك كۆرۈندى». مەن سۆزلەپ ئۆتكەن بۇ قائىدىلەر پۈتۈن تۈركى تىللاردىكى ھەممە پېئىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھېچقايسىسى بۇ قائىدىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ.

بۇ باپتا بەش ھەرپتىن تۈزۈلگەن پېئىللاردىن مۇشۇ مەنىنى ئىپادىلەيدىغان بىرلا پېئىل بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ «ال منكا يرمسندى — *ol maŋa yaramsïndï* — ئۇ ماڭا (ئۆزىنى) ئوبدانچاق قىلىپ كۆرسەتتى، خۇشامەت قىلدى» دۇر (يرمسنور ـ يرمسنماق *yaramsïnur - yaramsïnmak*).

قسرقندى kïsïrkandï قىزغاندى، قىسىپ تۇتتى. ار تفارن قسرقندى — *ər tavarïn kïsïrkandï* — ئادەم مېلىنى قىزغاندى، (سەرپ قىلىۋېتىشتىن ئەنسىرەپ) قىسىپ تۇتتى (قسرقنور ـ قسرقنماق *kïsïrkanur - kïsïrkanmak*).

شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

التب ترغ قذمدى
سجغان تقى سقرقان

كِزْلَبْ نالُكْ كُتَرْسَنْ
اَمْدِي آنِي قِيرْقان

*əltip tarïq kożmadī*
*sïqoqan takï sïkïrkan*
*kizləp nəlük kütərsən*
*əmdi anï kïsïrkan*

[ئاشلىقنى توشۇپ قويمىدى،
چاشقان بىلەن تۈلۈم چاشقان،
ئېمىسىنى يوشۇرۇۋاتىسىڭ،
ئەمدى ئۇنى قىزغان.]

ئۇز بالا - چاقىسىغىمۇ پېخسىقلىق قىلغان كىشىگە كىنايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: يىققان ئاشلىقىڭنى چاشقان ۋە ھۇدىگەن (تۈلۈم چاشقان) بىر تالمۇ قالدۇرماي تو-شۇپ بولدى؛ ئەمدى قىسىۋال، ئۇنى بالا - چاقاڭغىمۇ يېدۈرمە.

بُلِتْلَنْدِي *bulïtlandï* بۇلۇتلاندى. كُوكْ بُلِتْلَنْدِي *kok* — كوك (ئاسمان) بۇلۇتلاندى *bulïtlandï* (بُلِتْلَنُورْ - بُلِتْلَنْمَاقْ *bulïtlanur - bulïtlanmak*).

بَغِرْلَنْدِي *baqïrlandï* بېغىردەك بولدى، ئۇيىدى. قان

بَغِرلَندِي *kan baqïrlandï* — قان بېغىردەك بولدى، تۇگۇر - تۇگۇر بولۇپ ئۇيىدى. سۈت قېتىق بولۇپ ئۇيىسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (بَغِرلَنُور - بَغِرلَنماق *baqïrlanur - baqïrlanmak*).

بُتَقلَندِي putaklandï پۇتاقلاندى، شاخلاندى؛ تارماقلاندى.

يِغاچ بُتَقلَندِي *yïqaq putaklandï* — دەرەخ پۇتاقلاندى.

سُوو بُتَقلَندِي *suv putaklandï* — سۇ تارماقلاندى. بۇنىڭ ئەسلى «بُتَق — *putak* پۇتاق، شاخ» تۇر (بُتَقلَنُور - بُتَقلَنماق *putaklanur - putaklanmak*).

بَشَقلَندِي baxaklandï باشاقلاندى، باشاق بېكىتلدى. سُنگُو بَشَقلَندِي *süŋü baxaklandï* — نەيزە باشاقلاندى، نەيزىگە ئۇچ بېكىتىلدى. ئوقىا ئۇچ بېكىتىلسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (بَشَقلَنُور - بَشَقلَنماق *baxaklanur - baxaklanmak*).

بَلِقلَندِي balïklandï بېلىقلاندى. كُول بَلِقلَندِي *köl balïklandï* — كۆل بېلىقلاندى. بېلىقلىق بولدى. ئارغۇلار بىر يەر پاتقاق بولسا شۇنداق دەيدۇ. ئۇيغۇرلار بىر يەر شەھەرلىك (قەلئەلىك) بولسا شۇنداق دەيدۇ

(بلقلنور - بلقلنماق baliklanur - balïklanmak).

بجاكلندی piqəkləndi پچاقلاندی، پچاقلق بولدی. آر بجاكلندی ər piqəkləndi — ئادەم پچاقلق بولدی (بجاكلنور - بجاكلنماك piqəklənür - piqəklənmək).

تبتلندی tübütləndi تۈبۈت بولۇۋالدی. آر تبتلندی ər — tübütləndi ئادەم تۈبۈت بولۇۋالدی، تۈبۈت قىياپىتىگە كىردی. تۈبۈتلەر تۈرك ئېلىگە باشقا جايدىن كېلىپ ئورۇنلىشىپ قالغان كىشىلەردۇر (تبتلنور - تبتلنماك tübütlənür - tübütlənmək).

تتغلندی tatïoqlandï تەم كىردی، تاتلىق بولدی. ازم تتغلندی üzüm tatïoqlandï — ئۈزۈم تاتلىق بولدی، ئۈزۈمگە تەم كىردی. ھەرقانداق نەرسىگە تەم كىرسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (تتغلنور - تتغلنماق tatïoqlanur - tatïoqlanmak).

تتقلندی tutuklandï تۇتۇقلۇق بولدی. اراغت تتقلندی uraoqut tutuklnadï — ئايال تۇتۇقلۇق بولدی، ئالدىدا خىزمەت قىلىدىغان ئاغىۋات ئاغىسىغا ئىگە بولدی (تتقلنور - تتقلنماق tutuklanur - tutuklanmak).

تُرُقْلَنْدی turuklandi ئورۇق كوردى، ئورۇق ھېساپلىندى.

اُلْ بو اتِغ تُرُقْلَنْدی — *ol bu atiq turuklandi* ئۇ بۇ ئاتنى ئورۇق كوردى. ئاتتىن باشقىسىنى ئورۇق كورسىمۇ شۇنداق دىيىلىدۇ (تُرُقْلَنُورْ - تُرُقْلَنْماقْ *turuklanur - turuklanmak*).

تُلُمْلَنْدی tolumlandi قورالاندى. اَرْ تلُمْلَنْدی *ər* — *tolumlandi* ئادەم قورالاندى، قورال - ياراقلىرىنى ئاستى (تلُمْلَنُورْ - تلُمْلَنْماقْ *tolumlanur - tolumlanmak*).

جُبُرْلَنْدی qüpürləndi چۇپۇرلاندى، چۇپۇرلۇق بولدى.

اَجْكُو جبُرْلَنْدی — *əqkü qüpürləndi* ئۆچكە چۇپۇرلاندى (جبُرْلَنُورْ - جبُرْلَنْماكْ *qüpürlənür - qüpürlənmək*).

جَبِشْلَنْدی qəbixləndi چۇشلەندى، چۇش بولدى.

اُغْلاقْ جَبِشْلَنْدی — *oqlak qəbixləndi* ئوغلاق چۇش بولدى. ئوغلاق ئالتە ئايلىق بولغاندا چۇش دىيىلىدۇ (جَبِشْلَنُورْ - جَبِشْلَنْماكْ *qəbixlənür - qəbixlənmək*).

جَرُقْلَنْدی qaruklandi چورۇقلۇق بولدى. اَرْ جرُقْلَنْدی — *ər qaruklandi* ئادەم چورۇقلۇق بولدى،

چورۇققا ئىگە بولدى (جرقلنور - جرقلنماق - qaruklanur
*qaruklanmak*).

جَجَكْلَنْدى qəqəkləndi چېچەكلەندى. يِغاچ جَجَكْلَنْدى *yïqaq qəqəkləndi* — دەرەخ چېچەكلىدى. باشقىلار-
دىمۇ شۇنداق (جَجَكْلَنُور - جَجَكْلَنْماك - *qəqəklənür* -
*qəqəklənmək*).

سُكْتْلَنْدى søgütləndi سوگەتلەندى، سوگەتلىك بولدى.

يِرْ سُكْتْلَنْدى *yər søgütləndi* — يەر سوگەتلىك بولدى
(سُكْتْلَنُور - سُكْتْلَنْماك *søgütlənür* - *søgütlənmək*).

سُغُقْلَنْدى sooquklandï سوغۇق كوردى، سوغۇق ھېساپلىدى.

اُلْ بُو يِيرِكْ سُغُقْلَنْدى *ol bu yərig sooquklandï* —
ئۇ بۇ يەرنى سوغۇق كوردى. ھەرقانداق نەرسىنى
سوغۇق كورسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (سُغُقْلَنُور - سُغُقْلَنْماق
*sooquklanur* - *sooquklanmak*).

سُوِغْلَنْدى suvïoqlandï سۇيۇق كوردى، سۇيۇق ھېساپلىدى.

اُلْ بالِغْ سُوِغْلَنْدى *ol balïoq suvïoqlandï* — ئۇ بال
(ھەسەل)نى سۇيۇق كوردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق
(سُوِغْلَنُور - سُوِغْلَنْماق *suvïoqlanur* - *suvïoqlanmak*).

**قَنَتْلَنْدى** kanatlandï قاناتلاندى. ار قَنَتْلَنْدى *ər kanatlandï* — ئادەم قاناتلاندى، يەنى ئۈچقۇر ئاتقا ئىگە بولدى، تىلىگىگە يېتىدىغان بولدى. قُشْ قَنَتْلَنْدى *kux kanatlandï* — قۇش قاناتلاندى، قانات چىقاردى (قَنَتْلَنُورْ - قَنَتْلَنْماق *kanatlanur - kanatlanmak*).

**قِلِجْلَنْدى** kïlïqlandï قىلىچلاندى، قىلىچلىق بولدى. ار قِلِجْلَنْدى *ər kïlïqlandï* — ئادەم قىلىچلاندى (قِلِجْلَنُورْ - قِلِجْلَنْماق *kïlïqlanur - kïlïqlanmak*).

**جَغِرْلَنْدى** qaqïrlandï شەرۋەتلىك بولدى، شاراپلىق بولدى. ار جَغِرْلَنْدى *ər qaqïrlandï* — ئادەم شەرۋەتلىك بولدى، ياكى شاراپلىق بولدى (جَغِرْلَنُورْ - جَغِرْلَنْماق *qaqïrlanur - qaqïrlanmak*).

**جِغِرْلَنْدى** qïqïrlandï چىغىرلاندى، چىغىر يول پەيدا بولدى. يِرْ جِغِرْلَنْدى *yər qïqïrlandï* — يەر چىغىرلاندى، يەردە چىغىر يول پەيدا بولدى (جِغِرْلَنُورْ - جِغِرْلَنْماق *qïqïrlanur - qïqïrlanmak*).

**قَذِرْلَنْدى** kazïrlandï بەتخۇيلاندى، مىجەزى قوپاللاشتى،

زالىملاشتى، اَرْ قَدِرْلَنْدى *ər każïrlandï* — ئادەم قوپاللاشتى. بۇ سوزنىڭ ئەسلى «قَدْرِنْدى *kadrïndï*» بولۇپ، توغرىسى مۇشۇ (قَدِرْلَنُورْ - قَدِرْلَنْماق *każïrlanur*-*każïrlanmak*).

قَدِزْلَنْدى każïzlandï قوۋزاقلاندى. يِغاچْ قَدِزْلَنْدى *yïqaq* — دەرەخ قوۋزاقلاندى *każïzlandï* (قَدِزْلَنُورْ - قَدِزْلَنْماق *każïzlanur* - *każïzlanmak*).

قُدُزْلَنْدى kużuzlandï چوكانغا ئويلەندى. ار قُدُزْلَنْدى *ər kużuzlandï* — ئادەم چوكانغا ئويلەندى. ئارغۇچە (قُدُزْلَنُورْ - قُدُزْلَنْماق *kużuzlanur* - *kużuzlanmak*).

قِمِزْلَنْدى kïmïzlandï قىمىزلىق بولدى. اَرْ قِمِزْلَنْدى *ər* — *kïmïzlandï* ئادەم قىمىزلىق بولدى. قىمىز — ئىچىلگان بايتال سۈتى (قِمِزْلَنُورْ - قِمِزْلَنْماق *kïmïzlanur* - *kïmïzlanmak*).

قُغُشْلَنْدى kooquxlandï ئۇرغۇپ ئاقتى. سُفْ قُغُشْلَنْدى *suv kooquxlandï* — سو (نودىن ئاققاندەك) ئۇرغۇپ ئاقتى (قُغُشْلَنُورْ - قُغُشْلَنْماق *kooquxlanur*-*kooquxlanmak*).

قَمِشْلَنْدى kamïxlandï قومۇشلۇق بولدى. يِرْ قَمِشْلَنْدى

يەر قومۇشلۇق بولدى — *yər kamixlandi* (قَمِشْلَنُورْ -
قَمِشْلَنْماق *kamixlanur - kamixlanmak*).

قِذِغْلَنْدى kiziqlandi قىرغاقلىق قىلىندى، قىرغاق چىقىرىلدى،
جىيەكلەندى. قِذِغْلَنْدى نانڭ *kiziqlandi nəŋ* — نەرسە
قىرغاقلىق قىلىندى (قِذِغْلَنُورْ - قِذِغْلَنْماق - *kiziqlanur*
*kiziqlanmak*).

قَتِغْلَنْدى katiqlandi قېتىقلىندى. آرْ قَتِغْلَنْدى - *ər katiq* —
ئادەم قېتىقلىندى (قَتِغْلَنُورْ - قَتِغْلَنْماق - *landi* *katiqlanur*
*katiqlanmak*). ماقالدا مۇنداق كەلگەن: كِچِكْدا
قَتِغْلَنْسا اُلْغاذُو سَڤْنُورْ *kiqikdə katiqlansa uluqazu* —
*səvnür* كىچىكىدە قېتىقلىنسا، ئۇلغايغاندا سۆيۈنەر.

قُرُغْلَنْدى kuruqlandi قۇرۇق كوردى. اُلْ اُتْماكْنى قُرُغْلَنْدى
*ol ətməkni kuruqlandi* — ئۇ ناننى قۇرۇق
كوردى، يېمىدى (قُرُغْلَنُورْ - قُرُغْلَنْماق - *kuruqlanur*
*kuruqlanmak*).

قَشُقْلَنْدى kaxuklandi قوشۇقلۇق بولدى. آرْ قَشُقْلَنْدى
*ər kaxuklandi* — ئادەم قوشۇقلۇق بولدى

(قَشْقَلْنُور - قَشْقَلْنْماق kaxuklanur - kaxuklanmak).

كَلَبْلَنْدى kələpləndi كەلەپلەندى. تاغ كَلَبْلَنْدى taoq — kələpləndi تاغ كەلەپلەندى، تاغنى كەلەپ ئوتى قاپلىدى.

بۇ قىسىمدىكى پېئىللار بىرنەچچە خىل مەنىدە كېلىدۇ:

بىرىنچىسى، بايان قىلىنغان نەرسىگە ئىگە بولغانلىقنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: «اَرْ تَرِغْلَنْدى ər tarïoqlandi — ئادەم ئېكىنلىك بولدى، ئېكىن ئىگىسى بولدى»، «اَرْ قَشْقَلْنْدى ər kaxuklandi — ئادەم قوشۇقلۇق بولدى، قوشۇق ئىگىسى بولدى» دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئىككىنچىسى، ئۆزىنى بايان قىلىنغان نەرسىلەر قاتارىدا سانىغانلىقنى ۋە ئۇلارنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋال-غانلىقنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: «اَرْ اغزلَنْدى ər oquzlandi — ئادەم ئوغۇزلاشتى، ئوغۇز قىياپىتىگە كىردى»، «اَرْ جِكِلَنْدى ər qigilləndi — ئادەم چىگىللەشتى، چىگىل قىياپىتىگە كىردى» دېگەندەك. بۇ ئەرەپچىدىكى «وقيس عيلان ومن تقيّسا — قەيسلەر قىياپىتىگە كىردى» دېگەنگە ئوخشايدۇ. بۇ پۈتۈن پېئىللار ئۈچۈن ئومۇمىي بىر قائىدىدۇر.

ئۈچىنچىسى، بايان قىلىنغان نەرسە ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىدا بارلىققا كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: «يِغاج بتقَلْنْدى yïoqaq putaklandi — دەرەخ پۇتاق-

لانىدى، پۇتاق چىقاردى»، «يىغاچ يېمشلىندى *yiqaq* —
*yəmixlandi* دەرەخ مېۋىلىدى، مېۋىلىك بولدى».

تۇتىنچىسى، بۇ مەنىلەرنىڭ ھېچقايسىسىنى ئاڭلاتـ - ماي، يېڭىلىق ئۆز مەنىسىنىلا بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

«ئار قېتىغلىندى *ər katiqlandi* — ئادەم قېتىقىندى»،
«كىشى يۇمرۇلىندى *kixi yumurlandi* — كىشى توپلاندى»
دىگەنلەرگە ئوخشاش.

بۇ يېڭىلارنىڭ ھەممىسى ئۈچ ھەرپلىك ئىسىملار- دىن ياسالغان. بۇ قائىدە تۆت ھەرپلىك، بەش ھەرپلىك ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق ھەرپلىك يېڭىلارغىمۇ توغرا كېلىۋېرىدۇ. بۇنى ياخشى چۈشەنسەڭ، بىلىمگە ئىگە بولىسەن.

بەش ھەرپلىكلەر باپلىرى تۈگىدى.

# ئالتە ھەرپلىكلەر بابى

تشغتلندى boxoqutlandi[1] شاگىرتلىق بولدى. ار تشغتلندى *ər boxoqutlandi* — ئادەم شاگىرتلىق بولدى. (تشغتلنور - تشغتلنماق *boxoqutlanur - boxoqutlanmak*).

ترمتلندى tarmutlandi تارماقلاندى، بولۇنۇپ ئاقتى. سۇڤ ترمتلندى *suv tarmutlandi* — سۇ بولۇنۇپ ئاقتى (ترمتلنور - ترمتلنماق *tarmutlanur - tarmutlanmak*).[2]

---

[1] بىز بۇ پېئىلنى «بشغت *boxoqut* — شاگىرت» سۆزىدىن ياسالغان بولسا كېرەك دەپ ھېساپلاپ، بىرىنچى ھەرپىنى «ب - *b*» بىلەن ئالدۇق. چۈنكى «دىۋان»نىڭ ھەممە تومىلىرىدا «شاگىرت» مەنىسىدە كەلگەن «نشغت» دىگەن سۆز ئۇچرىمەيدى.

[2] يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلنىڭ كەلگۈسى زامان ۋە مەستەر شەكىللىرىدە بىرىنچى ھەرپ زەممە بىلەن يېزىلغان. بۇ پېئىل ئەسلى «ترمت *tarmut* — جىرا» سۆزىدىن ياسالغىنى ئۈچۈن، بىز «*tarmutlanur - tarmutlanmak*» دەپ ئالدۇق.

قِزْغَتْلَنْدِى kïzoqutlandï قىزاردى، ئىبرەت ئالدى، ئۆزىنى تارتتى. ار ايشتن قِزْغَتْلَنْدِى *ər ixtan kïzoqutlandï* — ئادەم ئىشتىن ئىبرەت ئالدى، يەنى ئۆز ئىشىنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى تېتىپ، رەسۋا بولۇپ، ئۇ ئىشتىن ئۆزىنى تارتتى (قِزْغَتْلَنُور ـ قِزْغَتْلَنْمَاق ـ *kïzoqutlanur* *kïzoqutlanmak*).

تَقْغَاجْلَنْدِى tavoqaqlandï تاۋغاچلاشتى، تاۋغاچ قىياپىتىگە كىردى. ار تَقْغَاجْلَنْدِى *ər tavoqaq'andï* — ئادەم تاۋغاچ قىياپىتىگە كىردى (تَقْغَجْلَنُور ـ تَقْغَجْلَنْمَاق ـ *tavoqaqlanur* *tavoqaqlanmak*).

سُرْقُجْلَنْدِى surkuqlandï سۇرغۇچلاندى، لاكقا ئىگە بولدى. بِجَاكْ سُرْقُجْلَنْدِى *piqək surkuqlandï* — پىچاق سېپى سۇرغۇچلاندى، يەنى سىر دەرىخىنىڭ يېلىمى بىلەن يەملەندى، چىڭىتىلدى (سُرْقُجْلَنُور ـ سُرْقُجْلَنْمَاق ـ *surkuqlanur* *surkuqlanmak*). ار سُرْقُجْلَنْدِى *ər surkuqlandï* — ئادەم لاكقا ئىگە بولدى، يەنى سىر دەرىخى يېلىمىگە ئىگە بولدى.

سُرْقُجْلَنْدِى surkuqlandï: يِر سُرْقُجْلَنْدِى *yər* —

*surkuqlandï* يەر كاسىنىلاندى، يەردە كاسىنى (كوكچېچەك) ئۈستى (سُرقُجلنور - سرقجلنماق - *surkuqlanur* (*surkuqlanmak*.

سَفْدِجْلَنْدى safdïqlandï سېۋەتلىك بولدى. آرْ سَفْدجلندى *ər safdïqlandï* — ئادەم سېۋەتلىك بولدى (سَفدِجلنور - سَفدِجْلَنْماق *safdïqlanur - safdïqlanmak*).

مَنْدَرْلَنْدى mandarlandï ماندارلاندى، ماندار يوگىشىۋالدى. يِغاجْ مَنْدَرْلَنْدى *yïqaq mandarlandï* — دەرەخ ماندارلاندى (مَنْدَرلنور - مَنْدَرلنماق - *mandarlanur* (*mandarlanmak*.

جَلْبْشْلَنْدى qulbuxlandï① شىردەلەشتى، شالتاق بولدى. اَلِكْ جَلْبْشْلَنْدى *əlik qulbuxlandï* — قول شىردەلەشتى. مېۋە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى يىگەنلىكتىن قول شالتاق بولدى (جَلْبشْلنور - جلبشلنماق *qulbuxlanur* (*qulbuxlanmak*.

---

① بۇ پېئىلنىڭ بىرىنچى ھەرپى بۇ يەردە فەتھەلىك يېزىلغان. بىز بۇ پېئىلنى يازما نۇسخا 231 - بەتتىكى «شالتاق، مېۋە شىرىسى» مەنىسىدىكى «جلبش *qulbux*» دېگەن ئىسىمدىن ياسالغان دەپ ھېساپلىدۇق ۋە ترانسكرىپسىيىدە بىرىنچى ھەرپىنى زەممىلىك قىلىپ ئالدۇق.

قرتشلندی kirtixlandi چرایلقلاشتی. قیز قرتشلندی kiz —
kirtixlandi قز چرایلقلاشتی، چرایلق بولدی
(قرتشلنور - قرتشلنماق kirtixlanur - kirtixlanmak).

قلدشلندی koldaxlandi قولداشلاندی، قولداش بولدی.
ال منك برلا قلدشلندی — ol məniŋ birlə koldaxlandi
ئۇ مېنىڭ بىلەن قولداش بولدی، ئۆزىنى مېنىڭ
دوستلىرىم قاتارىدا كوردی (قلدشلنور - قلدشلنماق
koldaxlanur - koldaxlanmak).

بشلغلندی boxlaoqlandi ئۆز بېشمچىلىق قىلدی، بويۇنتاۋ-
لىق قىلدی. أر ایشدا بشلغلندی - ər ixda boxlaoq —
landi ئادەم ئىشتا ئۆز بېشمچىلىق قىلدی، ئەسەتكە
قۇلاق سالمىدی (بشلغلنور - بشلغلنماق boxlaoqlanur -
boxlaoqlanmak). ماقالدا مۇنداق كەلگەن: بشلغلنسا
بخسقلنور — boxlaoqlansa bohsuklanur بويۇنتاۋلۇق
قىلسا، بوينى زەنجىرلىنىدۇ. بۇ ماقال ئۆزى بىلگىنىچىلا
ئىش قىلىدىغان كىشىلەرگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

ترقغلندی turkuoqlandi تارتىندی، ئۇيالدی، ئەيمەندی.
ال مندن ترقغلندی ol məndin turkuoqlandi —

ئۇ مەندىن تارتىندى، مەندىن ئەيمەندى (تۇرقغلنۇر-
تۇرقغلنماق turkuoqlanur - turkuoqlanmak)①.

تغرغلندى tuoqraoqlandī : اغلان تغرغلندى oqlan tuoqraoqlandī — ئوغلان ئاتقا ئىگە بولدى، يەنى خان تەرىپىدىن ئۇرۇش ۋاقتىدا بېرىلىپ، كېيىن قايتۇرۇۋېلىنىدىغان ئاتقا ئىگە بولدى (تغرغلنور - تغرغلنماق tuoqraoqlanur - tuoqraoqlanmak). خەت - چەك قاتارلىق نەرسىلەرگە تامغا بېسىلسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. ئوغۇزچە.

تملغلندى tumluoqlandī: بو اغرنى تملغلندى bu oqurnī tumluoqlandī — بۇ ۋاقىتنى سوغۇق كوردى، شۇڭا قىيىتىدىن يانىدى (تملغلنور - تملغلنماق tumluoqlanur - tumluoqlanmak). ال انكر تملغلندى ol aŋar tumluoqlandī — ئۇ ئۇنىڭغا سوغۇقلۇق قىلدى، قاپىقىنى تۈردى، ئۆگدى.

① يازما نۇسخىدا بۇ پېيىلنىڭ ئۆتكەن زامانى «تىرقغلندى»، كەلگۈسى زامانى ۋە مەستىرى «تىرقغلنور- ترقغلنماق» شەكلىدە يېزىلغان. بىز بۇ پېيىلنىڭ «ترقغ turkuoq» سۆزىدىن ياسالغىنىنى نەزەردە تۇتۇپ، «turkuoqlandī - turkuoqlanur - turkuoqlanmak» دەپ ئالدۇق.

قشلغلندی kïxlaoqlandï: اُلْ بُو يِيرِكْ قِشْلَغْلَنْدِی *ol bu* —
*yərig kïxlaoqlandï* ئۇ بۇ يەرنى قىشلاق قىلىۋالدى
ۋە شۇ يەردە قىشلىدى (قشلغلنور - قشلغلنماق - *kïxlaoqlanur*
*kïxlaoqlanmak*).

قُشلغلندی kuxlaoqlandï: خانْ بُو يِيرِكْ قشلغلندی *han* —
*bu yərig kuxlaoqlandï* خان بۇ يەرنى قۇش قۇشلاي-
دىغان جاي قىلدى (قشلغلنور - قشلغلنماق - *kuxlaoqlanur*
*kuxlaoqlanmak*).

بُجغقلندی puqoqaklandï پۇچقاقلاندى ~ پۇچماقلاندى.
بُجغقلندی نانكْ *puqoqaklandï nəŋ* — نەرسە پۇچماق-
لاندى، نەرسىدە بۇلۇڭ - پۇچقاق پەيدا بولدى
(بجغقلنور - بجغقلنماق *puqoqaklanur* - *puqoqaklanmak*).

بُرجقلندی burqaklandï: تَرْ بُرجقلندی *tər burqaklandï* —
تەر پۇرچاقلاندى، تەر پۇرچاقتەك دانە - دانە بولدى.
ھەرقانداق سۇيۇق نەرسىنىڭ دانە - دانە بولۇشىنىمۇ
شۇنداق دېيىلىدۇ (برجقلنور - برجقلنماق - *burqaklanur*
*burqaklanmak*).

بَشْمقلندی baxmaklandï باشماقلىق بولدى. ار بشمقلندی

ər baxmaklandi — ئادەم باشماقلىق (سەندەل كەشلىك) بولدى. ئوغۇزچە (بشمقلنور ـ بشمقلنماق baxmaklanur - baxmaklanmak).

بغنقلندى boƣnaklandi بوغۇناقلاندى، پارچىلاندى. بلت بغنقلندى bulut boƣnaklandi بۇلۇت بوغۇناقلاندى (بغنقلنور ـ بغنقلنماق boƣnaklanur - boƣnaklanmak).

بغمقلندى boƣmaklandi بوغمىقىنى ئەتتى، ئۈزمىسىنى ئەتتى. آر بغمقلندى ər boƣmaklandi — ئادەم (كوينەـ گىنىك) ئۈزمىسىنى ئەتتى (بغمقلنور ـ بغمقلنماق boƣmaklanur - boƣmaklanmak).

ترمقلندى tarmaklandi تارماقلاندى، يېيىلدى: شاخ ئايرىلدى، تىرماقلاندى ~ تىرناقلاندى. بوى ترمقلندى boy tarmaklandi — خەلق ۋە قەبىلىلەر ھەر تەرەپكە خۇددى قۇشنىڭ تىرماقلىرىدەك شاخ ئايرىلدى، يېيىلدى. بلا ترمقلندى bala tarmaklandi — قۇش بالىسى تىرماقلاندى، يەنى تىرمىقى چىقتى. سوڤ ترمقلندى suv tarmaklandi — سۇ تارماقلاندى، تارماقلارغا ئايرىلدى

جەڭدە ھۇجۇم قىلغان بىر ئادەم شۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ: ئۇ باتۇرلۇغىنى كورسەتتى، ئاتلىق ۋە پىيادە ئادەملەرنى بىر گە قارىتىپ چاپتۇردى، ماھارىتى بىلەن بىزنى ھەيران قالدۇردى، بۇنداق قوشۇنلا كىم تەڭ كېلەلەيدۇ؟

چقمغلندى qokmaklandi چوقماقلاندى، توگولۇۋالدى.

يىلان چقمغلندى — yilan qokmaklandi يىلان چوقماقلاندى، تۇگولۇۋالدى (چقمغلنور - چقمغلنماق qokmaklanur - qokmaklanmak).

جمغقلندى qimoquklandi چىقىمچى بولدى. كىشى جمغقلندى — kixi qimoquklandi كىشى (ھەممىنى ياماقلايدىغان) چىقىمچى بولدى (جمغقلنور - جمغقلنماق qimoquklanur - qimoquklanmak).

سغلقلندى saoqliklandi ساغلىقلىق بولدى. ئار سغلقلندى — ər saoqliklandi ئادەم ساغلىقلىق بولدى (سغلقلنور - سغلقلنماق saoqliklanur - saoqliklanmak).

قبغقلندى kapoqaklandi قاپقاقلاندى، بېكىتىلدى. كيش قبغقلندى — kix kapoqaklandi ساداق قاپقاقلاندى، ئوقدانىنىڭ ئاغزى بېكىتىلدى (قبغقلنور - قبغقلنماق

(kapoƣaklanur - kapoƣaklanmak).

قدرقلندی kadruklandi: تاغ قدرقلندی - taƣ kadruk-landi — تاغنلق بۆلۆك - پرچاقلىری، ئەگری - بۆگری چقىرلىری كوپەيدی (قدرقلنور - قدرقلنماق kadruklanur - kadruklanmak).

قسرقلندی kïsraklandi قسراقلق بولدی. آر قسرقلندی — ər kïsraklandi — ئادەم قسراقلق (قسر بایتاللق) بولدی (قسرقلنور - قسرقلنماق kïsraklanur - kïsraklanmak).

قرلقلندی karluklandi قارلۇقلاشتی، قارلۇق قیاپتگه كردی. آر قرلقلندی — ər karluklandi — ئادەم قارلۇقلاشتی، قارلۇق قیاپتگه كردی. قارلۇق — تۆركمەنلەرنىڭ بر قسمی (قرلقلنور - قرلقلنماق karluklanur - karluklanmak).

قفجاقلندی kïvqaklandi قپچاقلاشتی، قپچاق قیاپتگه كردی. آر قفجاقلندی — ər kïvqaklandi — ئادەم قپچاقلاشتی، قپچاق قیاپتگه كردی ۋە قپچاق خۇیىنی ئالدی (قفجاقلنور - قفجاقلنماق kïtqaklanur - kïtqaklanmak).

مَنجقلَنْدى monquklandi مونچاقلىق بولدى. قىز مَنجقلَنْدى — قىز مونچاقلىق بولدى، تاقايدىغان kiz monquklandi

ئۈنچە- مارجانلىق بولدى (مَنجقلَنُور - مَنجقلَنْماق (monquklanur - monquklanmak.

مَنجقلَنْدى manquklandi غانجۇغىلىدى. اَرْ تونِنْ مَنجقلَنْدى — ئادەم تونىنى غانجۇغىلىدى، ər tonin manquklandi خورجۇنغا سېلىپ، ئېگەرنىڭ كەينىگە تېڭىۋالدى (مَنجقلَنُور - مَنجقلَنْماق manquklanur-manquklanmak)[1].

بُرْجَكْلَنْدى bürqəkləndi كوكۇلىلىق بولدى، كوكۇلىسى ئۆستى. اَتْ بُرْجَكْلَنْدى — ئات كوكۇلىلىق بولدى، كوكۇلىسى ئۆستى. at bürqəkləndi ئادەمنىڭ ماڭلاي چېچىنىڭ ئۆسۈشىگىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (بُرْجَكْلَنُور -

---

[1] يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامانى «مَنجقلَنْدى» شەكلىدە بېرىلگەن بولسىمۇ، كەلگۈسى زامان ۋە مەستەر شەكىللىرى «مَنجقلَنُور- مَنجقلَنْماق» شەكلىدە بېرىلگەن، بىز بۇ پېئىلنى يازما نۇسخا 239 - بەتتىكى «ئېگەرگە ئارتىلىدىغان خورجۇن، تورۋا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر» مەنىسىدىكى «مَنجق» سوزىدىن ياسالغان دەپ ھېساپلاپ، ئۆتكەن زامان شەكلىنى توغرا تېپىپ، «manquklanur - manquklanmak» دەپ ئالدۇق.

برچكلنماك bürqəklənür - bürçəklənmək)•

ترمكلندى türməkləndi تۇرمەل قىلىندى. اتماك ترمكلندى

etmək türməkləndi — نان تۇرمەل قىلىندى

(ترمكلنور - ترمكلنماك türməklənür - türməklənmək)•

تقلكلندى təvlügləndi هالگەر بولدى. آر تقلكلندى — ər

təvlügləndi ئادەم هېلگەر بولدى، ئالدامچىلارنىڭ

يولىنى تۇتتى (تقلكلنور - تقلكلنماك - təvlüglənür

təvlüglənmək)•

جكركلندى qəkrəkləndi يۇڭ تونلۇق بولدى. قل جكركلندى

kul qəkrəkləndi — قۇل يۇڭ تونلۇق بولدى، يۇڭ

تون كيدى (جكركلنور - جكركلنماك - qəkrəklənür

qəkrəklənmək)•

جلبكلندى qəlpəkləndi چاپاقلاشتى. كوز جلبكلندى

kəz qəlpəkləndi — كوز چاپاقلاشتى (جلبكلنور-

جلبكلنماك qəlpəklənür - qəlpəklənmək)•

بكسكلندى bəksükləndi كوكرەكلەندى، كوكسى كوترىلدى.

قز بكسكلندى kiz bəksükləndi — قىزنىڭ كوكسى

كوترىلدى، كوكرىگى چوڭايدى (بكسكلنور - بكسكلنماك

·(bəksük'ənür ـ bəksüklənmək

کِرْبِكْلَنْدِی kirpükləndi: آنِنْكْ کُوزِی کِرْبِكْلَنْدِی aniŋ — *kəzi kirpükləndi* ئۇنىڭ كوزىگە تەتۇر كىرپىك ئوستى (کِرْبِكْلَنُورْ ـ کِرْبِكْلَنْماكْ *kirpüklənür* ـ ·(*kirpüklənmək*

کَنْجَكْلَنْدِی kənqəkləndi كەنچەكلەشتى، كەنچەك قىياپىتىگە كىردى. اَرْ کَنْجَكْلَنْدِی *ər kənqəkləndi* — ئادەم كەنچەكلەشتى، كەنچەك قىياپىتىگە كىردى. ئۇلارمۇ (تۇركلەردىن) بىر قەبىلىدۇر (کَنْجَكْلَنُورْ ـ کَنْجَكْلَنْماكْ ·(*kənqəklənür* ـ *kənqəkļənmək*

کُنْجُكْلَنْدِی kənqükləndi كونچۇكلەندى، ياقىلىق بولدى. تُونْ کُنْجُكْلَنْدِی *ton kənqükləndi* — تون كونچۇكلەندى (کُنْجُكْلَنُورْ ـ کُنْجُكْلَنْماكْ *kənqüklənür* ـ ·(*kənqüklənmək*

بَجْكَمْلَنْدِی pəqkəmləndi: اَرْ بَجْكَمْلَنْدِی *ər pəqkəm-ləndi* — ئادەم (ئۇرۇش كۇنلىرىدە) بەلگە (نىشان) تاقىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (بَجْكَمْلَنُورْ ـ بَجْكَمْلَنْماكْ ·(*pəqkəmlənür* ـ *pəqkəmlənmək*

تُرْبُنْلَنْدِی turbunlandi ئىزدەندى، سۇرۇشتۇردى. اَرْ

تربنلندي ər turbunlandi — ئادەم ئىزدەندى،
بىر نەرسىنى سۈرۈشتۈردى (تربنلنور - تربنلنماق
turbunlanur - turbunlanmak).

كرشنلندي kirxənləndi ئۇپىلاندى، ئۇپا - ئەگلىك
سۈرتتى. اراغت كرشنلندي uraqut kirxənləndi —
خوتۇن ئۇپا - ئەگلىك سۈرتتى (كرشنلنور - كرشنلنماك
kirxənlənür - kirxənlənmək).

ترکنلندي tərkünləndi تورکۈنلەندى، تورکۈن قىلىۋالدى.
ال بۇ اۋنى ترکنلندي ol bu əvni tərkünləndi —
ئۇ بۇ ئۆينى تورکۈن قىلىۋالدى ۋە ئۆتنگغا ئورۇنلاشتى
(ترکنلنور - ترکنلنماك tərkünlənür - tərkünlənmək).

تشکنلندي tüxkünləndi چۈشكىنلەندى، چۈشكىنلىك
بولدى. تاغ تشکنلندي taoq tüxkünləndi — تاغ
چۈشكىنلەندى، تاغدا چۈشكىنە كۆپەيدى (تشکنلنور-
تشکنلنماك tüxkünlənür - tüxkünlənmək).

چقکنلندي qivgünləndi: ال بۇ اشغ چقکنلندي ol bu —
ئۇ بۇ ئاشنى قوساقنى توق axïoq qivgünləndi

تۇتىدىغان قۇۋۋەتلىك ئاش دەپ ھېساپلىندى (جِڤگُنلَنُور -

جِڤگُنلَنماك *qivgünlənür - qivgünlənmək*).

سْكْمَنلَنْدى sөkmənləndi سوكمەنلەندى. ئَر سْكْمَنلَنْدى

*ər sөkmənləndi* — ئادەم سوكمەنلەندى، ئۆزىنى

باتۇرلاردىن ھېساپلىدى (سْكْمَنلَنُور - سْكْمَنلَنماك
*sөkmənlənür - sөkmənlənmək*).

بۇ تۈردىكى پېئىللارنىڭ بۇيرۇق شەكلى ئالتە

ھەرپلىكتۇر: «سْكْمَنلَن *sөkmənlən* — باتۇرلان»، «كِرشَنلَن

*kirxənlən* — ئۇپا-ئەڭلىك سۈرت» دىگەنگە ئوخشاش.

بۇ قىسىمدىكى پېئىللار تۆت تۈرلۈك مەنىدە
كېلىدۇ:

بىرىنچىسى، ئۆزىنى ئىسمى ئاتالغان نەرسىلەر

قاتارىدا سانىغانلىقنى ۋە ئۇلارنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋالغانلىقنى

بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: «ئَر قِفچاقلَندى *ər kïlqaklandï* —

ئادەم قىپچاقلاشتى، قىپچاق قىياپىتىگە كىردى»،

«ئَر اغرقلندى *ər oqraklandï* — ئادەم ئوغراقلاش-

تى، ئوغراق قىياپىتىگە كىردى».

ئىككىنچىسى، ئىسمى ئاتالغان نەرسىگە ئىگە

بولغانلىقنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: «ئَر قِسرقلندى *ər* —

*kïsraklandï* ئادەم قىسراق (قىسىر بايتال) لىق بولدى»،

«ئار يرمقلندى *ər yarmaklandi* — ئادەم يارماقلىق بولدى، پۇلغا ئىگە بولدى».

ئۈچىنچىسى، تۆت ھەرپلىك ئىسىملاردىن ياسالغان پېئىل بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: «ئانىڭ كوزى جلبكلندى *aniŋ kəzi qəlpəkləndi* — ئۇنىڭ كوزى چاپاقلاندى، چاپاقلاشتى»، «ئانىڭ كوزى كربكلندى *aniŋ kəzi* — *kirpükləndi* ئۇنىڭ كوزىگە تەتۈر كىرپىك ئۆستى».

تۆتىنچىسى، ئۆز مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: «تر برجقلندى *tər burqak-landi* — تەر پۇرچاقلاندى، تەر پۇرچاقتەك دانە - دانە بولدى»، «يلان جقمقلندى *yilan qokmaklandi* — يىلان چوقماقلاندى، تۈگۈلۈۋالدى».

مۇشۇ خىلدىكى ئالتە ھەرپلىك پېئىللارنىڭ ھەممىسى تۆت ھەرپلىك ئىسىملاردىن ياسالىدۇ، ئۇلار ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل پېئىل ھالىتىدە كورۈلمەيدۇ.

ئىككى ھەرپلىك، ئۈچ ھەرپلىك، تۆت ھەرپلىك ئىسىملاردىن مۇشۇ مەنىدىكى پېئىللارنى ياساش زورۇر تېپىلسا، يىلتىزغا «لن *lan||lən*» قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. بۇ پۈتۈن تۈركىي تىللاردا ھەرگىز ئەكسىچە بولمايدىغان ئومۇمىي بىر قائىدە. بۇنى ئېسىڭىزدە ياخشى تۇت.

خۇداغا شۈكرى، سالىم سوزلەر بولۇمى تۈگىدى.

# بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمْ

ئايغۇچى، كويۇنگۇچى تەڭرىنىڭ ئېتى بىلەن
باشلايمەن

# مۇزائەف سوزلەر بولۇمى

## ئىككى ھەرپلىك ئىسملار بابى

تَتْ tat تات. پۈتۈن تۈركلەرنىڭ نەزىرىدە، پارسچە سوزلە-
شىدىغان كىشى. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: تَتِغْ كُوزْرا
تِكَانِكْ تُبْرا — *tatïq kəzrə tikənig tüprə* — تاتنىڭ
كوزىگە (ئۇر)، تىكەننىڭ تۈۋىگە. تات — توخسى، ياغما-
لارنىڭ نەزىرىدە مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار. مەن
بۇنى ئۇلارنىڭ ئوز يۇرتلىرىدا ئاڭلىدىم، «تَتْ تَقْغاجْ
*tat tavqaq*» دەيدىكەن. بۇ «ئۇيغۇر ۋە چىنلىق»
دىگەن بولىدۇ. يۇقۇرىدىكى ماقال بۇلارغا (ئۇيغۇرلار

بىلەن چىنلىقلارغا) قارىتىپمۇ ئېيتىلىدۇ، چۈنكى ئۇلار ۋاپاسىز كېلىدۇ. شۇڭا تىكەننى يىلتىزىدىن كېسىش لازىم بولغىنىدەك، ئۇيغۇرنىمۇ كۆزىگە ئۇرۇش لازىم دېمەكچى.

يەنە بىر ماقالدا مۇنداق كەلگەن: تَتْسِزْ تُرْكْ بُلْمَاسْ بَشْسِزْ بُرْكْ بُلْمَاسْ — *tatsiz türk bolmas baxsiz børk bolmas* تاتسىز تۈرك بولماس، باشسىز بۆك بولماس. بۇنىڭ مەنىسى باشسىز بۆك بولمىغىنىدەك، پارسلارسىز تۈركمۇ بولمايدۇ.

تُتْ tat[1] دات～تات. قىلىچ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ يۈزىدە پەيدا بولغان دات. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: قِلِجْ تَتِقْسَا اِيشْ يُنْجِيرْ اَرْ تَتِقْسَا اَتْ تُنْجِيرْ — *kilïq tatïksa ïx yunqïr ər tatïksa ət tunqïr* قىلىچ داتلاشسا ئىش بۇزۇلىدۇ، ئادەم تاتلاشسا ۋۇجۇدى بۇلغىنىدۇ. قىلىچنى دات باسسا، يىگىتنىڭ ھالى خارابلىشىدۇ، تۈرك پارس خۇلقىغا ئۆگىنىپ قالسا، ۋۇجۇدى بۇلغىنىدۇ. بۇ ماقال كىشىنى قايتىماس باتۇر بولۇشقا، ھەر نەرسىنىڭ ئۆز جىنسى بىلەن ياشىشى لازىملىقىغا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

---

[1] يازما نۇسخىدا بۇ سۆزدىكى بىرىنچى «ت - t» ھەرپى ھەم فەتھەلىك، ھەم زەممىلىك يېزىلغان، مىسال كەلتۈرۈلگەن ماقالدا بولسا، پەقەت فەتھەلىك. يازما نۇسخا 327 - بەتتە زەممىلىك يېزىلغان. بۇ پىشلىنىڭ ئىككى خىل تەلەپپۇزى بولسا كېرەك. بىز بۇ جايدا فەتھەنى ئىناۋەتلىك قىلدۇق.

(بكلتورمن - بكلتماك bəklətürmən - bəklətmək).

تبلتم taplattim ئۇناتتىم، رازى قىلدۇردۇم. من انى بو ایشقا تبلتم mən ani bu ixka taplattim — مەن ئۇنى بۇ ئىشقا ئۇناتتىم (تبلتور - تبلتماق taplatur - taplatmak).

تبلتى tüplətti تەكشۈرتتى، تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈردى. ال بو ایشغ تلیم تبلتی ol bu ixiq təlim tüplətti — ئۇ بۇ ئىشنى تولا تەكشۈرتتى، يەنى راسا تۇۋىگە يەتكۈچە سۈرۈشتۈردى (تبلتور - تبلتماك tüplətür - tüplətmək).

ترلتى tərlətti تەرلەتتى؛ تاراتتى، تاتىلاتتى. ال اتن ترلتی ol atïn tərlətti — ئۇ ئېتىنى تەرلەتتى. ال اتغ ترلتی ol atiq tərlətti① — ئۇ ئېتىنى تاراتتى

---

① بۇ پېئىل يازما نۇسخىدا «ترلتی tərlətti — تەرلەتتى» پېئىلى بىلەن ئۇتىلىك كەلگۈسى زامان ھەم مەستەر شەكىللىرى ئارىسىدا «ترلتی» شەكلىدە يېزىپ قويۇلغان. بىز «دىۋان» دا مۇنداق پېئىل كورۇلمىگەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ،

حَجْ حُجْ hoq hoq چەك - چەك. ئۆچكىنى ھايداشتا قوللىنى-

لىدىغان ئىملىق سۆز.

حَجْ حَجْ həq həq چۇھ - چۇھ. ئاتلارنى ئىتتىكلىتىش ۋە

غەيرەتكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئىملىق سۆز. ئەسلى

«اَجْ اَجْ *əq əq*» بولۇپ، «ا - ئېلىف» «ھ - *h*» غا

ئايلىنىپ كەتكەن. بۇ قوي بېشى قايغان تەرەپكە ماڭغاندا،

ئەرەپلەرنىڭ «هَجْهَجْتُ بِالْغَنَمْ — قويغا ۋاقىرىدىم، قوينى

قايرىدىم» دېگىنىگە ئوخشايدۇ.

شِشْ xix شىش، چوكا. تۇتماچ يەنى چۆپ يېيىلىدىغان

ئەسۋاپ.

قَقْ kak قاق. اَرُكْ قَقِي *ərük kaki* — ئۆرۈك قېقى، گۆلە.

باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

قَقْ kak: قَقْ اَتْ *kak ət* — قاق گوش، قاق قىلىنغان گوش.

قۇرۇتۇلغان ھەرقانداق نەرسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

قَقْ kak قاق، قۇرۇنغان كول. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

---

قَقْلَرْ قَمُغْ كُلَرْدِي

تَغْلَرْ بَشِي اِرْدِي

## اَزُنْ تِنِي يِلِرْدِي

## تُوتُو جَجَكْ جَرْكَشُورْ

*kaklar kamuq kələrdi*
*taqlar baxï ilərdi*
*azun tïni*[1] *yilïrdi*
*tütü qəqək qərkəxür*

[قاقاسلىقلار پۈتۈنلەي كۆلگە ئايلاندى،
تاغلارنىڭ بېشى (كوزگە) ئېلىندى،
دۇنيانىڭ تىنىقى ئېلىندى،
تۈرلۈك چېچەكلەر تىزىلدى.]

باھارنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دەيدۇ: سۇلار كۆپىيىپ، قاقاس ئويمانلىقلار كۆللەرگە ئايلاندى، تاغلارنىڭ چوققىلىرى غۇۋا كۆرۈندى، دۇنيانىڭ تىنىقى ئېلىندى، گۈل - چېچەكلەر كەينى - كەينىدىن سەپ تارتتى.

كَكْ **kək** كەك، ئۆچ، ئاداۋەت. اجْلِكْ كَكْلِكْ كِشِي — *əqlüg kəklig kixi* ئۆچ - كەكلىك كىشى، ئۆچ - كېكى بار كىشى.

---

① بۇ سۆز يازما نۇسخىدا «تَنِي *təni*» شەكلىدە يېزىلغان بولسىمۇ، بىز ئەرەبچە مەنىسىگە ئاساسەن، «تِنِي *tïni*» دەپ ئالدۇق.

كَكْ kək قىينچىلىق. كَكْ كُرْدِي اَرْ — *kək kərdi ər*
ئادەم قىينچىلىق تارتتى.

كُكْ kɵk ئېگەرنىڭ كوكى. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: اَرْ سُوزِي بِرْ اَذَرْ كُكِي اُوچْ — *ər sɵzi bir əżər kɵki üq*
ئەرنىڭ سوزى بىر، ئېگەرنىڭ كوكى ئۈچ. ئەرلىكنىڭ بەلگىسى سوزى بىر بولۇش، سوزىدىن يېنىۋالماسلىق؛ ئېگەرنىڭ كوكى ئۈچ بولىدۇ، توشۇك كوپىيىپ كەتسە، ئېگەرنىڭ قېشى سۇنۇپ كېتىدۇ، توشۇك ئۈچتىن كەم بولسا، ئىككىسى كىشىنى كوتىرەلمەيدۇ. بۇ ماقال كىشىنى دىگەن سوزىدە تۇرۇشقا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

كُكْ kɵk ئەسل، ئەكت. كُكُنْكْ كِمْ — *kɵküŋ kim* ئەسلىڭ كىم (يەنى سەن قايسى ئاتىدىن)، قايسى قەبىلىدىن سەن؟ «ئوغۇز»چە، قىپچاقچە.

ئىككى ھەرپلىكلەر بابى تۈگىدى.

# ئۈچ ھەرپلىكلەر بابلىرى

## فَعَلْ fəəl شەكلىدە ئوتتۇرا ھەرپى ھەر خىل ھەرىكەتلىك سوزلەر بابى

قَتُتْ katut قېتىش، قوشۇش. قَتُتْلُغْ اُقْ katutluq ok— باشىغا زەھەر قېتىلغان (باشىغى زەھەردە سۇغىرىلغان) ئوق.

قَتُتْ katut قاق. اَرْمُتْ قَتُتِي armut katuti — ئامۇت قېقى. دارسفانچە.

قُتُتْ katut سىراج. مۇزدۇزلار ئىشلىتىدىغان سىراج.

كَتُتْ kətüt: كَتُتْ كِشِي kətüt kixi — تۇرتۇك چىراي، يۈزى سورۇن كىشى.

قَجَجْ kaqaq قاچاچ. بىر خىل چىن دۇردۇنى. بۇنىڭ توغرا يېزىلىشى «قَجَاجْ» دۇر. دىدەكلەرگىمۇ شۇنداق دەپ ئات قويۇلىدۇ.

قَجاجْ kaqaq قەقەچ، كىر. تُونْ قَجاجْ بُلْدِي *ton kaqaq boldi* — تون كىر بولدى. بۇ سۆزنىڭ ئەسلى «قَقاجْ» «*kakaq*» بولۇپ، «ج - *q*» ھەرپى «ق - *k*» نىڭ ئورنىدا كەلگەن.

بُقَقْ bokak پوكان.

بُقُقْ bokuk پورەك، پوقاق، غۇنچە. جَجَكْ بُقُقْلَنْدِي *qəqək bokuklandi* — چېچەك (گۈل) پورەكلەندى. بۇ گۈلنىڭ ئېچىلىش ئالدىدىكى ھالىتى. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

تَكْما جَجَكْ اُكُلْدِي
بُقُقْلَنِبْ بُكُلْدِي
تُكْسِنْ تُكُنْ تُكُلْدِي
يَزْلِبْ يَنا يَرْكَشُور

*təgmə qəqək ügüldi*
*bokuklanip büküldi*
*tügsin tügün tügüldi*
*yazlip yana yərgəxür*

[ھەممە چېچەك يىغىلدى،
پوقاقلىنىپ پۈكۈلدى (غۇنچىلىدى)،

(خۇددى) توت بۇرجەكلىك تۈگۈن تۈگۈلدى،
ئېچىلىپ يەنە يوگىشىپ كېتىدۇ.]

باھارنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دەيدۇ: ھەرخىل گۈل - چېچەكلەر توپلاندى، غۇنچىلار پوقاق بولۇشتى، غۇنچىلىرى خۇددى تۈگۈنلەردەك تۈگۈلدى ۋە ئېچىلىپ يەنە بىر - بىرىگە چىرمىشىپ كەتتى①.

بۇقۇق bokuk پوقاق. بوغۇزنىڭ ئىككى يېنىدا، تېرە بىلەن گوش ئارىلىقىدا پەيدا بولىدىغان بىر خىل بەزسىمان گوش. فەرغانە بىلەن شىقنى شەھەرلىرىدە مۇشۇنداق كېسەل تەككەن كىشىلەر بار. پوقاق نەسلىدىن نەسلىگە ئۆتىدۇ. بەزىلىرى شۇنداق يوغىناپ كېتىدۇكى، ئۆزىنىڭ كوكسىنى ۋە پۇتىنى كورەلمەيدۇ.

مەن كېسەلنىڭ كېلىپ چىقىشىنى سورىدىم. ئۇلار ماڭا مۇنداق دەپ جاۋاپ بېرىشتى: «بىزنىڭ بوۋىلىرىمىز ناھايىتى ئۇلۇك كاپىرلار ئىكەن، تەڭرى يارلىقىغۇچى پەيغەمبەرنىڭ ساھابىلىرى ئۇلار بىلەن ئۇرۇشقاندا ئاتا - بوۋىلىرىمىز كېچىلەپ چۇقان - سۈرەن سېلىپ، باسقۇن ياساپتۇ، ئۇلارنىڭ بۇ چۇقان - سۈرەنلىرىدىن مۇسۇلمانلار ھودۇقۇپ كېتىپ، مەغلۇبىيەتكە يۈز تۇتۇپتۇ. بۇ خەۋەر

① بۇ شېئىر ئۇيغۇرچە I توم 568 - بەتتە «تىگسىن» «tügsin» سوزىگىمۇ مىسال قىلىپ كەلتۈرۈلگەن. بىراق بۇ ئىككى ئورۇندىكى شېئىرنىڭ 4 - مىسراسىدا ئاز - تولا پەرق بار.

خۇدا رازى بولغۇچى ئۆمەرگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۆمەر ئۇلارنى قاغاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بوغۇزىدا بۇ كېسەل پەيدا بولۇپتۇ ۋە ئەۋلادىغا مىراس بولۇپ قاپتۇ». ھازىر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇنلۇك گەپ قىلىدىغان ھېچقانداق ئادەم يوق.

تَقُقْ takuk توخۇ. تۈركمەنچە.

سَقَقْ sakak ساقاق، ئېڭەك. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: سَقَقْ بِجارْ سَقالْ اُخْشارْ — *sakak piqar sakal ohxar*① ساقالنى ئويىنار، ساقاقنى پىچار. ساقالنى ئويىنماق بولۇپ، ئېڭەكنى كېسەر. بۇ ئەرەپلەرنىڭ «يُسِرُّ حَسْوًا فِي اِرْتِغاءٍ» دېگەن ئىبارىسىگە ئوخشايدۇ.

سُقَقْ sokak بوكەن.

سُقَقْ sokak سوقاق②. ئوغۇزلار پارسلارنى كىنايە قىلىپ

① بۇ ماقال يازما نۇسخا 409 – بەتتە مۇشۇنداق يېزىلىپ قالغان. بىز يازما نۇسخا 144 – بەتتە بېرىلگەن شەكلىنى توغرا ھېسابلاپ، ترانسكرىپسىيەدە «اُخْشارْ» سۆزى بىلەن «بِجارْ» سۆزىنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ ئالدۇق.

② بۇ سۆز ھازىر ئۇيغۇر تىلىدا (كوچەك ئىلى شېۋىسىدە) «ئۇرۇشقاق، چېتىشمايدىغان» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ، كوچىنە-چە باللارغا قارىتا ئىشلىتىلىدۇ.

شۇنداق ئاتايدۇ. بۇ سُقَق نا تِير *bu sokak nə tər* —

بۇ پارس نىمە دەيدۇ؟

تُكَكْ tügək توقۇناق. ئاغامچىنىڭ ئۇچىغا باغلىنىپ، ئارتىقنى (يۈكنى) چىگىتىدىغان ياغاچ ھالقا.

جَكُكْ qəkük چەكچەگ، بولقا. ئوغۇزچە.

جَكِكْ qəkik چېكىت.

جَكِكْ qəkik سۆكە، مۆكەك. كىچىك بالىنىڭ چوچىقى.

جَكِكْ qəkik قارا قىيالاردا ياشايدىغان، قۇشقاچقا ئوخشاي-دىغان ئالا-چىپار قۇش.

كَكُكْ kəkük كاككۇك. بىر خىل قۇش. سوگىگى ئەفسۇندە ۋە سېھىرگەرلىكتە ئىشلىتىلىدۇ.

يَتُتْ yətüt ياردەم، قوشۇنغا كەلگەن ياردەمچى كۈچ. بۇ سوز «يَتُتْ سَجْ *yətüt saq* — كېيىن يېتىلگەن چاچ» سوزىدىن كېلىپ چىققان.

## بۇ باپتىكى مىسال

كُكاكُنْ kökəgün كوكۈيۈن. ماقالدا مۇنداق كەلگەن:

اِكّي بغْرا اِكاشوزْ اُتْرا كُكاكُونْ يَنْجلُورْ — *ikki buqra ikəxür otra kəkəgün yanqilur* ئىككى بۇغرا ئىكىشەر، ئارىدا كوكۈيۈن يانچىلار. بۇ ماقال ئىككى بەگ تىركەشسە، ئوتتۇرىدا ئاجىزلارنىڭ ھالاك بولىدى- غانلىقىغا تەمسىل قىلىنىدۇ.

ئۈچ ھەرپلىكلەر باپلىرى تۈگىدى.

## تۈت ھەرپلىكلەر باپلىرى

### فَعْلالْ fə'lal شەكلىدە ھەرخىل ھەرىكىلىك سۆزلەر بابى

تُلْغاغْ toloqaoq سوكە؛ ھالقا، قۇلاققا تاقىلىدىغان سوكە.

يِنْجُو تُلْغاغْ *yinqü toloqaoq* — ئۈنچە ھالقا.

تُلْغاغْ toloqaoq تولغاق، جاپا. «اَمْگاكْ تُلْغاغْ *əmgək* *toloqaoq*»مۇ دېيىلىدۇ. بۇ سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى «تولغاق (قۇلۇنىش)» دۇر. اَنِكْ قَرْنِي تُلْغار *anïŋ karnï* — *toloqar* ئۇنىڭ قارنى تولغىدى، يەنى قوسىقى تولغاپ ئاغرىدى.

تَلْغاغْ taloqaoq شۇۋرغان، قار - بوران. ئادەمنى كومۇۋەتكۈدەك، ھەتتا ئۆلتۈرگۈدەك دەرىجىدە شىددەتلىك بولغان قار - بوران. تاغْ اُزا تَلْغاغْ بُلْدِي *taoq üzə taloqaoq boldï* — تاغدا شۇۋرغان بولدى.

قَرْغاقْ karoqak قارغىش، لەنەت. تَنْگْرِى قَرْغاغِنْگا اِلِنْما — *təŋri karoqaoqiŋa ilinmə* تەڭرىنىڭ قارغىشىغا ئۇچرىما.

قِرْغاغْ kïroqaoq قىرغاق، كىيىمنىڭ قىرغىقى.

قِرْغاغْ kïroqaoq كايىش. بەگ ياكى خاننىڭ ئۆز قول ئاستىدىكىلەرگە غەزەپلىنىشى. خانْ آنِي قِرْغادِي — *han ani kïroqadï* خان ئۇنى كايىدى، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىدى. ئۇيغۇرچىدا تەڭرىنىڭ ئەلچىسى «يَلافَجْ *yalalaq*»، خاننىڭ ئەلچىسى «يَلافَرْ *yalafar*» دەپ پەرقلەندۈرۈلگىنىدەك، تەڭرىنىڭ بەندىنى قارغىشى بىلەن بەندىنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنى قارغىشى، ئۇلارغا غەزەپلىنىشىنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، «ق - *k*» ھەرپى ئالدىنقى مەنىدە قەتئىيلىك، كېيىنكى مەنىدە كەسرىلىك قىلىندۇ.

تُلْقُقْ tulkuk پۈدەلگەن تۇلۇم.

يُرْكَكْ yørgək يۈگەك، پۈركەنچە. كُوكْ يُرْكَكْ بُلْدِي — *køk yørgək boldï* كۆك پۈركەندى، ئاسمان (قارا بۇلۇتلار بىلەن) پۈركەندى.

بَزْكاكْ bəzgək بەزگەك.

تُرْكاكْ türgək تۈرگەك، بوغچا، بوغجىما.

**تَزْكاكْ** təzgək تەزگەك، قاچقاق. تَزْكاكْ آرْ *təzgək ər* — تەزگەك ئادەم، ئەمگەك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلاردىن قاچىدىغان ئادەم.

**سَرْكَكْ** sərgək دەلدەڭشىش، سەنتۈرۈلۈش. اَسْرُكْ سَرْكَكْلَنْدِي *əsrük sərgəkləndi* — مەس دەلدەڭشىدى.

**كَرْكُكْ** kərgük كەرگۈك. قوينىڭ قېرنىدا توققۇز تورلۇق بىلەن بىللە جايلاشقان «ئوپكە ئاغزى» دېيىلىدىغان نەرسە.

**كَسْكُكْ** kəsgük كەسگەك، تەرەڭگە. ئىتنىڭ بوينىغا ئېسىلىدىغان كەسگەك.

**كُسْكُكْ** kɵsgük قارانچۇق. كوز تېگىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن كوكتاتلىق ۋە ئۈزۈملۈك باغلارغا ئېسىپ قويۇلىدىغان قارانچۇق. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: آلِينْ آرْسْلانْ تُتَرْ كُوجُونْ كُسْكُكْ تُتْماسْ — *alïn arslan tutar küqün kɵsgük tutmas* ھىلە بىلەن ئارسلان تۇتۇلار، كۈچ بىلەن قارانچۇقمۇ تۇتۇلماس.

**كُرْكاكْ** kürgək كۈرەك. قېيىقنىڭ پالىغى ۋە ھەر تۈرلۈك كۈرەك.

**كَفْكاكْ** kəfgək كېكەچ. تىلىنى چايناپ سوزلەيدىغان كىشى.

# فَعَلْعَلْ fәәl'әl شەكلىدە بەش
## ھەرپلىك سۆزلەر بابى

سَمُرْكُوكْ sәmürgük سۇمۇرگۈك. بۇلبۇلغا ئوخشايدىغان
بىر قۇش. بالاساغۇن تىلىدا. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

بُجْ بُجْ اُتَرْ سَمُرْكُوكْ
بُغْزِى اُجُونْ مَنْكْلَنُورْ

*buq buq өtәr sәmürgük*
*boƣzi üqün mәŋlәnür*

[ۋىچ - ۋىچ سايرار سۇمۇرگۈك،
گېلى ئۈچۈن دانلايدۇ.]

خۇش ئاۋاز قۇشمۇ گال ئۈچۈن دان تېرىدۇ.

كِذْزْكاكْ kiżizgәk: كِذْزْكاكْ قاغُونْ *kiżizgәk kaƣun* — —
سۈيى قىچچىق (شۇمۇقۇپ) كەتكەن قوغۇن.

كِشْرْكاكْ kixirgәk: كِشْرْكاكْ اَرْ *kixirgәk әr* — كىشىدىن

قاچسدىغان ئادەم، ئويىگە بىرسى كېلىشى بىلەن ئىچى سىقىلىدىغان ۋە ئويى كوزىگە تار كورۇنىدىغان ئادەم.

## بۇ باپتىكى غۇنىلىكلەر

جَنكَلْ qəŋəl ئۇسال. جَنكَلْ آرْ *qəŋəl ər* — ئوسال ئادەم.

جُنكَكْ qɵŋək ماتال، ياغاچ چېلەك. چىگىلچە.

تَرْنكَكْ tərŋək[①] سىزىندى سۇ. بۇ سوزنىڭ ئەرەپچىسى «تَرنقْ — لىپى تىنغان» بولۇپ، «ق - *k*» ھەرپى «ك - *k*» گە ئالمىشىپ كەتكەن. بۇ سوز ئەرەپچىگە توغرا كېلىدۇ.

خۇداغا شۇكرى، مۇزائەف ئىسىملار بولۇۋى تۇگىدى.

① بۇ سوز يازما نۇسخا 266 - بەتتە «تَرْنكُوكْ *tərŋük*» شەكلىدە يېزىلغان.

# بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمْ

ئايىغۇچى، كويۇنگۈچى تەڭرىنىڭ ئېتى بىلەن
باشلايمەن

# مۇزائەف پېئىللار بۆلۈمى

## ئىككى ھەرپلىكلەر بابى

شۇنى بىلگىنكى، تۈركى تىللاردا ھەقىقى مۇزائەف سۆزلەر ئاز ئۇچرايدۇ. پەقەت ھەرپ «ت ـ t» بىلەن ئاياقلىشىپ، ئاخىرىدا ئۆتكەن زامان قوشۇمچىسى بولغان «د ـ d» قوشۇلغاندىلا مۇزائەف بولىدۇ. بۇ چاغدا «تەشدىت» (شىددەت) بىلەن قاتتىق ئېيتىلىدىغان ئىككى «ت ـ t» بارلىققا كېلىدۇ. شۇڭا بىز ئۇنى مۇزائەف دەپ ئاتىدۇق. كەلگۈسى زامان ۋە مەسدەردە «د ـ d» چۈشۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن، مۇزائەف بولمايدۇ. دېمەك، ھەقىقى مۇزائەف ئاز بولغاچقا، مۇشۇ تۈردىلا كۆرسىتىپ قويدۇق.

تُتّي tutti تۇتتى، ئاغرىق تۇتتى. باش تُتّي — bax tutti —

يارا ئاغرىقى تۇتتى، يارا لوقۇلداپ ئاغرىدى (تُتار-
تُتْماق *tutar - tutmak*).

**تُتّي** tutti تۇتتى. اِتْ قَيِكْ تُتّي *it kayik tutti* — ئىت
كېيىك تۇتتى. باشقا نەرسىلەرنى تۇتسىمۇ شۇنداق دې-
يىلىدۇ. شۇنىڭدەك ھەرقانداق كىشى بىرەر نەرسىنى
تۇتسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. مەسىلەن: اُلْ مَنكا اَلِكْ تُتّي
*ol maŋa əlik tutti* — ئۇ ماڭا كېپىل بولدى. ماقالدا
مۇنداق كەلگەن: اَلِكْ تُتغِنْجا اُتْ تُتْ — *əlik tutqin-*
*qa ot tut* كېپىل بولغۇچە، ئوت تۇت. كېپىل
بولغۇچە ئوت تۇتقان ياخشى، چۈنكى كېپىل بولغان
ئادەم كېيىن پۇشايمان قىلىدۇ (تُتار-تُتْماق *tutar-tutmak*).

**تِتّي** tïtti تىيدى، چەكلىدى. اُلْ اَنِي تِتّي *ol anï tïtti* —
ئۇ ئۇنى تىيدى، (بىر نەرسىدىن) توستى. ئەسلى
«تِذْتي *tïzti*» بولۇپ، «ذ - ż» ھەرپى ئىدغام قىلىنىش
نەتىجىسىدە «ت - *t*»غا ئايلىنىپ كەتكەن (تِذار - تِذْماق
*tïżar - tïżmak*).

**تِتّي** tïttï//titti تىتتى؛ تىكىلىپ قارىدى، ھومىيىپ قارىدى.
اُلْ اَتْ تِتّي *ol ət tïtti* — ئۇ ئەت تىتتى، يەنى ئېزىلىپ
پىشقان گۆشنى تىتتى. كىيىمنى بەك يىرتىۋەتسىمۇ شۇنداق

دېيىلىدۇ. قُلْ بَكْكا تِتّي kul bəgkə titti — قۇل بەگ بىلەن تىركەشتى، يەنى بەگكە قارشى چىقتى. باشقىلارغا قارشى چىققىنىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. اُلْ آنكارْ تِتْرُو بَقْدي ol aŋar titrü bakdi — ئۇ ئۇنىڭغا تىك (تىكىلىپ) قارىدى. گۈزەل ھەققىدە شۇنداق دېيىلگەن: آنكارْ تِتْرُو بَقْسا بُلْماسْ aŋar titrü baksa bolmas — ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىغىلى بولماس. بۇ سوز بەزىدە ھەمىيىش مەنىسىدىمۇ كېلىدۇ (تِتارْ-تِتْماكْ titər - titmək). گوش تىتىش ۋە كىيىم يىرتىش مەنىسىدە كەلسە، سوزنىڭ مەستىرى قاتتىق «ق - k» بىلەن (تِتارْ-تِتْماقْ titar - titmak) بولۇپ كېلىدۇ.

سُسْدي süsdi ئۈستى ~ سۈزدى. اُوْذْ سُسْدي uz süsdi — كالا ئۈستى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (سُسارْ-سُسْماكْ süsər - süsmək).

شَشْدي xəxdi شەشتى ~ يەشتى. ارْ تُكُونْ شَشْدي ər tügün xəxdi — ئادەم تۈگۈن يەشتى. ئات ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھايۋانلارنى چۇشەكتىن يېشىشكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (شَشارْ-شَشْماكْ xəxər - xəxmək).

قَقْتي kakti قاقتى، نوقىدى. آني بَشْرا قَقْتي ani baxra kakti —

ئۆتلۈك بېشىغا قاقتى، ئۇقۇپ قويدى (قَقار- قَقْماق kakti (kakar - kakmak.

قُقْتى — yaoq otta kokti قوقۇدى. باغ ئوتتا قُقْتى kokti

ياغ ئوتتا قوقۇدى. بۇ چىراق ئوچۇرۇلگەندە تۇتەپ كەتكەننىگە ئوخشايدۇ. گوش كويۇپ بۇس كوتىرىلىسىمۇ «ئَتْ قُقْدي «at kokdi» دېيىلىدۇ (قُقار- قُقْماق (kokar - kokmak.

كِكْدي — piqək kikdi بىلىدى، جەيلىدى. بِجاك كِكْدي ار kikdi ər ئادەم پىچاق بىلدى، ياكى ئۆتكۈرلىكىنى بىر-بىرىگە جەيلىدى (كِكار- كِكْماك kikər - kikmək).

بۇلار ھەقىقى مۇزائەفدۇر. بۇنىڭدىن باشقىلىرى ياسالما مۇزائەفدۇر. ياسالما مۇزائەفلەر تۆۋەندىكىلەر:

بَتّى — kün patti پاتتى، چوكتى. كۈنْ بَتّى patti كۈن پاتتى. قُرغُرِنْ سُقْقا بَتّى koruoqzin[1] suvka patti — قوغۇشۇن سۇغا چوكتى. ھەرقانداق بىر نەرسە كۆزدىن يۇتسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (بَتار-بَتْماق patar-patmak).

---

[1] بۇ سوز بۇ ئورۇندا «قُرغُرِنْ» شەكلىدە يېزىلغان بولسىمۇ، يازما نۇسخا 256 - بەتتە «قُرغُزِنْ» شەكلىدە يېزىلغان. توغرىسى شۇ. شۇڭا بىز «koruoqzin» دەپ ئالدۇق.

بتّي pütti پۈتتى، چىن پۈتتى، گىششەندى. آرْ اونى بتّي ər üni pütti — (كوكسىدىكى بىرەر كېسەل سەۋەب-دىن ياكى تاياق يېگەنلىكتىن) ئادەمنىڭ ئۈنى پۈتتى. اَنِكْ آلِمي بتّي aniŋ alimi pütti — ئۇنىڭ ئىلمى پۈتتى، يەنى بىركىمدىن ئالىدىغان قەرزى توغرىسىدا كېلىشىم هاسىل قىلدى. باشْ بتّي bax pütti — يارا پۈتتى، يەنى ساقايدى. قُلْ تَنْكْرِيكا بتّي kul təŋrigə — pütti قۇل (بەندە) تەڭرىگە پۈتتى، خۇدانىڭ بىرلىكىگە چىن پۈتتى (بتارْ - بتْماكْ pütər - pütmək).

بتّي bütti: اتْ بتّي ot bütti — ئوت ئۈندى. مېۋە بولسى-مۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. اُغْلانْ بتّي oɣlan bütti — بالىنىڭ ئاي - كۈنى پۈتتى، يەنى بالا تۇغۇلدى. ھەر-قانداق نەرسە ئۈنسە، تۇغۇلسا ياكى يارىتىلسا، «بتّي bütti» دېيىلىدۇ. قىپچاقچە (بتارْ - بتْماكْ bütər - bütmək).

جتّي qatti چاتتى، قاتتى. آرْ اغْلاقْ قزِيقا جتّي ər oɣlak kozika qatti — ئادەم ئوغلاقنى قوزىغا قاتتى. باشقىلار-دىمۇ شۇنداق (جتارْ - جتْماقْ qatar - qatmak). ئوغۇز-چە شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

اُرْزُلَنِبْ يُكْسَكْ تاغِغْ اُغْلاقْ چَتارْ
اُيغُرْ تَتِنْ يُلْغا اَلِبْ يُمغِنْ سَتارْ

*orżulanip yüksək taqiq oqlak qatar*
*uyqur tatin yulqa alip yumqin satar*

[يۈكسەك تاغنى ماكان قىلىپ ئوغلاق چاتىدۇ،
ئۇيغۇر تاتتىن ئەرزەن ئېلىپ جۇغلاپ (قىممەت)ساتىدۇ.]

تاغ تۆپىسىنى ماكان قىلغان بىرسى توغرىسىدا شۇنداق دېيىلىدۇ: ئۇ تاغنىڭ تۆپىسىگە جايلاشتى، ئۇنىڭ ئىشى شۈكى، دائىم ئوغلاق، قوزا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى بىر ـ بىرىگە قاتىدۇ، يەنى قارا ـ قويۇق ئارىلاشتۇرۇپ پادىچىلىق قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ ئۇيغۇرلاردىن بۇلاپ ئالغانلىرىنى جۇغلاپ ساتىدۇ.

سَتّي satti ساتتى. اُلْ تَڤارْ سَتّي *ol tavar satti* — ئۇ مال ساتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (سَتارْ ـ سَتْماقْ *satar - satmak*).

سُتّي sutti تۈكۈردى. اُلْ كِشي يُوزِينكا سُتّي *ol kixi yüzinə sutti* — ئۇ كىشىنىڭ يۈزىگە تۈكۈردى. ئەسلى «سُوذْتي *suzti*» بولۇپ، ئىدغام قىلىنىش نەتىجىسىدە

«ذ ـ ẑ» ھەرپى «ت ـ t» غا ئايلىنىپ كەتكەن (سُذار ـ سُذْماق *suẑar - suẑmak*)۰

سِتّي sitti سىيدى. اَرْ سِتّي *ər sitti* — ئادەم سىيدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. ئەسلى «سِيذْتي *siẑti*» بولۇپ، ئىدغام قىلىنىش نەتىجىسىدە «ذ ـ ẑ» ھەرپى «ت ـ t» غا ئايلىنىپ كەتكەن (سِذارْ ـ سِذْماكْ *siẑər - siẑmək*)۰

قَتّي katti قاتتىق، قوشتى. اُلْ سِرْكاني يغرتقا قتّي — *ol sirkəni yoqurtka katti* ئۇ سىركىنى قېتىققا قاتتى. ھەرقانداق نەرسە باشقا نەرسىگە قېتىلسىمۇ (ئارىلاش ـ تۇرۇلسىمۇ) شۇنداق دېيىلىدۇ.

قَتّي katti قاتتى. يُمْشاق نانْكْ قَتّي — *yumxak nəŋ katti* يۇمشاق نەرسە قاتتى (قَتار ـ قَتْماق *katar - katmak*)۰

قُتّي kotti قويدى، تاشلاپ قويدى. اُلْ نانْكْ قُتّي — *ol nəŋ kotti* ئۇ نەرسىنى تاشلاپ قويدى. ئەسلى «قوذْتي *koẑti*» بولۇپ، ئىدغام قىلىنىش نەتىجىسىدە «ذ ـ ẑ» ھەرپى «ت ـ t» غا ئايلىنىپ كەتكەن (قُذُورْ ـ قُذْماق *koẑur - koẑmak*)۰

كَتّي kətti كىيدى. اَرْ تُونِنْ كَتّي — *ər tonïn kətti*

ئادەم ئوينى (كىيىمنى) كىيدى. ئەسلى «كَذْتِي *kəżti*» دۇر (كَذارْ-كَذْماكْ *kəżər - kəżmək*).

كِتّي kətti كەتتى. ارْ يِيرِنْدِنْ كِتّي *ər yərindin kətti* — ئادەم يېرىدىن كەتتى، ئۆز جايىدىن يۆتكەلدى (كِذارْ - كِذْماكْ *kəżər - kəżmək*).

قائىدە: بۇ باپتىكى پېئىللارنىڭ بۇيرۇق شەكلى ئىككى ھەرپلىك بولىدۇ. شۇڭا «ئىككى ھەرپلىكلەر بابى» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: «آتْ تُتْ *at tut* — ئات تۇت»، «تَڤارْ سَتْ *tavar sat* — مال سات» دېگەن جۈملىلەردىكى «تُتْ *tut*»، «سَتْ *sat*» دېگەنگە ئوخشاش. بۇ باپتىكى پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلىدە ئوخشاش بىر ھەرپ قوشلاپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، مۇزائەف دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئەھۋال ئەرەبچىدە كەلگۈسى زامان ۋە مەستەرلەردىمۇ ئۇچرىغىنى بىلەن، تۈركچىدە ئۇچرىمايدۇ. لېكىن ئۆتكەن زاماندا ئوخشىغانلىقى ئۈچۈنلا شۇنداق دېدۇق.

بۇ باپتىكى سۈپەتلەر تۈركىيدە «تُتغُوجِي *tutǫuqi* — تۇتقۇچى»، «سَتغُوجِي *satǫuqī* — ساتقۇچى» شەكلىدە بولۇپ كېلىدۇ. تۈركمەنلەر بىلەن ئۇلارنىڭ خوشنىلىرى بۇنى «تُتّجِي *tuttaqī*»، «سَتّجِي *sattaqī*» دەپ قوللىنىدۇ.

ئىش - ھەركەتنىڭ كۆپ قېتىم قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان سۆپەت «تتغان *tutqan* — تۇتۇۋېرىدىغان» ، «ستغان *satqan* — سېتىۋېرىدىغان» شەكلىدە كېلىدۇ. مەلۇم بىر ئىش - ھەركەتنى ئىشلەشكە خۇشتار (ئامراق) ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان سۆپەت «تتغساق *tutuqsak* — تۇتۇشقا ئامراق»، «ستغساق *satiqsak* — سېتىشقا ئامراق» شەكلىدە كېلىدۇ. بىر ئىش - ھەركەتنى ئىشلەش ئىشلىگۈچىنىڭ بۇرچى ئىكەن - لىكىنى بىلدۈرىدىغان سۆپەت «ال تتغلق اردي *ol tutquluk ərdi* — ئۇ تۇتقۇلۇق ئىدى، ئۇ تۇتۇشى كېرەك ئىدى» ، «ال ستغلق ترر *ol satquluk turur* — ئۇ ساتقۇلۇق ئىدى، ئۇ سېتىشى كېرەك ئىدى» شەكلىدە بولىدۇ. ئوغۇزلار مۇشۇ مەنىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، بۇ يەردىكى «ل - *l*» ھەرپىنى ئورنىغا «س - *s*» ھەرپىنى ئىشلىتىپ، «ال انى تتغسق اردي *ol ani tutuqsak ərdi* — ئۇ ئۇنى تۇتقۇلۇق ئىدى، تۇتۇشى كېرەك ئىدى»، «ال انى ستغسق ال *ol ani satiqsak ol* — ئۇ ئۇنى ساتقۇلۇق ئىدى، ئۇ ئۇنى سېتىشى كېرەك ئىدى» دەيدۇ. بىرەر ئىش - ھەركەتنى قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى (قىلغىلى قوپقانلىقىنى) بىلدۈرىدىغان سۆپەت «ال انى تتغلي ال *ol ani tutuqli ol* — ئۇ ئۇنى تۇتقىلى -

تىدۇ»، «اُلْ تَڤارِنْ سَتِغْلِي اُلْ *ol tavarin satiqli* —
*ol* ئۇ مېلىنى ساتقىلىۋاتىدۇ» شەكلىدە كېلىدۇ.

باشقا قائىدىلەر ئوتكەن باپلاردا كورستىلگەنلىرى بىلەن ئوخشاش، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە قائىدە بىر خىل بولىدۇ، ئوزگەرمەيدۇ.

ئىككى ھەرپلىكلەر بابى تۈگىدى.

# ئۈچ ھەرپلىكلەر باپلىرى

## فَعَلْدي fəəldi شەكلىدە ئۈتتۈرا ھەرپى

## ھەرخىل ھەرىكىلىك سوزلەر بابى

جَبِتّي qapitti چىپىلدى؛ چاپتۇردى. اِتْ كِشي كا جَبِتي
— it kixigə qapitti — ئىت (چىشلەش ئۈچۈن) كىشىگە
چىپىلدى. شۇنىڭدەك «بَكْ آنِكْ بُيِنْ جَبِتي bəg —
anin̡ boynin qapitti بەگ ئۇنىڭ بوينىنى چاپتۇر-
دى» مۇ دېيىلىدۇ. ئۈيغۇرچە (جَبِتور - جَبِتماق qapitur-
qapitmak).

سَبِتّي sapitti شىپاڭلاتتى، پۇلاڭلاتتى. آتْ قُدْرُق سَبِتي
— at kuzruk sapitti — ئات قۇيرۇق شىپاڭلاتتى.
اِتْ قُدْرُق سَبِتي — it kuzruk sapitti — ئىت قۇيرۇق
شىپاڭلاتتى (سَبِتُر - سَبِتماق sapitur - sapitmak).

سُبِتّي supitti ئۈچلىدى. اُلْ نانْكْني سُبِتي — ol nən̡ni —

ئۈچلۇق قىلدى (سپتۇر ـ سپتماق *supitur ـ supitmak*). *supitti* ئۇ ئەرسەنى ئۈچلىدى، يەنى مىققا ئوخشاش

كَپتّى kəpitti ئەكچىتتى، قورۇتتى، يىل تونغ كَپتى *yəl tonuq kəpitti* — يەل (شامال) تونىنى ئەكچىتتى (كَپتۇر ـ كَپتماك *kəpitür ـ kəpitmək*).

كُبتّى købitti يومەتتى، يومەپ تكتۈردى. ال تونن كُبتى *ol tonïn købitti* — ئۇ تونىنى يومەتتى (كُبتۈر ـ كُبتماك *købitür ـ købitmək*).

بتتّى bititti پۈتتۈردى ~ پۈتكۈزدى. ال بتك بتتى *ol bitik bititti* — ئۇ پۈتۈك پۈتتۈردى، يەنى كىتاپ يازدۇردى (بتتۈر ـ بتتماك *bititür ـ bititmək*).

تَتتّى tatïtti تېتىتتى، تەملىك قىلدى، تەم كىرگۈزدى. توز اشغ تَتتى *tuz axïq tatïtti* — تۇز ئاشنى تېتىتتى. ھەرقانداق ئەرسە باشقا ئەرسىنىڭ تەمىگە تەسىر قىلسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (تَتتور ـ تَتتماق *tatïtur ـ tatïtmak*).

تُتتّى tütətti تۈتەتتى. ال تتون تتتى *ol tütün tütətti* —

ئوت تۈتۈن تۈتەتتى، ئوت تۈتۈن چىقاردى (تُتتُور -
تُتْماك[1] *tütətür - tütətmək*).

قُتَتّى kutatti قۇتاتتى، قۇتلۇق بولدى. اَرْ قُتَتّى *ər kutatti* — ئادەم قۇتلۇق بولدى، يەنى ئادەم بەخت - دۆلەتلىك بولدى. ھەرقانداق نەرسە بەختكە ۋە مەرتىۋىگە ئىگە بولسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (قُتاتُرْ - قُتَتْماق *kutatur - kutatmak*).

سَجَتّى saqitti چاچقۇزدى، چاچراتتى. اُلْ اَنْكَرْ سُفْ سَجَتّى *ol aŋar suv saqitti* — ئۇ ئۇنىڭغا سۇ چاچقۇزدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (سَجَتُور - سَجَتْماق *saqitur - saqitmak*). اُلْ اَنِكْ مِنْكِيسِنْ سَجَتّى *ol aniŋ məŋisin saqitti* — ئۇ ئۇنىڭ مېڭىسىنى چاچراتتى، يەنى ئۇرۇپ چۇۋۇۋەتتى. ھەرقانداق نەرسىنى چاچتۇرسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

---

① بۇ پېئىلنىڭ كەلگۈسى زامان ۋە مەستەر شەكىللىرى يازما نۇسخىدا «تُتُور - تُتْماك» شەكلىدە يېزىلغان، ئەسلى پېئىل «تُتَتّى *tütətti*» بولغىنى ئۈچۈن، بىز «*tütətür - tütətmək*» دەپ ئالدۇق.

سُجِتّي **süqitti** چۇچۇك قىلدى؛ تاتلىق قىلدى؛ ياخشىلدى، مۇنبەت قىلدى. اُلْ اَجِغْ نانكْنِي سُجِتّي *ol aqïq nəŋni süqitti* — ئۇ ئاچچىق نەرسىنى چۇچۇك قىلدى. اُلْ يِيرِكْ سُجِتّي *ol yərig süqitti* — ئۇ يەرنى ياخشىلىدى، يەنى ئۇ شورلۇق يەرنى ئوغۇتلاپ مۇنبەت قىلدى (سُجِتُوْرْ - سُجِتْماكْ *süqitür - süqitmək*).

سِجِتّي **sïqïttï** چىچىتۇردى. اُلْ اَنِي سِجِتّي *ol ani sïqïttï* — ئۇ ئۇنى چىچىتۇردى (سِجِتُوْرْ - سِجِتْماقْ *sïqïtur - sïqïtmak*).

سُجِتّي **suqïttï** سەگرەتتى. اُلْ اَتِغْ سُجِتّي *ol atïq suqïttï* — ئۇ ئاتنى سەگرەتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (سُجِتُوْرْ - سُجِتْماقْ *suqïtur - suqïtmak*).

قَجِتّي **kaqïttï** قاچۇردى ~ قاچتۇردى. اُلْ اَنِي قَجِتّي *ol ani kaqïttï* — ئۇ ئۇنى قاچۇردى (قَجِتُوْرْ - قَجِتْماقْ *kaqïtur - kaqïtmak*).

كَجِتّي **kəqitti** كەچتۈردى ~ كەچكۈزدى. اُلْ اَنكَرْ سُوْفْ

كَجِتّي ol aŋar suv kəqitti — ئۇ ئۇنىڭغا سۇ
كەچتۇردى (كَجِتُورْ - كَجِتْماكْ kəqitür - kəqitmək).

كُجَتّي küqətti بولاتتى. اُلْ اَنِكْ تَڤارِنْ كُجَتّي ol aniŋ —
tavarïn küqətti ئۇ ئۇنىڭ مېلىنى بولاتتى
(كُجَتُورْ - كُجَتْماكْ küqətür - küqətmək).

كِجِتّي kiqitti قىچىشتۇردى. اَنِكْ اُذُوزِي كِجِتّي aniŋ —
uzuzï kiqitti ئۇنىڭ قوتۇرى قىچىشتۇردى
(كِجِتُورْ - كِجِتْماكْ kiqitür - kiqitmək).

كَجِتّي kəqitti كېچىكتۇردى. اُلْ اِيشِغْ كَجِتّي ol ïxïq —
kəqitti ئۇ ئىشنى كېچىكتۇردى (كَجِتُورْ - كَجِتْماكْ
(kəqitür - kəqitmək).

بَدُتّي bədütti چوڭ قىلدى. اُلْ اُوغْلانِغْ بَدُتّي ol —
ooqlanïq bədütti ئۇ بالىنى چوڭ قىلدى (بَدُتُورْ - بَدُتْماكْ
(bədütür - bədütmək).

قَذِتّي kazïttï قايتتى، ياندى. اَرْ بَرِيرْ اَرْكانْ قَذِتّي ər —
barïr ərkən kazïttï ئادەم كېتىۋېتىپ قايتتى
(قَذِتارْ - قَذِتْماقْ kazïtar - kazïtmak). ئادەم سوغۇقتىن

ئولۇپ قېتىپ قالسىمۇ، «ار تملغقا قذتي *ər tumluqka* «*kažittī* دېيىلىدۇ.

قَذِتّي kažitti قېتتى، قېتىپ تىكتۇردى. اُلْ تُونُغْ قَذِتّي *ol tonuq kažitti* — ئۇ تونىنى قېتتى (قذتور. قَذِتْماق *kažitur* - *kažitmak*).

قِذِتّي kižitti قىرغاقلاتتى، جىيەكلەتتى. اُلْ بُرْكِنْ قِذِتّي *ol bərkin kižitti* — ئۇ بۆكىنى جىيەكلەتتى (قِذُتُورْ - قِذِتْماقْ *kižitur* - *kižitmak*)①.

بۇ پېئىللارنىڭ ھەممىسىدىكى «د - *d*» ھەرپىنى «ذ - *ẓ*» دەپ گۇمان قىلىپ، ئۇنى «ى - يا»غا ئالماشتۇرىدىغانلار بار. مەن بۇنى ياغما، توخسى، ئوغۇزلاردا ۋە قىپچاقلار تەرەپتە ئاڭلىدىم. «د - *d*» نى «ذ - *ẓ*» بىلەن ئالماشتۇرۇش تەرەپلەردىمۇ بار. مەسىلەن: «ماذُقْتْ عَذُوقَا وَلَا عَذُوقا» دېگەندىكىگە ئوخشاش.

---

① يازما نۇسخىدا بۇ ۋە بۇنىڭدىن ئالدىنقى ئىككى پېئىل تۆۋەندىكى قائىدە بويىچە «د - *d*» بىلەن يېزىلىشى كېرەك بولسىمۇ، «ذ - *ẓ*» بىلەن يېزىلىپ قالغان. بىز شۇ زامان تىلىدا «د - *d*» بىلەن «ذ - *ẓ*» نىڭ ئۆزئارا نۆۋەتلىشىشىنىڭ نورمال ئەھۋال ئىكەنلىكىنى ۋە يازما نۇسخىنىڭ باشقا ئورۇنلىرىدا بۇ پېئىللار يېلتىزىنىڭ بەزىدە «د - *d*»، بەزىدە «ذ - *ẓ*» بىلەن يېزىلغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئەسلىنى ئۆزگەرتمىدۇق.

بذتّي buzutti مۇزلاتتى، توڭلاتتى. اُلْ كِشِنِي تملغقا بذتّي ol kixini tumluqka buzutti — ئۇ كىشىنى سوغۇققا مۇزلاتتى، ھەتتا توڭلىتىپ ئۆلتۈردى (بذتور ـ بذتماق buzutur - buzutmak)①.

بذتّي büzütti ئويناتتى، بىلەتتى. اُلْ اُغلِني بذتّي ol oqlini büzütti — ئۇ ئوغلىنى (سەكرىتىپ) ئويناتتى (بذتور ـ بذتماك büzütür - büzütmək).

سِذتّي sizitti سىيدۈردى. اُراغتْ اُغلنْ سِذتّي uraqut oqlin sizitti — خوتۇن بالىسىنى سىيدۈردى. شۇنىڭدەك ئاتلىق ئادەم ئېتىنى سىيدۈرسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (سِذتور ـ سِذتماك sizitür - sizitmək).

برتّي burutti قاڭسىتتى، بۇس چىقىرىۋەتتى؛ پۇراتتى. اُوتْ اَشجِني برتّي ot əxiqni burutti — ئوت قازاننى قاڭسىتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. اُغلان برتّي

① بۇ سوز كەلگەن ئورنىنىڭ ھەرپ تەرتىۋىگە ۋە سوزنىڭ مەنىسىگە قارىغاندا، ئۇنىڭ بىرىنچى ھەرپى «ى - يا» بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، بىز بىسىم ئاتالاينىڭ بۇ ھەقتىكى ئىزاھىنى ماقۇل كورۇپ، بۇ سوزنىڭ بىرىنچى ھەرپىگە «ب - b» بىلەن ترانسكرىپسىيە بەردۇق.

oqlan burutti — بالا پۇرىتىۋەتتى (سىپىسىق يىل چىقاردى). بۇ سۆز «بۇرتتى» buritti مۇ دېيىلىدۇ (بۇرتۇر - بۇرتماق burutur - burutmak).

ترتتي tarutti تارايتتى. ال آفن ترتتي[1] — ol əvin tarutti ئۇ ئۆيىنى تارايتتى. شۇنىڭدەك ھەرقانداق نەرسە تارايتىلسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (ترتور - ترتماق tarutur - tarutmak).

ترتتي tərütti تورەتتى، تورەلدۇردى. تنكري يلنكق ترتي — təŋri yaliŋuk tərütti تەڭرى ئادەمنى تورەلدۇر-دى. باشقا مەخلۇقاتلارنى تورەلدۇرسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (ترتور - ترتماك tərütür - tərütmək). ئوغۇزچىدا بىر نەرسىنى ئۆلچەمگە مۇۋاپىق تۈزىتىشكىمۇ «ترتي tərütti» دېيىلىدۇ. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

تنكري اژن ترتي جغري اذ تزكنور
يلدزلري جركشب تن كن اوزا يركنور

---

① يازما نۇسخىدا بۇ يېرىلغا مىسال قىلىپ كەلتۈرۈلگەن جۈملە-نىڭ بىرىنچىسى سۆزى «ال ol» دىن كېيىن «انكار aŋar» سۆزى قۇر ئۈستىگە قوشۇپ قويۇلغان. بىز ئەرەبچە-سىنگە ئاساسەن، كېيىن قوشۇلغان بۇ سۆزنى ئوشۇق ھېساپلىدۇق.

*təŋri azun tərütti qiqri uzu*[1] *təzginür*
*yulduzlari qərkəxip tün kün üzə yərgənür*

[تەڭرى ئالەم ياراتتى، چىغرىق تىنىماي ئايلىنۇر،
يۇلتۇزلىرى سەپ تارتىپ، كۈندۈزگە تۈن يوگلۈر.]

تەڭرى ئالەمنى تورەلدۇردى، پەلەك داۋاملىق ئايلىنىپ تۇرىدۇ، يۇلتۇزلىرى رەت - رەت تىزىلىپ، كېچىسى كۈندۈزنى قوزاپ تۇرىدۇ.

تَرِتّي təritti تەرلىدى. آرْ تَرِتّي *ər təritti* — ئادەم تەرلىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. بۇ سوز «تَرِي *təri* — تېرە» دىگەن سوزدىن كېلىپ چىققان. مۇنداقتا بۇ يەردىكى مەنە «تَرِي اُتّي *təri ötti* — تېرىدىن تەر چىقتى» دىگەن بولىدۇ. دىمەك، «ھەمزە - ١» تاشلىنىپ، ئىككى سوزنىڭ قوشۇلۇشىدىن بىر پېئىل ياسالغان ياكى «تَرْ *tər* — تەر» سوزىدىن ياسىلىپ «تَرْ اَتّي *tər atti* (بەدەن) تەر ئاتتى، تەر چىقاردى» دىگەن مەنىدە كەلگەن، بۇ يەردە «ھەمزە - ١» تاشلىنىپ، ئىككى

① يازما نۇسخىدا بۇ سوز «اذ» شەكلىدە يېزىلغان. بىز بېسىم ئاتالايىنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىزاھىنى توغرا تېپىپ، بۇنى «داۋاملىق، تىنىماي» دىگەن مەنىلەردىكى «اذُو *uzu*» سوزى دەپ تونىدۇق ۋە شۇنداق ئالدۇق.

سوزنىڭ قوشۇلۇشىدىن بىر پېيىل ياسالغان (تَرِتارْ - تَرِتْماكْ *tәritәr - tәritmәk*).

سَرُتّي saritti[1] يوگەتتى، ئوراتتى. اُلْ اَنَكَرْ سُڤْلُقْ سَرُتّي *ol aŋar suvluk saritti* — ئۇ ئۇنىڭغا سەللە يوگەتتى، يەنى ئۇنى سەللە يوگەشكە ئۈندىدى (سَرِتُورْ - سَرِتْماقْ *saritur - saritmak*). ھەرقانداق نەرسىنى يوگەتتۇرسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

سُرُتّي sorutti شوراتتى، ئەمدۈردى، ئېمىتتى؛ پۈرۈشتۈردى. اُراغُتْ كَنْجكا سُوتْ سُرُتّي *uraqut kәnqkә süt sorutti* — خوتۇن بالىغا سۈت شوراتتى (ئېمىتتى). اَرْ يُوزِنْ سُرِتّي *әr yüzin soritti* — ئادەم يۈزىنى پۈرۈشتۈردى (سُرِتُورْ - سُرِتْماقْ *soritur - soritmak*).

سِرِتّي siritti سىرىتتى ~ شىرىتتى، شىرىغۇزدى. اُلْ قِيزْقا كِذِزْ سِرِتّي *ol kizka kiziz siritti* — ئۇ دېدەك قىزغا كىگىز (شىرداق) شىرىتتى. بۇ كىيىمنى شىرداقغا

---

① يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلىدە «ر - ۲» ھەرپى زەممىلىك قىلىنغان. بىز بۇ پېئىلنىڭ كەلگۈسى زامان ۋە مەستەر، شۇنىڭدەك دېۋاننىڭ باشقا جايلىرىدىكى شەكىللە-رىگە قاراپ، «ر - ۲» ھەرپىنى كەسرىلىك ئالدۇق.

ئوخشاش (سِرِتُورْ ـ سِرِتْماقْ *sirïtur - sirïtmak*).

قَرِتّي karïtti قېرىتتى. اُذْلَكْ انِي قَرِتّي — *əzlək ani karïtti* زامان ئۇنى قېرىتتى (قَرِتُورْ ـ قَرِتْماقْ *karïtur - karïtmak*). ماقالدا مۇنداق كەلگەن:
اُذْلَكْ قَرِتْمِشْقا بُذُغْ تَلْقِماسْ — *əzlək karïtmïxka bozuq talkïmas* زامانە قېرىتقانغا بوياق (پەدەز) ئەيىپ ئەمەس.

قُرِتّي kurïtti قۇرۇتتى. كُونْ تُونْغ قُرِتّي — *kün tonuq kurïttï* كۈن تونىنى قۇرۇتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (قُرِتُورْ ـ قُرِتْماقْ *kurïtur - kurïtmak*).

كُرَتّي kürətti قاچۇردى. اُلْ آنَكْ قُلْنْ كُرَتّي — *ol anïŋ kulïn kürətti* ئۇ ئۇنىڭ قولىنى قاچۇردى (كُرَتُورْ ـ كُرَتْماكْ *kürətür - kürətmək*).

كُرَتّي kürətti كۆرەتتى، كۆرىنگۈزدى. اُلْ آنْكَرْقارْ كُرَتّي — *ol aŋar kar kürətti* ئۇ ئۇنىڭغا قار كۆرەتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (كُرَتُورْ ـ كُرَتْماكْ *kürətür - kürətmək*).

كَرِتّي kəritti قاۋاتتى. اُلْ اِتِنْ كَرِتّي — *ol itïn kəritti*

ئۇ ئىتنى قاۋاتتى (كَرِتُورْ ـ كَرِتْمَاكْ ـ *kəritür*
*kəritmək*). قارلۇقچە.

بَزَتّي bəzətti بېزەتتى. اُلْ اَفْنْ بَزَتّي *ol əvin bəzətti* —
ئۇ ئۆيىنى بېزەتتى (بَزاتُورْ ـ بَزَتْمَاكْ ـ *bəzətür*
*bəzətmək*).

تَزِتّي təzitti تەزدۇردى، قاچۇردى. اِتْ كَيِكْنِي تَزِتّي *it kəyikni təzitti* —
ئىت كېيىكنى تەزدۇردى (تَزِتُورْ ـ
تَزِتْمَاكْ *təzitür* ـ *təzitmək*).

بَزِتّي bəzitti تىترەتتى. تُمْلُغْ اَنِي بَزِتّي *tumluq ani bəzitti* —
سوغۇق ئۇنى تىترەتتى. تىترىتىدىغان تەپنى
«بَزْكَاكْ *bəzgək*» دېيىش شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان
(بَزِتُورْ ـ بَزِتْمَاكْ *bəzitür* ـ *bəzitmək*).

تُزُتّي tozutti توزۇتتى. اُلْ تُبْرَاقْ تُزُتّي *ol toprak tozutti* —
ئۇ توپراق توزۇتتى (تُزُتُورْ ـ تُزْتْمَاقْ *tozitur* ـ
*tozitmak*).

سِزِتّي sizitti ئېرىتكۈزدى. اُلْ اَنْكَرْ يَاغْ سِزِتّي *ol aŋar yaɣ sizitti* —
ئۇ ئۇنىڭغا ياغ ئېرىتكۈزدى. باشقىلار-

دېمۇ شۇنداق (سىزىتۇر - سىزىتماق sizitur - sizitmak).

قۇزۇتتى kuzutti قۇرۇتتى، ئىشتىيىنى كەلتۈردى. ئول ئانىڭ بوغزىن قۇزۇتتى — ol aniŋ boqzin kuzutti ئۇ ئۇنىڭ گېلىنى قۇرۇتتى، ئۇنىڭ ئىشتىيىنى كەلتۈردى. بۇ سۆزدىكى «ز - z» نىڭ ئەسلى «ر - r» بولۇپ، بىر كىم تاماق يېگۈسى كەلگەن بىرسىنىڭ بوغۇزىنى قۇرۇتۇپ قويدى دېگەن مەنىدە كەلگەن (قۇزتۇر - قۇزتماق kuzutur - kuzutmak)[1]. بۇ قائىدىگە يات ئەھۋال. چۈنكى ئۆتۈمسىز پېئىللارنى ئۆتۈملۈككە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، پەقەت «ر - r» ھەرپىلا قوللىنىلىدۇ[2].

كەزىتتى kəzitti كەزدۈردى. ئول مەنى يېر كەزىتتى —ol məni

① يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلنىڭ ئىككىنچى ھەرپى ھەر ئۈچىلا شەكىلدە «ر - r» يېزىلغان. بىز ئاپتورنىڭ بۇ يەردىكى «ز - z» نىڭ ئەسلى «ر - r» ئىكەنلىكى توغرىسىدا بەرگەن قائىدىسىگە ۋە بېسىم ئاتالاينىڭ ئەسلى قولىيازمىدا «ر - r» ئۈستىدىكى زەممىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلاپ قىزىل سىيا بىلەن چېكىت قويۇلغانلىقى توغرىسىدىكى ئىزاھىغا ئاساسەن، بۇ ھەرپنى «ز - z» قىلىپ ئالدۇق.

② ئاپتور گەرچە بۇ يەردىكى «ز - z» نىڭ ئۆتۈملۈك پېئىل ياسىيالمايدىغانلىقىنى، ئۆتۈملۈك پېئىل ئۈچۈن بىر «ر - r» نى كەلتۈرۈش لازىملىقىنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بۇ پېئىلدا مەيلى «ز - z»، مەيلى «ر - r» بولسۇن، ھېچقايسىسى پېئىلنىڭ

(كَزِتُورْ ـ كَزِتْماكْ) ئۇ مېنى يەر كەزدۇردى yər kəzitti (kəzitür - kəzitmək).

كُزَتّي kɵzətti كۆزەتتى؛ كوز تىكتى، ئىنتىزار بولدى، كۈتتى.

اُلْ مَنِي كُزَتّي ol məni kɵzətti — ئۇ مېنى كۈتتى.

بۇنىڭ ئەسلى «كوزْ آتّي kɵz atti — ئۇ ماڭا كوز ئاتتى، كوز تىكتى»دۇر (كُزَتُورْ ـ كُزَتْماكْ kɵzətür - kɵzətmək).

بُشَتّي boxatti بوشاتتى؛ قويۇپ بەردى. اُلْ تَغارْ بُشَتّي ol taƣar boxatti — ئۇ تاغار بوشاتتى. ھەرقانداق قاپ (ياكى قاچا) ئىچىدىكى نەرسىلەردىن بوشىتىلسا، شۇنداق دېيىلىدۇ. اُلْ تُكُونْ بُشَتّي ol tügün boxatti — ئۇ تۈگۈن بوشاتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. اُلْ اُراغُتْ بُشَتّي ol uraƣut boxatti — ئۇ خوتۇنىنى قويۇپ بەردى. ئارغۇچە. اُلْ بُلُنْغْ بُشَتّي ol bulu-nuƣ boxatti — ئۇ ئەسىرنى قويۇپ بەردى. شۇنىڭدەك ھەرقانداق كىشى باشقا نەرسىلەرنى باغلاقتىن بوشىتىپ

---

ئۆتۈملۈكلۈكىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ پېئىلنىڭ ئۆتۈملۈكلۈكى قاتار كەلگەن ئىككى «ت ـ t» ھەرپىنىڭ ئالدىنقىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

قويۇۋەتسمۇ مۇشۇنداق دىيىلىدۇ (بشتۇر - بشتماق
*boxatur - boxatmak*).

تَشِتّي taxitti توشۇتتى. تَرِغْ تَشِتّي *tariq taxitti* — بۇغداي توشۇتتى، يەنى بۇغداي ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى بىر يەردىن بىر يەرگە توشۇتتى (تَشِتُورْ - تَشِتْماق *taxitur - taxitmak*).

تُشَتّي təxətti توشەك سالدۇردى، كورپە سالدۇردى. اُلْ تُشاكْ تُشَتّي *ol təxək təxətti* — ئۇ توشەك سالدۇردى (تُشاتُورْ - تُشاتْماكْ *təxətür - təxətmək*).

تِشَتّي tixətti بىلىدى، ئىتتىتتى؛ چىش چىقاردى. اُلْ اُرْغاقْ تِشَتّي *ol oroqak tixətti* — ئۇ ئوغاقنىڭ بىسىنى (چىشلىرىنى) ئىتتىتتى. شۇنىڭدەك تۇگمەن تىشىنى چەكتۇرۇلسىمۇ شۇنداق دىيىلىدۇ (تِشاتُورْ - تِشِتْماكْ *tixətür - tixətmək*).

جِشَتّي qixətti چىچتۇردى ~ چىچۇردى. اُراغُتْ كَنْجِنْ جِشَتّي *uraqut kənqin qixətti* — خۇتۇن بالىسىنى چىچتۇردى (جِشِتُورْ - جِشَتْماكْ *qixətür - qixətmək*).

قَشِتّي kaxitti قاشلاتتى، تاتىلاتتى. آرْ تَنِينْ قَشِتّي *ər* —

yənin① kaxitti ئادەم بەدىنىنى قاشلاتتى (قَشِتُورْ - قَشِتْماقْ *kaxitur - kaxitmak*).

كَشِتّي kөxitti قاپلىدى، ياپتى. بُلِتْ كُوكُكْ كُشِتّي — *bulit kөküg kөxitti* بۇلۇت كوكنى قاپلىدى (كُشِتُورْ - كُشِتْماكْ *kөxitür - kөxitmək*). ھەرقانداق نەرسە يەنە بىر نەرسىنى يېپىۋالسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

بَقِتّي bakitti باقتۇردى، قاراتتى. اُلْ اَنِي اَقْدِنْ بَقِتّي — *ol oni əvdin bakitti* ئۇ ئۇنى ئۆيدىن باقتۇردى، قاراتقۇزدى. ھەرقانداق ئادەم باشقا بىرسىنى بىر ئورۇنغا قاراتسىمۇ (قارىتىپ باقسىمۇ) شۇنداق دېيىلىدۇ (بَقِتُورْ - بَقِتْماقْ *bakitur - bakitmak*).

بُقَتّي bukatti بۇقا بولدى. بُزاغُو بُقَتّي — *buzaqu bukatti* موزاي بۇقا بولدى، بۇقا قاتارىغا كىردى. بۇنىڭ

---

① بۇ سۆز بۇ يەردە «يَنِنْ» شەكلىدە يېزىلغان بولسىمۇ، بىز ئۇنى پارچە «ين» بولماستىن، قەدىمقى تىلىمىزدىكى «يَنْ — يەن» *yən* ۋە ھازىرقى تىلىمىزدا قوللىنىلىۋاتقان «*ət - yən*» دېگەن جۈپ سۆزدىكى «*yən*» سۆزى دەپ ھېسابلاپ، «*yənin*» دەپ ئالدۇق. بۇ ھەقتە «دىۋان» ئۇيغۇرچە 1 - توم، 226 - بەتتىكى ئىزاھقا قارالسۇن.

ئەسلى «بقاذتي *bukaźti*» دۇر (بقاتور - بقتماق *bukatur - bukatmak*).

**تقتي** tokitti① ئۈردۈردى، سوقتۇردى، قاقتۇردى. ال انيڭ بينن تقتي *ol aniŋ boynin tokitti* — ئۇ ئۇنىڭ بويىنىنى ئۈردۈردى (تقتور - تقتماق *tokitur - tokitmak*).

**تقتي** tokitti توقۇتتى؛ سوقتۇردى، ئۈردۈردى، قاقتۇردى. ال بوز تقتي *ol bøz tokitti* — ئۇ بوز توقۇتتى. ال قلج تقتي *ol kiliq tokitti* — ئۇ قىلىچ سوقتۇردى. پىچاق سوقتۇرسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (تقتور - تقتماق *tokitur - tokitmak*). ال قبغ تقتي *ol kapuq tokitti* — ئۇ ئىشىكنى قاقتۇردى.

**تقتي** tikitti تىقتۇردى. ال انكر اش تقتي *ol aŋar ax tikitti* — ئۇ ئۇنىڭغا ئاش تىقتۇردى. بۇ سۆز ئەسلىدە ھەرقانداق نەرسىنى چىڭداپ كىرگۈزۈش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ (تقتور - تقتماق *tikitur - tikitmak*).

**ققتي** kakitti ئاچچىقلاندۇردى، قاخشاتتى. ال اني ققتي

---

① بۇ پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلىدە «ق - k» ھەرپى ھەم زەممەلىك، ھەم كەسرىلىك كەلگەن. بىز كەسرىنى ئىناۋەتلىك ھېساپلىدۇق.

بارام ئاچچىقلاندۇردى. ئۇ ئۇنى — ol ani kakītti
قىلدى، قاخشاتتى (قَقِتۇرْ - قَقِتْماق kakītur - kakītmak).

قُقِتّى kokītti قوقىتتى، قوقا قىلدۇردى. اُلْ اَنَكَرْ سُكْلُنْجُو

قُقِتّى ol aŋar søglünqü kokītti — ئۇ ئۇنىڭغا

كاۋاپنى (كويدۇرۇپ) قوقا قىلدۇردى (قُقِتُورْ - قُقِتْماق

kokītur - kokītmak). چىراقنى ئۆچۈرۈپ قوقىتىسمۇ

شۇنداق دېيىلىدۇ.

بَكِتّى bəkitti[①] بەكىتتى، چىڭىتتى، پۇختىلىدى. اُلْ اِيشِغْ بَكِتّى

ol īxiƣ bəkitti — ئۇ ئىشنى پۇختىلىدى. بۇ سۆز

ئەسلىدە تۇگۈننى چىڭىتىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ

(بَكِتُورْ - بَكِتْماكْ bəkitür - bəkitmək).

بُكُتّى bøkütti بوكۇتتى، غىدىقتىتى، كۆڭۈلگە تەگدى. ياغْلِغْ

اَشْ مَنِي بُكُتّى yaƣliƣ ax məni bøkütti — ياغلىق

① يازما نۇسخىدا بۇ پېيىلنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلىدە «ك - k»
ھەرپى ھەم زەممىلىك، ھەم كەسرىلىك قىلىپ بېرىلگەن.
بىز ئۇنىڭ كەلگۈسى زامان ھەم مەستەر شەكىللىرىگە ۋە
بۇ پېيىلنىڭ يازما نۇسخا 433 - بەتتىكى «بَرْكِتّى bərkitti»
شەكلىگە ۋە 321 - بەتتىكى ئۆملۈك دەرىجىسىگە ئاساسەن،
«ك - k» ھەرپىنى كەسرىلىك قىلىپ ئالدۇق.

ئاش مېنى بوكۈتتى (ياغلىق ئاش كوڭلۈمگە تەگدى، قوسىقىم تويماستىن كوڭلۈمنى غەلغەتتى). شۇنىڭدەك باشقا بىر كىمگە كوزى تويغۇدەك مال بەرگەن كىشىگىمۇ ھۇشۇ سوز قوللىنىلىدۇ. اُلْ مَنِي تَفارِنْ بُكُتّي — ol məni tavarïn bökütti ئۇ مېنى مال بىلەن بوكۈتتى، يەنى تويغۇزدى (بُكُتُورْ ـ بُكُتْماكْ ـ bökütür bökütmək).

تُكَتّي tügətti تۈگەتتى. اُلْ ايشِنْ تُكَتّي — ol ïxïn tügətti ئۇ ئىشنى تۈگەتتى (تُكاتُورْ ـ تُكَتْماكْ ـ tügətür tügətmək).

سِكِتّي sikitti سىكتۈردى. اُراغُتْنِي سِكِتّي — uraqutni sikitti ئۇ خوتۇنىنى سىكتۈردى (سِكِتُورْ ـ سِكِتْماكْ sikitür ـ sikitmək).

سَكِتّي səkitti سەكرەتتى، ئاتلاتتى. اُلْ آنِي سَكِتّي — ol anï səkitti ئۇ ئۇنى سەكرەتتى (سَكِتُورْ ـ سَكِتْماكْ səkitür ـ səkitmək).

بُلَتّي bulatti بۇلا قىلدۇردى. اُلْ قُوزِي بُلَتّي — ol kozi bulatti ئۇ قوزىنى بۇلا قىلدۇردى، يەنى قازاننىڭ ھورىدا مەررە قىلدۇردى. ھەرقانداق نەرسە قازاننىڭ

هورىدا ىشۇرۇلسىمۇ شۇنداق دىيىلىدۇ. بۇنىڭ ئەسلى «بۇلاذْتي *bulaẑti*» بولۇپ، يېزىكلەشتۈرۈش ئۈچۈن «و - ۋاۋ» قىسقارتىلغان ۋە «ذ - ẑ» ھەربى «ت - *t*» غا ئىدغام قىلىنغان (بُلَتُورْ - بُلَتْماقْ *bulatur* - *bulatmak*).

بِلَتّي bilətti بىلەتتى. اُلْ بِجاكْ بِلَتّي *ol piqək bilətti* — ئۇ پىچاق بىلەتتى، يەنى ئۇ پىچاقنى بىلەيگە سۈركەتتى (بِلَتُور - بِلَتْماكْ *bilətür* - *bilətmək*).

تِلَتّي tilətti تىلەتتى، ئىزدەتتى. اُلْ اَنِي تِلَتّي *ol ani tilətti* ئۇ ئۇنى ئىزدەتتى (تِلَتُورْ - تِلَتْماكْ *tilətür* - *tilətmək*).

تُلَتّي tülətti تولىلەتتى. اُلْ قوْيْ تُلَتّي *ol koy tülətti* — ئۇ قويى تولىلەتتى. ئوغۇزچە. بۇ سۆزنىڭ ئەسلى تۈلەش، يەنى يۇڭ (تۈك) تاشلاشتۇر (تُلَتُورْ - تُلَتْماكْ *tülətür* - *tülətmək*).

جِلَتّي qïlatti نەملەتتى، ھۆللەتتى؛ تەرلەتتى. اُلْ كَباكْ جِلَتّي *ol kəpək qïlatti* — ئۇ كېپەك نەملەتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (جِلَتُورْ - جِلَتْماقْ *qïlatur* - *qïlatmak*).

ئەسلى «جيلتتي *qïylattï*» بولۇپ، «ى - يا» چۈشۈرۈپ
قالدۇرۇلغان. اُلْ اَتِغْ جِلَتّي *ol atïq qilattï* — ئۇ
ئېتىنى (چاپتۇرۇپ) تەرلەتتى.

قَلَتّي kalattï قاپلاتتى. اُلْ تُونُغْ قَلَتّي *ol tonuq kalattï* —
ئۇ تونىنى قاپلاتتى. ھەرقانداق نەرسىنى بوقچىغا ئورىسا
ياكى ساندۇققا سالسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. بۇ سوزنىڭ
ئەسلى «قالَتّي *kalattï*» دۇر (قَلَتُورْ - قَلَتْماقْ *kalatur* -
*kalatmak*).

كُلِتّي külitti كومدۇردى. اُلْ اُلُكْني كُلِتّي *ol ølügni* *külitti* —
ئۇ ئۆلۈكنى كومدۇردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق
(كُلِتُورْ - كُلِتْماكْ *külitür - külitmək*).

تَمِتّي tamïttï تېمىتتى. اُلْ سُوفْني تَمِتّي *ol suvnï* *tamïttï* —
ئۇ سۇنى تېمىتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق
(تَمِتُورْ - تَمِتْماقْ *tamïtur - tamïtmak*).

قَمَتّي kamattï قاماشتۇردى، كُونْ كُوزُكْ قَمَتّي
*kün køzüg kamattï* — كۈن كۆزنى قاماشتۇردى
(قَمَتُورْ - قَمَتْماقْ *kamatur - kamatmak*). اَجِغْ اَقْيا

تِيشِغْ قَمَتّي — *aqiꝗ avya tïxiꝗ kamatti* ئاچچىق بېھى چىشنى قاماتتى. باشقا نەرسىلەر قاماشتۇرسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: آتاسِي اَجِغْ اَلْمِلا يِيسا اُغْلِينِنْكْ تِيشِي قَمارْ — *atasi aqiꝗ almila yəsə ooꝗlïniŋ tïxi kamar* ئاتىسى ئاچچىق ئالما يېسە، ئوغلىنىڭ چىشى قامار. بۇ ماقال ئاتىسىنىڭ ئۆتكۈزگەن جىنايىتى ئاتىدىن كېيىن بالىغا ئارتىلىدىغانلىقىغا قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

قُمِتّي komïtti ھاياجانلاندۇردى، قوزغاتتى، ھەركەتلەندۇردى.

اُذْكْ مَنِي قُمِتّي — *üzik məni komïtti* مەھبۇبىغا ياكى ۋەتەنگە بولغان ئۇدۇك (ئىشتىياق) مېنى ھاياجانلاندۇردى (قُمِتُورْ - قُمِتْماقْ *komïtur - komïtmak*). شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

بِسْمِلْ سُوسِنْ قُمِتّي
بَرْجا كَلِبْ يِمِتّي
اَرْسْلَنْ تَبا اَمِتّي
قُرْقُبْ بِشِي تَزْكِنُورْ

*basmïl süsin komïttï*
*barqa kəlip yumïttï*
*arslan taba əmittï*
*korkup baxï təzginür*

[باسمىل قوشۇنىنى قوزغاتتى،
بارچە كېلىپ توپلاندى،
ئارسلان تەرەپكە يونەلدى،
قورقۇپ بېشى ئايلىنار.]

باسمىل قوشۇنلىرىنىڭ ئارسلان تېگىن غازى بىلەن سوقۇشقانلىقىنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دەيدۇ: بىز بىلەن سوقۇشۇش ئۈچۈن باسمىل ئوز قوشۇنلىرىنى ھەرىكەتلەندۈردى، ھەممىسى توپلاندى، ئارسلان تېگىنگە يۈزلەندى، بىزنى كورۇش بىلەن قورقۇپ، كوزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، باشلىرى ئايلاندى.

تَنُتّي tanuttï تونۇتتى، چېكىلەتتى. اُلْ مَنكا سوز تَنُتّي
ئۇ — *ol maŋa səz tanuttï* ئۇ ماڭا سوز تونۇتتى،
يەنى ئۇ مەندىن بىر كىمگە سوز ئېيتىپ بەردى
(تَنُتُرْ ـ تَنُتْماق *tanutur - tanutmak*).

تُنَتّي tünətti تۈنەتتى، قوندۇردى. اُلْ قُنُقُغْ اِفْدا تُنَتّي
ئۇ — *ol konukuq əvdə tünətti* ئۇ مېھماننى ئويدە

تۈنەتتى، قوندۇردى (تُنتور ـ تُنتماك tünətür ـ tünətmək).

تُنَتّي tonatti تون كىيدۇردى، تون ھەدىيە قىلدى. اُلْ مَني تُنَتّي ol məni tonatti — ئۇ ماڭا (ھەدىيە قىلىپ) تون كىيدۇردى. بۇنىڭ ئەسلى «تُونْ اَذْتي ton azti — تون ئەۋەتتى»دۇر.

سِنَتّي sinatti سىناتتى. اُلْ مَني بُو ايشتا سِنَتّي ol məni bu ixta sinatti — ئۇ مېنى بۇ ئىشتا (بىر كىمگە) سىناتتى (سِنَتُورْ ـ سِنَتْماقْ sinatur ـ sinatmak).

قَنَتّي kanatti قاناتتى. اُلْ اَنِينْكْ بُرْنِنْ قَنَتّي ol aniŋ burnin kanatti — ئۇ ئۇنىڭ بۇرنىنى قاناتتى (قَنَتُورْ ـ قَنَتْماقْ kanatur ـ kanatmak).

قُنَتّي konatti قوندۇردى، خوشنا قىلدى، ئورۇنلاشتۇردى، جايلاشتۇردى. اُلْ اُوزِنكا قُنُمْ قُنَتّي ol øziŋə konum konatti — ئۇ ئۆز يېنىغا جەمەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى، يەنى ئۇ ئۆز ئۆيى ئەتراپىغا جەمەتلىرىنى، ئۆز ئەتراپىغا ئۇيۇشقانلارنى ۋە ئۆزىگە ياردەم بېرىدىغانلارنى ئورۇنلاشتۇردى (قُنَتُورْ ـ قُنَتْماقْ konatur ـ konatmak).

قِنَتّی kinatti قىيناتتى، قىيىن - قىستاققا ئالدۇردى.

بَكْ انِي قِنَتّی bəg ani kinatti — بەگ ئۇنى قىي-
ناتتى (قِنَتُورْ - قِنَتْماقْ kinatur - kinatmak).

كُنِتّی kənitti كوندۇردى، رۇسلىدى. اَرْ يِغاجْ كُنِتّی
ər yiqaq kənitti — ئادەم ياغاچ كوندۇردى،
رۇسلىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (كُنِتُورْ - كُنِتْماكْ
kənitür - kənitmək).

## بۇ باپتىكى مىساللار

يَتّی yatti ياتتى. اَرْ يَتّی ər yatti — ئادەم (ئۇخلاش
ئۈچۈن) ياتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (يَتُورْ - يَتْماقْ
yatur - yatmak).

يُتّی yutti يۇتتى. اُلْ يُمُرْتْغانی يُتّی ol yumurtqani —
yutti ئۇ تۇخۇمنى يۇتتى، يەنى ئىچتى. باشقىلاردىمۇ
شۇنداق. ئوغۇزچە ۋە قىپچاقچە (يُوتارْ - يُوتْماقْ
yutar - yutmak).

يَتّی yatti يايدى. اُلْ تُونْغْ كُونْكا يَتّی ol tonuq küngə—

*yatti* ئۇ تولنى كۆنگە يايدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.
بۇنىڭ ئەسلى «ياذتي *yaźti*» بولۇپ، «ذ - *ź*» ھەرپى
«ت - *t*»غا ئىدغام قىلىنغان (يَذار - يَذماق *yaźar* -
*yaźmak*).

يِتّي yitti يىتتى ~ يۈتتى. يِتّي نانىڭ *yitti nəŋ* — نەرسە
يۈتتى، يوقالدى (يِتار - يِتماك *yitər - yitmək*).

يَتّي yətti يەتتى. اُلْ مَنِي يَتّي *ol məni yətti* — ئۇ ماڭا
يەتتى. باشقا بىر كىمگە يەتسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ
(يَتار - يَتماك *yətər - yətmək*).

يَتّي yətti يېتىلىدى، يېتەكلىدى. اُلْ اَتْ يَتّي *ol at* —
*yətti* ئۇ ئات يېتىلىدى. قارغۇ ۋە باشقىلارنى يېتىلە-
سىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (يَتار - يَتماك *yətər - yətmək*).

ئوغۇزلار بىلەن قىپچاقلار سۆزنىڭ بېشىدىكى
«ى - يا» ھەرپىنى «ج - *j*» بىلەن سۆزلەيدۇ. مەسىلەن:
«اُلْ مَنِي جَتّي *ol məni jətti* — ئۇ ماڭا يەتتى».
بۇنىڭ ئەسلى «ى - يا» بىلەن «يَتّي *yətti*»دۇر.
تۈركلەر «سُفْدا يُنْدُم *suvda yundum* — سۇدا يۇيۇن-
دۇم» دېسە، ئۇلار «جُنْدُم *jundum*» دەيدۇ. مۇشۇ

قائىدە تۈركلەر بىلەن تۈركمەنلەر ئوتتۇرىسىدا ئوخشاش قوللىنىلىدۇ[1].

## بۇ باپتىكى مىساللار

يبتّي yubattī يوپۇتتى. اُلْ اِيشغ يبتّي *ol ixīq yubattī*— ئۇ ئىشنى يوپۇتتى (يبتُور - يبتْماق *yubatur* - *yubatmak*). بۇ سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى «ئالداش» دېگەن بولىدۇ. ئوغۇزلار «اُلْ انِي يبِلادي *ol ani yubīladī*— ئۇ ئۇنى ئالدىدى» دەيدۇ.

يرتّي yarattī ياراتتى، لايىق قىلدى؛ ئويدۇرۇپ چىقاردى. تنْكرِي يلِنكُقْ يرتّي — *təŋri yalīŋuk yarattī* تەڭرى ئادەمنى (ۋە باشقا مەخلۇقلارنى) ياراتتى. ئوغۇزلار «اُلْ تونغْ يرتّي *ol tonuq yarattī* — ئۇ تونىنى (بەدىنىگە) لايىق قىلىپ بەردى»، «بو اتُكْنِي منكا يرتْ — *bu ətükni maŋa yarat* بۇ ئۆتۈكنى ماڭا (پۇتۇمغا) لايىق قىلىپ بەر» دەيدۇ. اُلْ اُوزِنْدِنْ سُوز يرتّي

---

① بۇ باپتىكى مىساللار بولۇمىدە كەلتۈرۈلگەن سۆزلەر «فعّلدي *fəəldi*» ۋەزنىگە توغرا كەلمەيدۇ. يازما نۇسخىدا مۇشۇ جايدا بىر بەلگە تىلگى ئۈچۈن، بىزمۇ ئورنىنى ئۆزگەرتمىدۇق.

سوز ئۆزىدىن ئۇ — ol əzindin səz yaratti
(yaratur - yaratmak يرتور - يرتماق) چىقاردى ئويدۇرۇپ.

يُرِتّي yoritti يورۇتتى، ماگدۇردى؛ سۈردۇردى. اُلْ مَنِي
تَلِمْ يُرِتّي ol məni təlim yoritti — ئۇ مېنى تالاي
ماگدۇردى. اُتْ اَنِلْكْ قَرْنِنْ يُرِتّي — ol anïŋ karnïn
yoritti ئوت (دورا) ئۇنىڭ قارنىنى (ئىچىنى) سۈر-
دۈردى (يُرِتُورْ - يُرِتْماقْ yoritur - yoritmak).

يِرَتّي yïratti يىراقلاشتۇردى. اُلْ اَنِي يِرَتّي — ol anï
yïratti ئۇ ئۇنى يىراقلاشتۇردى (يِرَتُورْ - يِرَتْماقْ
yïratur - yïratmak).

يَرَتّي yəratti يىرگەندى، سەسكەندى، بەزدى. اَرْ اِيشْكا
يَرَتّي ər ixkə yəratti — ئادەم ئىشقا يىرگەندى
(يَرَتُورْ - يَرَتْماكْ yəratür - yəratmək).

يَغُتّي yaqutti يېقىنلاشتۇردى، يېقىنلاتتى؛ كەلتۈردى.
اُلْ اَتِغْ مَنكا يَغُتّي ol atïq maŋa yaqutti — ئۇ
ئاتنى ماگا يېقىنلاتتى، كەلتۈردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق

(يغتۇر - يغتماق *yaqutur - yaqutmak*)· شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

كَلْسا اُما تُشْرُكِلْ تِنْسُنْ اَنِكْ اَرُقْلُقْ
اَرْبا سَمَنْ يَغْتِغِلْ بُلْسُنْ اَتِي يَرُقْلُقْ

*kəlsə uma tüxürgil tinsun aniŋ arukluk*
*arpa saman yaqutqïl bulsun atï yarukluk*

[مېھمان كەلسە چۈشۈرگىن، ئۇنىڭ ھاردۇغى چىقسۇن، ئارپا، سامان كەلتۈرگىن، ئېتى يالتىراپ كەتسۇن (راھەت تاپسۇن)·]

مېھمان كەلسە چۈشۈرۈپ قوندۇرغىن، ئۇنىڭ ھاردۇغى چىقسۇن، ئارپا - سامانني ئېتىنىڭ يېنىغا ئەكېلىپ قوي، ئېتىمۇ راھەت ئالسۇن·

يَغِتّي yaqïttï ياغدۇردى· تَنْكْرِي يَغْمُرْ يَغِتّي —*təŋri yaqmur yaqïttï* تەڭرى يامغۇر ياغدۇردى (يَغِتُورْ - يَغِتْماق *yaqïtur - yaqïtmak*)·

يُلِتّي yülitti① چۈشەرتتى· اَرْ سَجِنْ يُلِتّي — *ər saqïn* —

① يازما نۇسخىدا بۇ يېرلىك ئۆتكەن زامان شەكلىدە «ل - *l*» ھەرپى زەممىلىك كەلگەن بولسىمۇ، بىز ئۇنىڭ كەلگۈسى

*yülitti* ئادەم چېچىنى چۈشەرتتى (يۈلتۈر - يۈلتماك (*yülitür - yülitmək*

يۇلتى yulutti يۇلدۇردى، تالاتتى، تالاڭ قىلدۇردى. بەگ بوينى يۇلتى — *bəg boyni yulutti* بەگ خەلقنى تالاتتى (يۇلتۇر- يۇلتماق (*yulutur - yulutmak*).

يىلتى yilitti يىلىدى، يىلىتتى، قىزىدى، قىزىتتى. ار يىلتى — *ər yilitti* ئادەم (تەپ بولغانلىقتىن) قىزىدى. بۇ مەنىدە پېىل ئۇتۇمسىز. ار سۇۋىغ يىلتى — *ər suviq yilitti* ئادەم سۈنى يىلىتتى. بۇ مەنىدە پېىل ئۇتۇملۇك (يىلتۇر- يىلتماق (*yilitur - yilitmak*).

يۇمتى yumitti توپلاندى، جۇغلاندى، جەم بولدى. كىشى يۇمتى — *kixi yumitti* كىشىلەر توپلاندى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (يۇمتۇر - يۇمتماق (*yumitur - yumitmak*).

يىتتى yititti ئىتتىتكۈزدى ~ ئىشتىتكۈزدى، بىلەتتى. ال

---

زامان ۋە مەستەر شەكىللىرىگە ھەم بازما نۇسخا 482 - بەتتىكى ئاددى دەرىجىسىگە ئاساسەن، «ل - *l*» ھەرپىنى كەسرىلىك قىلىپ ئالدۇق.

ئۇ ئۇنىڭغا — ئۇ ol aŋar piqək yititti يىتتى پىچاقنى ئىشتىتكۈزدى، يەنى ئۇنىڭغا پىچاقنى بىلەتتى ياكى ئالقىنىغا كاپلاتقۇزدى (يىتتۇر — يىتتماق yititur - yititmak).

يەنتتى yənətti يېنىكلىدى، ياخشىلاندى. باش يەنتتى bax — yənətti يارا يېنىكلىدى، ياخشىلاندى (يەنتۇر - يەنتماك yənətür - yənətmək). بۇ سوزنىڭ ئەسلى «يەناذتى yənəẑti» دۇر، «ذ — ẑ» ھەرپى «ت — t» غا ئىدغام قىلىنغان.

يەنتتى yənitti يەڭگىتتى، تۇغدۇردى. ئەر ئۇراغۇتنى يەنتتى — ئادەم ئايالنى يەڭگىتتى، ər uraqutni yənitti تۇغدۇردى (يەنتۇر - يەنتماك yənitür - yənitmək).

قائىدە: تۈركى تىللاردا مۇزائەپ (بىر ھەرپنىڭ تەكرارلىنىشى) «ت - t» بىلەن ئاياقلاشقان سوزلەردىن باشقا سوزلەردە كورۇلمەيدۇ. پېئىللاردىكى ھەممە ھەرپلەردە مۇزائەپ كورۇلمۇەرمەيدۇ. ئىسىملاردا بولسا مۇزائەپ ئانچە-مۇنچە ئۇچراپ تۇرىدۇ.

بىزنىڭ بۇ باپتىكى پېئىللارنى مۇزائەپ دىگىنىمىز-نىڭ سەۋەبى، پېئىلنىڭ ئوتكەن زامان شەكلىدە بىر ھەرپ-نىڭ تەكرارلانغانلىقىدۇر. بۇ ھەرپلەرنىڭ بىرى سوزنىڭ

يىلتىزىدىكى «ت - t» دۇر؛ يەنە بىرى ئۆتكەن زامان بەلگىسى «د - d» بولۇپ، بۇ ھەرپ قاتتىق «ت - t» غا خوشنا بولۇپ كەلگەندە، شۇنىڭ تەسىرى بىلەن «ت - t» غا ئايلىنىپ، نەتىجىدە ئىككى «ت - t» مەيدانغا كەلگەن. ئەسلى مۇزائەف سوزلەر يۇقۇرىدا كورسىتىپ ئۆتكىنىمدەك بەك ئاز ئۇچرايدۇ.

بۇيرۇق شەكلى: بۇ باپتىكى پېئىللارنىڭ بۇيرۇق شەكلى ئۈچ ھەرپلىك بولىدۇ. مەسىلەن: «اَڤْ بَزَتْ *əv bəzət* — ئۆي بېزەت»، «بِتِكْ بِتِتْ *bitik bitit* — پۈتۈك پۈتتۈر» دېگەنگە ئوخشاش.

سۈپەت: بۇ باپتىكى سالىم پېئىللاردىن ياسالغان سۈپەتلەر مۇنداق بولىدۇ: «بِتِكْ بِتِتْكُوجِي *bitikb ititgüqi* — پۈتۈك پۈتتۈرگۈچى»، «اَتْ كُزَتْكُوجِي *at kɵzətgüqi* — ئات كۈزەتكۈچى» دېگەنگە ئوخشاش. ئوغۇز ۋە قىپچاق تىللىرىدا بۇنى «بِتِتَّجِي① *bitittəqi*»، «كُزَتَّجِي *kɵzəttəqi*» دەيدۇ. بۇنىڭ ئەسلى بِتِتْدَجِي② «*bititdəqi*»، «كُزَتْدَجِي»

① بۇ سوز «بِتَّجِي» شەكلىدە يېزىلىشى كېرەك ئىدى، چۈنكى ئاياقتىكى جۈملىدە بۇ يەردىكى ئەسلى «د - d» نىڭ ئىدغام قىلىنىشى نەتىجىسىدە «ت - t» غا ئايلانغانلىقى كورسىتىلگەن. بىز «*bitittəqi*» دەپ ئالدۇق.

② يازما نۇسخىدا بۇ سوز يېزىلمىغان. يۇقۇرقى ئىككى مىسالنىڭ ئەسلىنى كورسىتىش نىيىتىدە قوشۇپ قويدۇق.

«kəzətdəqi» بولۇپ، «د - d» ھەرپى ئىدغام قىلىنىش نەتىجىسىدە «ت - t»غا ئايلىنىپ كەتكەن.

ئىشلىگۈچىنىڭ بىر ئىش - ھەرىكەتنى داۋاملىق قىلىشىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەت «غان - qan» ياكى «كان - gən» ئارقىلىق ياسىلىدۇ. بۇنىڭ قائىدىسى سوزلەپ ئوتتۇلدى. مەسىلەن: «اُلْ اَتِغْ كُزَتْكانْ اُلْ — ol atiq kəzətgən ol — ئۇ ئات كۆزىتىپلا يۈرىدىغان ئادەم ئۇ»، «اُلْ اَڤِنْ بَزَتْكانْ اُلْ — ol əvin bəzətgən ol — ئۇ ئويىنى بېزىتىپلا يۈرىدىغان ئادەم ئۇ» دىگەنگە ئوخشاش. تولدۇرۇپ (قاتتىق) ئېيتىلىدىغان سوزلەردە «اُلْ تَرِغْ تَرِتْغانْ اُلْ — ol tariq taritqan ol — ئۇ ئاشلىق تېرىتىپلا يۈرىدىغان ئادەم ئۇ»، «اُلْ بُغْدَى اَرِتْغانْ اُلْ — ol buqday aritqan ol — ئۇ بۇغداي (ۋە باشقا ئەرسىلەرنى) ئېرىغداپلا يۈرىدىغان ئادەم ئۇ» دىگەنگە ئوخشاش.

بۇ قائىدىدە سوزنىڭ ئەركىشۈدە «ك - g» ياكى «غ - q» كېلىشى، سوزنىڭ يۇمشاق ياكى تولدۇرۇپ (قاتتىق) ئېيتىلىشى ئېتىۋارغا ئېلىنىدۇ.

ئىشلىگۈچىنىڭ بىر ئىش - ھەرىكەتنى قىلىشنى ئىستەيدىغانلىقىنى، قىلىشقا ئامراق (ھېرىس)لىقىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەت شەكلى مۇنداق بولىدۇ: «اُلْ تَرِغْ

تَرِتغساق اُلْ ol tariq taritiqsak ol — ئۇ ئاشلىق

تېرىتىشقا ئامراق (ھېرىس)، ئاشلىق تېرىتىش كويىدا»،

«اُلْ اَڤِنْ بَزَتِكْساكْ اُلْ ol əvin bəzətigsək ol —

ئۇ ئۆيىنى بېزىتىشكە ئامراق (ھېرىس)» دىگەنلىكە

ئوخشاش.

بۇنىڭدا تولدۇرۇپ (قاتتىق) ئېيتىلىدىغان ياكى

تەركىۋىدە «ق - k»، «غ - ɑ» ھەرپلىرى كەلگەن سوزلەردە

يىلتىزغا ئاۋال «غ - ɑ» ھەرپى، ئاندىن «ساق - sak»

قوشۇمچىسى، تەركىۋىدە «ك - k» ھەرپى كەلگەن سوز-

لەردە ياكى ئاجىزلاشتۇرۇپ، يۇمشاق ئېيتىلىدىغان سوزلەردە

يىلتىزغا ئاۋال «ك - g» ھەرپى، ئاندىن «سەك - sək»

قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. بۇ قائىدە ساپ پېللار قىسمىدا

سوزلەپ ئوتۇلگەنگە ئوخشاش.

بىر ئىش - ھەركەتنى قىلىش ئىشلىگۈچىنىڭ

بۇرچى ئىكەنلىكى ۋە ئىشلىگۈچىنىڭ ئۇ ئىشنى قىلىشقا

جەزم قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەت مۇنداق بولىدۇ:

«اُلْ تَرِغْ تَرِتغلكْ اُلْ ol tariq taritiqlik ol — ئۇ

ئۇ ئاشلىق تېرىتقۇلۇق ئۇ، ئۇ ئاشلىق تېرىتماقچى»،

«اُلْ اَتْ كَزَتِكْلِكْ اُلْ ol at kəzətiglik ol — ئۇ ئات

كۆزەتكۈلۈك ئۇ، ئۇ ئات كۆزەتمەكچى» دىگەنگە ئوخ-

شاش. بۇنىڭدا سوزنىڭ تەركىۋىدە «ك - k//g» ۋە

«غ - q» ھەرپىلىرىنىڭ كېلىشى ئېتىۋارغا ئېلىنىدۇ①.

ئوغۇزلارنىڭ بەزىلىرى، يۇقۇرىدا كورسىتىپ ئوتكىنىمىدەك، بۇ يەردىكى «ل - l» ئورنىغا «س - s»نى قوللىنىدۇ.

ئىشلىگۇچىنىڭ بىر ئىش - ھەركەتنى قىلىشنى كوڭلىگە پۇككەنلىگىنى، يەنى قىلىنىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۇرىدىغان سۇپەت مۇنداق بولىدۇ: «اُلْ تَرِغْ تَرِتِغْلِغ اَرْدي — ol tariq taritiqli ərdi — ئۇ ئاشلىق تېرىتقىلىۋاتىدۇ»،

«اُلْ اَتِغْ كُزَتِكْلِي اَرْدي — ol atiq kəzətigli ərdi — ئۇ ئات كوزەتكىلىۋاتىدۇ» دىگەنگە ئوخشاش.

بۇ قائىدە سالىم پىلىلاردىن ياسالغان سۇپەتلەرنىڭ بىرىنچى قائىدىسىگە يېقىن كېلىدۇ.

سۇپەتداشلار مۇنداق بولىدۇ: «كُزَتِمِشْ اَتْ

---

① بۇ مىسالاردىكى «تَرِتِغْلِغْ» «كُزَتِكْلِكْ» سوزلىرى، شۇنىڭدەك يازما نۇسخا 443 - بەتتىكى «تَفْرِتِغْلِغْ»، «تَبِرِتِكْلِكْ» سوزلىرى بىر ئىش - ھەركەتنى ئىشلەش ئىشلىگۇچىنىڭ ھەققى ئىكەنلىگىنى ۋە ئىشلىگۇچىنىڭ ئۇ ئىشنى قىلىشقا جەزىم قىلغانلىقىنى بىلدۇرىدىغان سۇپەتلەرنىڭ قائىدىسى بويىچە (يازما نۇسخا 351 - بەتكە قاراڭ) «فَعْلَلُلْ — fəul'ulul» ۋەزنىدە (يەنى «تَرِتِغْلِغْ، كُزَتِكْلِكْ، تَفْرِتِغْلِغْ، تَبِرِتِكْلِكْ») بولۇشى كېرەك ئىدى. بىز ئەسلىنى ئوزگەرتمىدۇق.

kɵzətmix at — كۆزىتىلگەن ئات»، «بتمش بتك bititmix —

bitik پۈتتۈرۈلگەن (يازدۇرۇلغان) پۈتۈك» دېگەنگە ئوخشاش. «ش - x» قوشۇمچىسىنىڭ مۇشۇ قائىدە بويىچە كېلىشى سەن كورۇپ ئۆتكەن ئالدىنقى باپلارنىڭ مەستەرلىرىدە بېرىپ ئۆتۈلدى.

ۋاقىت - پەيت ئىسىملىرى، ئورۇن - جاي ئىسىم-لىرى، قورال - جابدۇق ئىسىملىرى ئوخشاش ياسىلىدۇ. مەسىلەن: «بتك بتتكو اغر — bitik bititgü oqur — پۈتۈك پۈتتۈرىدىغان ۋاقىت»، «اَت كزتكو اغر — at kɵzətgü oqur ئات كۆزىتىدىغان ۋاقىت» دېگەندەك.

ئورۇن-جاي ئىسىملىرى: «تَرِغ تَرِتغو يِير — tarïq taritqu yər ئاشلىق تېرىيدىغان يەر»، «تَرِغ اَرِتغو يِير — tarïq aritqu yər» — بۇغداي ئېرىغدايدىغان يەر» دېگەنگە ئوخشاش.

قورال - جابدۇق ئىسىملىرى: «تَرِغ اَرِتغو نانْك — tarïq arïtqu nəŋ — ئاشلىق ئېرىغدايدىغان نەرسە»، «بتك بتتكو نانْك — bitik bititgü nəŋ — پۈتۈك پۈتتۈرۈلە-دىغان (يازدۇرۇلىدىغان) نەرسە» دېگەنگە ئوخشاش.

ۋاقىت - پەيت، ئورۇن - جاي، قورال - جابدۇق ئىسىملىرىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

ۋاقىت - پەيت ئىسىملىرىدىن كېيىن، «اُوذْ ɵz»

ياكى «اغر *oqur*» سۆزلىرى كەلتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن: «ترِغ ارِتغو اغر *tarïq arïtqu oqur* — ئاشلىق ئېرىغدايدىغان ۋاقىت» دېگەنگە ئوخشاش.

ئورۇن - جاي ئىسىملىرىدىن كېيىن، «يِر *yər* — يەر» سۆزى كەلتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن: «ارِتغو يِر *arïtqu yər* — ئېرىغدايدىغان يەر» دېگەنگە ئوخشاش.

قورال - جابدۇق ئىسىملىرىدىن كېيىن، «نانْكْ *nəŋ* — نەرسە» سۆزى كەلتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن: «ترِغ ارِتغو نانْكْ *tarïq arïtqu nəŋ* — بۇغداي ئېرىغدايدىغان نەرسە» دېگەنگە ئوخشاش.

ئوغۇزلار بۇ ئىسىملارنىڭ ھەممىسىدە قوشۇمچىدىكى «غ - *q*» ۋە «ك - *k//g*» ئورنىغا «ا - ئېلىف» نى، «و - ۋاۋ» ئورنىغا «س - *s*» نى قوللىنىدۇ. مەسىلەن: «ترِغ ارِتاسِي اغر *tarïq arïtasï oqur* — ئاشلىق ئېرىغدايدىغان ۋاقىت»، «ترِغ ارِتاسِي يِر *tarïq arïtasï yər* — ئاشلىق ئېرىغدايدىغان يەر»، «ترِغ ارِتاسِي نانْكْ *tarïq arïtasï nəŋ* — ئاشلىق ئېرىغدايدىغان نەرسە» دېگەنگە ئوخشاش.

بۇ ھەممە تۈپ پېئىللار ۋە ياسالما پېئىللارغا ئومۇمى بولغان ئېنىق قائىدىدۇر.

بىر ئىش - ھەركەتنىڭ ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق شەخس ئوتتۇرىسىدا بولۇشىنى ئىپادە قىلىش ئۈچۈن، بۇ ھەركەت مەيلى بەسلىشىش مەنىسىدە بولسۇن ياكى ياردەملىشىش مەنىسىدە بولسۇن، ئوخشاشلا يىلتىزغا «ش - *x*» قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

«اُلْ مَنكا تَرِغْ آرِتِشْدِي — *ol maŋa tariq aritixdi*

ئۇ ماڭا بۇغداي ئېرىغدىشىپ بەردى»، «اُلْ مَنكا آتْ

كُزَتِشْدِي — *ol maŋa at kөzətixdi* — ئۇ ماڭا ئات

كۆزدىتىشىپ بەردى، ياكى مەن بىلەن ئات كۆزىتىشىپ باقتى».

باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

بۇ باپقا كىرگۈزۈلگەن پېئىللارنىڭ ئىككى خىل بولىدىغانلىقىنى بىلىۋال. بىرىنچىسى، مەنقۇس تۈرگە كىرگۈزۈلگەن ئۈچ ھەرپتىن ياكى تۆت ھەرپتىن تۈزۈلگەن ئۆتۈمسىز پېئىللار بولۇپ، بۇ پېئىللار «ت - *t*» قوشۇمچىسى قوشۇلۇش بىلەن ئۆتۈملۈك بولغان ياكى ھەرپى ئىللەت چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن ھەرپى ئىللەتنىڭ ئورنىنى مەزكۇر «ت - *t*» ئىگىلەش بىلەن ئۇ ئۈچ ھەرپلىك بولۇپ قالغان.

ئۈچ ھەرپلىك مەنقۇس پېئىلغا مىسال: «اَرْ بُرْنِي

قَانَدِي — *ər burni kanadi* ئادەمنىڭ بۇرنى قانىدى».

ئەگەر بۇ ئۆتۈملۈك پېئىلغا ئايلاندۇرۇلسا، «اَرْ بُرْنِنْ قَنَتِي

*ər burnïn kanattï* — ئادەم (بىر كىشىنىڭ) بۇرنىنى
قاناتتى» دېيىلىدۇ. بۇيرۇق شەكلىدە «اَنِڭ بُرنِن قَنَتْ
*anïŋ burnïn kanat* — ئۇنىڭ بۇرنىنى قانات» دېيىلىدۇ.
دېمەك، «قَانْدِي *kanadï* — قانىدى» دېگەندىكى
«ا» ئېلىنىپ چۈشۈپ قالغان. «اُلْ بِلِكْنِي قُوقِتِي *ol* —
*bəlikni kokïttï* ئۇ بېلىكنى قوقاتتى، يەنى چىراقنى
ئۆچۈرۈپ قوقا پۈراتتى»، بۇنىڭ ئەسلى «قُوقْدِي
*kokdï* — قوقىدى» دۇر①.

بۇنىڭ بۇيرۇق شەكلى «قُقِتْ *kokït* — قوقات»
بولىدۇ. بۇ يەردە «و - ۋاۋ» چۈشۈپ قالغان.

توت ھەرپلىك مەنقۇس پېئىلغا مىسال: «اَرْ قُمِنْدِي *ər* —
*komïndï* ئادەم ھاياجانلاندى، ئادەم (ئىشقا) قوزغالدى»،
بۇ ئۇتتۇمسىز پېئىل بولۇپ، ئوتتۇملۇككە ئايلاندۇرۇلسا، ئۇنىڭ
بۇيرۇق شەكلى «اَنِي قُمِتْ *anï komït* — ئۇنى (بىر
ئىشقا) قوزغات» بولىدۇ. بۇنىڭدا «ى - يا» چۈشۈپ
قېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى «ت - *t* » ئىگىلىگەن. «اُلِيدِي
نَانْڭْ *ölidi nəŋ* — نەرسە ھۆل بولدى». بۇ پېئىل

---

① مەنقۇس پېئىلغا كەلتۈرۈلگەن بۇ مىساللارغا قارىغاندا، ئاپتور سۆزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەرپى ئىللەت كېلىش ھادىسىسىنىمۇ تۈركى تىلدا ئوخشاشلا مەنقۇس دەپ ھېساپلىغان.

ئوتۇملۇككە ئايلاندۇرۇلسا، «اُلتّي *olitti* — هول قىلدى»

بولىدۇ. بۇيرۇق شەكلى «اُلتْ *olit* — هول قىل»

بولىدۇ①.

مەنقۇس دابىغا كىرىدىغان، توت ھەرپتىن تۈزۈلگەن

ئوتۇمسىز پېئىللار «غُرْ - *oqur*»، «كُرْ - *gür*» بىلەن

ئەمەس، بەلكى «ت - *t*» قوشۇمچىسى ئارقىلىقلا ئوتۇم-

---

① توت ھەرپلىك مەنقۇس پېئىللارغا كەلتۈرۈلگەن مىساللاردا تۇۋەندىكى بەزى ئۇقۇشماسلىقلار بار:

بىرىنچى، توت ھەرپلىك مەنقۇس پېئىللار ئوتۇملۇككە ئايلاندۇرۇلغاندىن كېيىن، يەنىلا توت ھەرپلىك بولۇپ قالىدىغانلىقى ئېنىق ئەمەس.

ئىككىنچى، توت ھەرپلىك مەنقۇس دەپ كورسىتىلگەن «قمِنْدى *komindi*» پېئىلى توت ھەرپلىكمۇ بولمىغان، مەنقۇسمۇ بولمىغان. بۇ سوز يازما نۇسخا 564 - بەتتىكىدەك «قمِيْدى *komidi*» شەكلىدە «ى - يا» بىلەن يېزىلغان بولسا، مەنقۇس بولغان بولاتتى. شۇنىڭدەك «ق - *k*» ھەرپىدىن كېيىن «و - ۋاۋ» يېزىلغان بولسا، توت ھەرپلىك بولاتتى. ئاپتور «ق - *k*»نىڭ زەممىلىك كېلىشىنى «و - ۋاۋ»غا ھېساپلىغان بولسا كېرەك.

---

ئۈچىنچى، «اُلِدي *olidi* — هول بولدى» سوزىدىمۇ شۇنداق. «ا - ئېلىف»نىڭ زەممىلىك كېلىشىنى «و - ۋاۋ»غا ھېساپلاپ، توت ھەرپلىك دەپ كورسەتكەن بولسا كېرەك.

لۈك بولىدۇ. «غُرْ - ƣur»، «كُرْ - gür» قوشۇمچىلىرى ساپ پېئىللار بابىدىكى ئوتتۇمسىز پېئىللارنىلا ئوتتۇملۇككە ئايلاندۇرىدۇ. مەسىلەن: «قُشْ اُچْدِي kux uqdi — قۇش ئۇچتى» ئىبارىسىدىكى پېئىلدىن «اُچُرْدِي uqurdi — ئۇچۇردى» دەپ ياسالغىنىدا، «اُلُكْ تِرِلْدِي ølüg — tirildi ئۆلۈك تىرىلدى» ئىبارىسىدىكى پېئىلدىن «تَنْكْرِي تِرْكُرْدِي — tənri tirgürdi تەڭرى تىرىلدۈردى» دەپ ياسالغىنىدا، «اَرْ تُذْتِي ər tözti — ئادەم تويدى» ئىبارىسىدىكى پېئىلدىن «اُلْ تُذْغُرْدِي ol tözƣurdi — ئۇ تويدۇردى» دەپ ياسالغىنىدا ئوخشاش. مۇزائەف بابلە - رىدىكى ھەممە پېئىللارنىڭ قائىدىسى مۇشۇنداق بولىدۇ.

مەلقۇس تۈرىدىكى ئىشلىگۈچى ئۆزى ئورۇنلىغان توت ھەرپلىك پېئىلنى مەجبۇرى دەرىجىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا «ت - t» قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. مۇنداق پېئىلدا ھەرىكەتنى ئىشلىگۈچى شەخس ئىككى بولىدۇ، ھەرىكەتنى قوبۇل قىلغۇچى بىر بولىدۇ. ئىشلىگۈچى شەخس - نىڭ بىرى بۇيرۇق قىلغۇچى، ئىككىنچىسى ھەرىكەتنى ئىجرا قىلغۇچى بولىدۇ. مەسىلەن: «اَرْ بِتِكْ بِتِيدِي ər — bitik bitidi ئادەم پۈتۈك پۈتتى» دېسەك، بۇ پېئىلدا

ئىپادىلەنگەن ھەركەتنى ئىشلىگۈچى بىر بولۇپ، ھەركەتنى قوبۇل قىلغۇچىمۇ بىردۇر. ئەگەر «اُلْ اَنَكَرْ بِتِكْ بِتِتّي — ol aŋar bitik bititti — ئۇ ئۇنىڭغا پۈتۈك پۈتكۈزدى» دېسەك، بۇ پېئىلدا ئىشلىگۈچى شەخس ئىككى، ھەركەتنى قوبۇل قىلغۇچى بىردۇر. «اَرْ بِجاكْ بِلادي ər — piqək bilədi ئادەم پىچاق بىلىدى» دېگەندىكى پېئىلمۇ شۇنداق. بۇ پېئىل مەجبۇرى دەرىجىگە ئايلاندۇرۇلسا، «بِلَتّي bilətti — بىلەتتى» بولىدۇ.

ئىككىنچىسى، ئەسلى مۇشۇ باپقا كىرسىمۇ، يۇقۇرىدىكى مەنىلەرنىڭ ھېچقايسىسىنى ئاگلاتمايدىغان پېئىللار. «تامْ اَمِتّي tam əmitti — تام (ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر) قىيسايدى»، «اَرْ سوزْ اُنِتّي ər soz unitti — ئادەم سۆزنى ئۇنۇتتى» دېگەنلەرگە ئوخشاش.

## بۇ باپتىكى مەنقۇسلار

بَيُتّي bayutti بېيىتتى، باي قىلدى. تَنْكْرِي مَنِي بَيُتّي —təŋri məni bayutti تەڭرى مېنى بېيىتتى (بَيُتُورْ - بَيُتْماقْ (bayutur - bayutmak.

تَيِتّي tayitti تايدۇردى، تېيىلدۇردى. اُلْ اَنِي سُفْقا تَيِتّي

ـ ol ani suvka tayitti ئۇ ئۇنى سۇغا تايدۇردى (تَيِتُورْ ـ تَيِتْماق — tayitur — tayitmak). ھەرقانداق بىر كىشى بىر نەرسىنى تايدۇرسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

قُيِتّى kuyutti ئۈركۈتتى. اُلْ اَتِغْ قُيِتّى —ol atiq kuyutti ئۇ ئاتنى ئۈركۈتتى (قُيِتُورْ ـ قُيِتْماقْ ـ kuyutur — kuyutmak)①.

## بۇ باپتىكى غۇننىلىكلەر

تُنِكْتى tüŋitti ئەگدى، ئېگىشتۇردى. اَرْ بَشِنْ تُنِكْتى — ər baxin tüŋitti ئادەم بېشىنى ئېگىشتۇردى، ئەگدى (تُنِكْتُورْ ـ تُنِكْتْماكْ — tüŋitür — tüŋitmək).

تُنِكْتى tüŋitti اَرْ اُقِنْ تُنِكْتى — ər okin tüŋitti ئادەم ئوقىنى ئاسمانلىق قەرىگە ئاتتى (تُنِكْتُورْ ـ تُنِكْتْماكْ — tüŋitür — tüŋitmək).

كَنُكْتى kəŋütti كېڭەيتتى. اَرْ اَفِنْ كَنُكْتى — ər əvin

---

① يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلنىڭ ھەر ئۈچىلا شەكلىدە «ى ـ يا» ھەرپى ھەم زەممىلىك، ھەم كەسرىلىك يېزىلغان. بىز زەممىنى ئىناۋەتلىك ھېسابلىدۇق.

kəŋütti ئادەم ئۆينى كېڭەيتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق
(كَنكُتُورْ - كينكُتْماكْ kəŋütmək - kəŋütür).

## بۇ باپتىكى مىساللار

يِنكّتي yiŋitti مىشقىردى. أَرْ يِنكَتي ər yiŋitti — ئادەم
مىشقىردى. بۇنىڭ ئەسلى «يِنْكْ آتّي yiŋ atti — ماڭغا
تاشلىدى» دۇر (يِنكُتُورْ - يِنكْتماكْ yiŋtmək - yiŋitür).
يُنكَتّي yoŋatti چاقتى، چېقىشتۇردى. أُلْ أَني بَكّا يُنكَتّي ol—
anï bəgkə yoŋattï ئۇ ئۇنى بەككە چاقتى. باشقىسىغا
چاقىسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (يُنكاتُورْ - يُنكاتْماقْ[1]
yoŋatmak - yoŋatur).

ئۈچ ھەرپلىكلەر باپلىرى تۈگىدى.

---

① يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلنىڭ مەستىرى ئاۋال «ك - k» بىلەن يېزىلىپ، كېيىن «ق - k» غا ئۆزگەرتىلگەن. بىز بۇ پېئىلنى يازما نۇسخا 608 - بەتتە «چېقىمچى» مەنىسىدە كەلگەن «يُنكاغ yoŋaq» بىلەن بىر يىلتىزدىن ھېساپلاپ، مەستەرنى ئۆزگەرتىلگىنى بويىچە «ق - k» بىلەن ئالدۇق.

# تۆت ھەرپلىكلەر باپلىرى

## فَعْلَنْدِي fə'ləndi شەكلىدە ھەر خىل ھەرىكە بىلەن «د ـ d» ھەرپى تەشدىتلىك كېلىدىغان سۆزلەر بابى[1]

بُرْبَتِّي burbatti چىگىشلەتتى، كىچىكتۇردى. اُلْ اَنِيڭْ اِيشِنْ بُرْبَتِّي ol aniŋ ixin burbatti — ئۇ ئۇنىڭ ئىشىنى (چىگىشلەشتۇرۇپ) كىچىكتۇردى (بُرْبَتُرْ ـ بُرْبَتْمَاقْ burbatur – burbatmak).

تُرْبِتِّي türpitti تۈرپىكلەتتى، چوپىسلاتتى، سىلفايىتتۇردى. اُلْ مُنْكُزْ تُرْبِتِّي ol müŋüz türpitti — ئۇ مۈڭگۈز چوپىسلاتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (تُرْبِتُرْ ـ تُرْبِتْمَاكْ türpitür – türpitmək).

بَغْدَتِّي baqdatti چاپۇتلاتتى، چىماق سالدۇردى. اُلْ

[1] ئاپتور بۇ يەردە «فَعْلَنْدِي» ۋەزنىدىكى «د ـ d» ھەرپىنىڭ ئورنىغا كەلگەن ھەرپنى كۆزدە تۇتىدۇ.

اَنِكْ اَذاقِنْ بَغْدَتّي — ol aniŋ ažakïn baqdatti
ئۇ ئۇنىڭ ئايىغىنى چاپۇتىلاتتى (بَغْدَتُورْ ـ بَغْدَتْماقْ baqdatur – baqdatmak).

سِخْتَتّي sïhtatti يىغلاتتى. اُلْ اَنِي سِخْتَتّي ol anï sïhtatti — ئۇ ئۇنى يىغلاتتى. بۇ سۆز «سِغْدَدْتي sïqdadtï» مۇ دېيىلىدۇ (سِخْتَتُورْ ـ سِخْتَتْماقْ sïhtatur – sïhtatmak).

كُكْلَتّي kөklətti كوكلەتتى. اُلْ اَذَرْ يَلِغِنْ كُكْلَتّي ol ažər yalïqïn kөkl$^{ə}$tti — ئۇ ئېگەرنىڭ قاشلىرىنى كوكلەتتى (كُكْلَتُورْ ـ كُكْلَتْماكْ kөklətür – kөklətmək). بۇ سۆز «كُكْدَدْتي kөkdədti» مۇ دېيىلىدۇ.

سُرْجِتّي sürqitti مۇدۇرتتى، سۈرۈندۈردى. اُلْ اَتِنْ سُرْجِتّي ol atïn sürqitti — ئۇ ئېتىنى سۈرۈندۈردى. ئاتتىن باشقا نەرسىلەرنى سۈرۈندۈرۈشكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (سُرْجِتُورْ ـ سُرْجِتْماكْ① sürqitür – sürqitmək).

① يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلنىڭ مەسترى ئاۋال «ق – k» بىلەن يېزىلىپ، كېيىن «ك – k» گە ئۆزگەرتىلگەن. بىز بۇ پېئىلنىڭ يازما نۇسخا 626 – بەتتىكى ئاددى دەرىجىسىنىڭ مەسترى «ك – k» بىلەن كەلگەنلىكىگە ئاساسەن، كېيىن ئۆزگەرتىلگەن شەكلىنى توغرا تاپتۇق.

قِرْقَتّى kïrqatti قىرچىتتى، چەرپىتتى، سۈردۈردى. اُلْ اَنِكْ

قاشِنْ قِرْقَتّى — ئۇ — ol aniŋ kaxïn kïrqattï (تاش

ئېتىپ) ئۇنىڭ قېشىنى قىرچىتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق

شېبردا مۇنداق كەلگەن:

اَلِكِمْ اَرِغْ قِرْقَتُرْ اُقْ بَشَقِى
اُنْمِشْ اُلُغْ تَرْنَكَكْ اُزَا كُبْ قَشَقِى

əlikim ariɣ kïrqatur ok bäxaki
ünmix uluɣ tərŋək üzə kɵp kaxaki

[ئوق باشقى قولۇمنى راسا قىرچىتۇر،
كوپ قومۇشلۇق چوڭ سازلىقتا (كېتىپ بارىمەن).]

ئوقنىڭ باشقى قولۇمنى سۈرۈپ، پۈتۈنلەي يارا

قىلىۋېتىدۇ، مەن بولسام سىزىندى سۇلار توپلانغان يەر

(سازلىق) دە ئوسكەن قاشاق - قومۇشلۇق ئاربىسىدا كې-

تىپ بارىمەن(قِرْقَتُرْ - قِرْقَتْماقْ kïrqatur-kïrqatmak).

اُقْ اَماجِغْ قِرْقَتّى ok amaqïɣ kïrqatti — ئوق نىشاننى

قىرچىپ كەتتى.

تُرْقِتّى türqitti باشلاتتى. اُلْ اَنكَرْ اِيشْ تُرْقِتّى ol —

ئۇ ئۇنىڭغا ئىش باشلاتتى aŋar ïx türqitti (تۈرجىتۈر ـ تۈرجىتماك türqitür ـ türqitmək).

قَفْجِتّى kafqïtti تەر قىلدى، چىشىغا تەگدى. اُلْ اَنِي قَفْجِتّي ol ani kafqïtti — ئۇ ئۇنى تەر قىلدى، يەنى ئۇنى زادى قىلمايمەن دېگەن بىر ئىشنى قىلىشقا قوزغىدى. اُغْلانْ اَرِينِي قَفْجِتّي oqlan arïnï kafqïtti — بالا ھەرىنىڭ چىشىغا تەگدى. اَرِي قَفْجِتْسا اِسْرُورْ arï — ھەرىنىڭ چىشىغا تەگسە چاقىدۇ. بۇ kafqïtsa ïsrur ماقال پىتنىنى كىم قوزغىسا، پىتنە ئۇنىڭ ئۆز بېشىغا چۈشىدىغانلىقىغا قارىتىپ ئېيتىلىدۇ (قَفْجِتُورْ ـ قَفْجِتْماقْ kafqïtur ـ kafqïtmak).

تَفْجِتّي təfqitti تەپچۈتتى، تەپچۈتۈپ تىكتۈردى. اُلْ تُونِنْ تَفْجِتّي ol tonïn təfqitti — ئۇ تونىنى تەپچۈتتى (تَفْجِتُورْ ـ تَفْجِتْماكْ təfqitür ـ təfqitmək).

تَبْرَتّي təbrətti تەۋرەتتى؛ ئېتىلدى. اُلْ تَبْرَتّي نانْكْنِي ol— ئۇ بىر نەرسىنى تەۋرەتتى (تَبْرَتُورْ ـ təbrətti nəŋni تَبْرَتْماكْ təbrətür ـ təbrətmək). اَرْ يَغِيقا تَبْرَتّي

ər yaoqika təbrətti — ئادەم دۈشمەنگە ئېتىلدى.

تَبْرَتّي təprətti لوكۇلداتتى، سەكرەتتى. اَرْ تَفَيسِنْ تَبْرَتّي — ər təvəsin təprətti — ئادەم تۇگىسىنى سەكرەتتى. تۇگىنى ئادەمدىن باشقا نەرسە سەكرەتسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (تَبْرَتُورْ - تَبْرَتْماكْ təprətür - təprətmək).

بۇ سۆز تۇگىدىن باشقا نەرسىگە ئىشلىتىلمەيدۇ.

تُبْرَتّي topratti توپا چىقىرىۋەتتى، توپىسىنى توزۇتتى. قُوي اُتُغْ تُبْرَتّي — koy otuq topratti — قوي ئوتنى قىرقىشلاپ يىدى، يەنى قوي يەردە ھېچنەرسە قالدۇرماي يەپ، يەرنىڭ توپىسىنى توزۇتۇۋېتەي دىدى (تُبْرَتُورْ - تُبْرَتْماقْ topratur - topratmak)①.

تُغْرَتّي toqratti توغراتتى. اُلْ اَنُكَرْ اَتْ تُغْرَتّي — ol aŋar ət toqratti — ئۇ ئۇنىڭغا ئەت توغراتتى. يېيىلمەيدىغان نەرسىلەردە بۇ سۆز قوللىنىلمايدۇ (تُغْرَتُورْ - تُغْرَتْماقْ toqratur - toqratmak).

---

① يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلنىڭ مەستەر شەكلى ئاۋال «ك – k» يېزىلىپ، كېيىن «ق – k» قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. بىز بۇ پېئىلنىڭ يازما نۇسخا 369 - بەتتىكى ئۆملۈك دەرىجىسى، 566 - بەتتىكى ئاددى دەرىجىسىنىڭ مەستەر شەكلىگە قاراپ، بۇ يەردىمۇ «ق - k» بىلەن ئالدۇق.

تَفْرَتّي tavratti ئالدىرىدى، ئالدىراتتى. اَرْ تَفْرَتّي *ar* —

*tavratti* ئادەم (ئۆزىنى) ئالدىراتتى (تَفْرَتُور- تَفْرَتْماق
(*tavratur - tavratmak*).

تَفْرَتّي tavratti تولىدى، ئېگىردى، ئېگىرەتتى. اُراغُتْ يِبْ
تَفْرَتّي *uraqut yip tavratti* — خوتۇن يىپ
تولىدى، يىپ ئېگىرەتتى.

تِغْرَتّي tiqratti دىقراتتى، قەيسەرلەشتۈردى، چېنىقتۇردى. اُغْلِنْ
اِيشْقا تِغْرَتّي *oqlin ixka tiqratti* — ئوغلىنى ئىشقا
قەيسەرلەشتۈردى، يەنى ئوغلىنى ھەرقانداق ئىشنى
قىلالايدىغان قىلىپ چېنىقتۇردى (تِغْرَتُور- تِغْرَتْماق
(*tiqratur - tiqratmak*).

تِكْرَتّي tigrətti قاتراتتى، تېز يۈرگۈزدى. اُلْ آتِنْ تِكْرَتّي
*ol atin tigrətti* — ئۇ ئېتىنى تېز يۈرگۈزدى.
«اُلْ اُغْلِني تِكْرَتّي *ol oqlini tigrətti*» مۇ دېيىلىدۇ.
بۇ سۆز «غ - *q*» بىلەنمۇ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ (تِكْرَتُور-
تِكْرَتْماكْ *tigrətür - tigrətmək*).

سَجْرَتّي saqratti چاچراتتى. اُلْ مَنْكا سوڤ سَجْرَتّي *ol* —

*maŋa suv saqratti* ئۇ ماڭا سۇ چاچراتتى، ئۇ ماڭا
سۇ چاچرىتىپ قويدى. بۇ سۆز بىر قاچىدىن بىر قاچىغا
سۇ، ياغ ياكى ھەرقانداق سۇيۇقلۇق قۇيۇلغاندا، ئۇنىڭ
چاچراپ چاپانغا ۋە باشقا نەرسىلەرگە تەگكىنىگە ئىيتى-
لىدۇ. شۇنىڭدەك بىر كىم ئوتۇن سۇندۇرغاندا، ئوتۇن
پارچىسىنىڭ چاچراپ چىقىشىغىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

توزاقنىڭ بىر خىلى «سَجرَتغُو *saqratoqu* — ساچراتقۇ»
دېيىلىدۇ. بۇ مۇنداق بولىدۇ: ئىككى چۇۋىقنىڭ ئىككى
بېشى چىگىلىپ، ئىلغۇلار بەكىتىلگەن يىپ بىلەن باغلى-
نىدۇ. ئاندىن توپىغا كۆمۈپ، توپىسىگە دان چېچىپ قو-
يۇلىدۇ. قۇش دانلىغىلى چۈشۈش بىلەن ئىلغۇ بويىنىدىن،
يا پۇتىدىن ئىلىۋالىدۇ. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن:

سَجرَتغُودِن قورقمِش قُش قِرق يِيل آذرِي يِغاج ازا قنماس
— *saqratoqudïn korkmïx kux kïrk yïl azrï*
*yïoqaq üzə konmas* ساچراتقۇدىن بىر قېتىم قورققان
قۇش قىرىق يىلغىچە ئاچا ياغاچ ئۈستىگە قونماس. بۇ
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «لايلسع المؤمن من جحر
مرّتين» دېگەن سۆزىگە ئوخشايدۇ (سَجرتُور - سَجرتماق
*(saqratur - saqratmak*).

سَدْرَتّي sədrətti شالاڭلاتتى، سىرەكلەشتۈردى، سۇزۇلدۇردى.

اُلْ تونُغ سَدْرَتّي *ol tonuq sədrətti* — ئۇ توننى سۇزۇلدۇ-

دۇردى. اُلْ كِشِىنِى سَدْرَتّى — ol kixini sədrətti ئۇ كىشلەرنى شالاڭلاتتى، يەنى كىشلەردىكى قىستاڭچىلىقنى ئازايتتى. ھەرقانداق نەرسىنىڭ زىچلىقىنى ئازايتسا ۋە يېنىكلەتسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (سَدْرَتُور - سَدْرَتْماك sədrətür - sədrətmək).

سُغْرَتّى soqratti تەكشۈردى، تىنتىدى. اُلْ اَنِاڭْ اَڤِنْ سُغْرَتّى — ol aniŋ əvin soqratti ئۇ ئۇنىڭ ئۆيىنى تىنتىدى، ئۆيىدىكى ھەممە نەرسىنى كۆردى (سغرتور- سغرتماق soqratur - soqratmak[1]).

سُڤْرِتّى süvritti ئۇچلىدى، ئۆتكۈر قىلدى. اُلْ يِغاجِغْ سُڤْرِتّى — ol yiqaqiq süvritti ئۇ ياغاچنى ئۇچلىدى، يەنى ياغاچ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئۇچلىدى. ئۆتكۈرلەتسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (سُڤْرِتُور - سُڤْرِتْماك süvritür - süvritmək).

سَڤْرِتّى səvritti بوشاتتى. اُلْ اَڤِنْ سَڤْرِتّى — ol əvin səvritti ئۇ ئۆيىنى بوشاتتى، يەنى ئۆيىنى مال - مۈلۈكتىن

① يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلنىڭ كەلگۈسى زامان ۋە مەستەر شەكلى «سغرتور- سغرتماق» شەكلىدە يېزىلغان. بىز ئۇنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلىگە ئاساسەن، بۇ يەردە «soqratur - soqratmak» دەپ ئالدۇق.

بوشاتتى. اُلْ اِيشِنْ سَفْرِتّي *ol ixin səvritti* — ئۇ ئىشنى پۈتتۈردى ۋە ئىشتىن قولنى بوشاتتى (سَفْرِتُورْ - سَفْرِتْماكْ *səvritür - səvritmək*).

